# «بىز خۇددى ئۇرۇشتىكى دۈشمەنلەردەك بولۇپ قالدۇق»

خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ، تەن جازاسى بېرىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشلىرى



AMNESTY INTERNATIONAL

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بولسا ھەر بىر كىشىنىڭ ئىنسانلىقنى پائال ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ۋە بۇ ئارقىلىق ھەممە كىشىلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلىدىغان 10 مىليون ئادەمدىن تەركىپ تاپقان قوشۇندۇر.

بىزنىڭ نىشانىمىز بولسا ھاكىمىيەتلەر ئۆز ۋەدىلىرىگە رىئايە قىلغان، خەلقئارالىق قانۇنلارغا ھۆرمەت قىلىنغان ۋە ئۆز قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرەلەيدىغان بىر دۇنيانى بەرپا قىلىشتۇر.

بىز ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت، سىياسىي مەپكۇرە، ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە دىندىن خالى بولغان ھالدا ئىقتىساد مەنبەلىرىمىزنى ئاساسلىق ئۆزىمىزنىڭ ئەزالىرىغا ۋە كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىئانىلىرىگە تايىنىپ ھەل قىلىمىز.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھەممىمىز ھەممە يەردە ئۇيۇشۇپ ۋە ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىكتە ھەركەت قىلساق، بىز جەمئىيىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

*رەسىملەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى: ختاينىڭ شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا بىخەتەرلىك خادىملىرى ناھايىتى كۆپ ئەر مەھبۇسلارنى نازارەت قىلماقتا.*
*@موللي كراباپپله*

مەزكۇر دوكلاتتىكى قىستۇرما رەسىملەر
Molly Crabapple ©
تەرىپىدىن ئىشلەندى

INDEX: ASA 17/4137/2021

مەزكۇر دوكلات ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىندى

amnesty.org

AMNESTY INTERNATIONAL

@ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2021

چۈشەنچە بېرىلگەندىن باشقا بىر ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر دوكلاتتىكى مەزمۇنلار ئىجادىيەت نەشر ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشىدا يەنى ئادەتتىكى ئورتاق ئىجادىيەت - كرەئاتىۋە كوممونس (خاس ئىجادىيەت، تىجارىي بولمىغان ۋە ئۆزگەرتىلمىگەن مەزمۇنلار، خەلقئارالىق 4.0) ھوقۇقلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ.
https://creativecommons.org/licenses/by-nc-nd/4.0/legalcode


تېخىمۇ كوپ ئۇچۇرلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ تور بېكىتىمىزنىڭ يول قويۇلىدىغان ئىشلارغا ئائىت سەھىپىسىنى زىيارەت قىلىڭ:
www.amnesty.org

مەزكۇر ماتېرىياللار خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ نەشر ھوقۇقىغا مەنسۇپ مەنسۇپ بولۇپ، ئادەتتىكى ئورتاق ئىجادىيەت ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

تۇنجى قېتىم خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەرىپىدىن 2021-يىلى نەشر قىلىندى.
Peter Benenson House, 1 Easton Street
London WC1X 0DW, UK

# «بىز خۇددى ئۇرۇشتىكى دۈشمەنلەردەك بولۇپ قالدۇق»

خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، تەن جازاسى بېرىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشلىرى




ئېلان تاختىسىغا مۇنداق يېزىلغان «ئاممىۋى سورۇنلاردا ناماز ئوقۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ». بۇ خىلدىكى ئېلانلار ۋە ئېلان تاختايلىرى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان.

# مۇندەرىجە


**ئاساسى مەزمۇنى** 7

**قوللىنىلغان مېتودلار** 41

**1. ئارقا كۆرۈنۈش** 81

1.1. شىنجاڭنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى 81

2.1. 1980-يىللاردىن 2016- يىلغىچە تەكرار داۋام قىلغان كەمسىتىلىش ، زوراۋانلىق ۋە باستۇرۇشلار 91

**2. ئىرقىي كىملىككە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇش ۋە يوقىتىش** 52

1.2. 2017- يىلىدىن بۇيان جازا لاگېرلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىنسان ھەقلىرى زوراۋانلىقلىرى 72

2.2. دىنىي ئەركىنلىك ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن چەكلىمىلەر ھەققىدە گۇۋاھلىقلار 72

3.2. مۇكەممەل نازارەت قىلىش دۆلىتى 53

**3. خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش** 84

1.3. خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش 84

2.3. ساقچىخانىدىكى سوراقلار 75

3.3. تىببىي تەكشۈرۈش ۋە بىئولوگىيىلىك ئۇچۇر يىغىش 95

**4. يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ئىچىدىكى ھايات** 36

1.4. تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتلىرى 36

2.4. كۈندىلىك ھايات تەرتىپلىرى 96

3.4. 'يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى 'تەربىيىلەش' 08

4.4. رازىلىقسىز ئېلىپ بېرىلغان ساقلىقنى- ساقلاش خىزمەتلىرى 19

**5. يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى قىيناش** 69

1.5. يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر 89

2.5. ئامان قالغۇچىلارنىڭ تەن جازاسى ۋە باشقا خورلۇقلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى 001

3.5. شاھىتلارنىڭ قىيناش ۋە باشقا قەبىھ مۇئامىلىلەر ھەققىدىكى ئىسپاتلىرى 701

**6. يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن كېيىنكى ھايات** 111

1.6. يىغىۋېلىش لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلىش جەريانى 111

2.6. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى قويۇپ بېرىلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى 311

3.6. سابىق تۇتقۇنلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇچرىغان مۇئامىلىلەر 811

4.6. 'لاگېردىن ئەمگەككىچە' 621


5.6. 'لاگېردىن تۈرمىگە' 921

**7. خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى تۈزۈلمىلەر** 241

1.7. تۈرمىگە سولاش ، قىيناش ۋە زۇلۇم قىلىش قاتارلىق ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ دەلىلى 241

2.7. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان باشقا ئىسپاتلار 941

**8. خۇلاسە ۋە تەكلىپلەر** 251



KAZAKHSTAN
MONGOLIA
Urumqi
Kumul
KYRGYZSTAN
Kuqa
Korla
Aksu
Kashgar
XINJIANG, CHINA
GANSU, CHINA
TAJIKISTAN
QINGHAI, CHINA
Hetian
PAKISTAN
TIBET, CHINA
INDIA

# ئاساسى مەزمۇنى

2017- يىلدىن باشلاپ ، خىتاي ھۆكۈمىتى«تېرورلۇق» قا قارشى تۇرۇش قالپىقى ئاستىدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى (شىنجاڭ) مۇسۇلمانلارغا قارىتا كەڭ-كۆلەملىك ۋە سىستېمىلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارماقتا. ھۆكۈمەتنىڭ تۇتقان يولى تېرورلۇق تەھدىتىگە قارىتا قانۇنلۇق ئىنكاس قايتۇرۇش بولماستىن ، بەلكى كوللېكتىپ ھالدا شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئاساس قىلغان ، چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ۋە تەھدىت ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي دىنىنىي ئېتىقادى ۋە تۈركى - مۇسۇلمانلىق ئېتنىك مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش نىيىتىنى ئاشكارىلىماقتا. ھۆكۈمەت دۆلەت ئېتىراپ قىلىدىغان دىنسىز كۆز قاراشلارنى بۇ ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئورنىغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ، ئوخشاش بىر تىلغا ، مەدەنىيەتكە ئىگە ھەم خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىگە ھەر دائىم سادىق بولىدىغان بىرلىككە كەلگەن خىتاي مىللىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلماقتا.

بۇ سىياسىي سىڭدۈرۈش ۋە مەجبۇرى مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت خالىغانچە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنى قانات يايدۇردى. مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردىن بولغان ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئەر-ئاياللار تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇلار تۈرمىلەرگە قامىغان يۈز مىڭلىغان كىشىلەر ، شۇنداقلا ئاتالمىش ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاتىلىۋاتقان «تەربىيىلەش ياكى «مائارىپ» نامىدىكى مەركەزلەرگە قامالغان بولۇپ ، بۇ كىشىلەرنىڭ سانى يۈز مىڭ ھەتتا بىر مىليوندىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئورۇنلارنى ئەڭ توغرىسى «يىغىۋېلىش لاگېرى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ لاگېرلاردىكى تۇتقۇنلار ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەشكە دۇچار بولۇپلا قالماستىن ، يەنە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قىيناش ۋە تۈرلۈك زۇلۇم ۋە خورلۇقلارغا ئۇچرايدۇ.

يىغىۋېلىش لاگىرى سېستىمىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ئاسمىلياتسىيە قىلىشتەك زور ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى. خىتاي ھۆكۈمىتى شجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق چەكلەيدىغان باشقا كەڭ دائىرىلىك تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ماقۇللىدى. بۇ سىياسەتلەر نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى تەرۇز قىلغان بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئەركىنلىكى ، شەخسىي مەخپىيەتلىكى ، سەپەر قىلىش ئەركىنلىكى ، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى ، چۈشەنچە ، غورۇر ، ئېتىقاد ۋە بىلىش ئەركىنلىكلىرى ؛ كەمسىتىلىشتىن خالى بولغان باراۋەر ۋە مەدەنىيەت كىملىكلىرى بىلەن ياشاش ھوقۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەخلى تەرۇزلار شۇنچىلىك كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان ۋە سېستىمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ ، بۇ قىلمىشلار شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان مىليۇنلىغان مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ، توختۇتۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر رەھىمسىز رىئاللىققا ئايلانماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك توغرا ئۇچۇرلارنىڭ ئىگىلىنىپ ، ھۆججەتلەشتۈرۈلۈشنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن رادىكال بولغان چەكلەش تەدبىرلەرنى ئالغاچقا ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ناھايىتى قىيىن بولماقتا. 2019-يىلى ئۆكتەبىردىن 2021-يىلى مايغىچە ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى سابىق مەھبۇسلار ۋە 2017- يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدا تۇرغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بۇرۇن خەلققە ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلىمىگەن ئىدى. بولۇپمۇ 2017-يىلىدىن بۇيان ، سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بەرگەن ئاممىۋي گۇۋاھلىقلىرى ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلىغان بولۇپ ، بۇ بارلىق ئاممىۋي گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرىنىڭ زور بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى توپلىغان دەلىل - ئىسپاتلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئازدىگەندە تۆۋەندىكىدەك ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىقىنى پاكىتلار ئاساسىدىكى يەكۈن بىلەن تەمىنلەيدۇ: خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۈرمىگە تاشلاش ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش، قىيناش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش.**

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئەينى ۋاقىتتا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلىپ ، كېيىن قويۇپ بېرىلگەن 55 كىشىنى زىيارەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ھەرىكەتلەر ، مەنتىقلىق ئۆلچەملەرگە چۈشىدىغان ئىشلار تۈپەيلى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ ، يەنى خەلقئارادا ئېتىراپ ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن تۇرۇقلۇق تۇتۇلغان. بۇ يىغىۋېلىش لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇش قىلمىشلىرى خىتاي جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسى ياكى باشقا يەرلىك قانۇننىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. رەسمىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ھۆججەتلەر ۋە بايانلارغا قارىغاندا ، لاگېردىكى كىشىلەر «ئىختىيارىي» كەلگەن بولۇپ ، جىنايەتچى بولمىغاچقا ، ئۇلارغا جىنايى ئىشلار قانۇن تەرتىپىنى قوللىنىش نامۇۋاپىق دەپ قارىلىدىكەن. بۇ دوكلاتتا بايان قىلىنغان گۇۋاھلىقلار ۋە باشقا دەلىل-ئىسپاتلاردا شۇنى كۆرسىتىدىكى ، لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلغانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەنلەر بولماستىن ، يەنە ئۇ يەردىكى شارائىتلار ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمەتنى خورلىغانلىق قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش خىزمىتىگە قاتناشقان ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ئايمان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەشكىلاتىغا 2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ساقچىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيلا كىشىلەرنى ئۆيلىرىدىن قانداق ئېلىپ كەتكەنلىكى ، تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى ۋە ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ بۇ ئىشتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن:

**«مەن شۇ يەردە ئىدىم... ساقچىلار كىشىلەرنى ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى... ئۇلارنىڭ قوللىرى كەينىگە قايرىلىپ، كوزىزا سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار ئىدى... ھەم ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قارا خالتىلار كىيدۈرۈلگەن ئىدى... ھېچكىم قارشىلىق كۆستەلمەيتتى. بىر توپ ساقچىلارنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۆيىڭىزگە كىرگىنىنى، قولىڭىزغا كويزا سالغىنىنى ۋە بېشىڭىزغا قارا خالتا كىيدۈرگىنىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭ، بۇ ناھايىتىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى... كېيىن مەن يىغلىدىم... شۇ كۈنى بىز 60 كىشىنى تۇتۇپ كەلدۇق... بۇ پەقەت بىرلا رايوندا تۇتۇلغان كىشىلەر بولۇپ (يەنە باشقا جايلاردا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنىۋاتاتتى)، ئۇلار ھەر كۈنى ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى تۇتاتتى».**

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان شەخسلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ئېيتىلمايدىغان بولۇپ ، كۆپىنچە ھالدا كونكرېت ھەرىكەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن. تۇتۇلغانلارنىڭ بولسا «گۇمانلىق» ، «ئىشەنچسىز» ، «تېررورچى» ياكى «ئاشقۇن» دەپ ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدىغان. كونكرېت ھەرىكەتلەر تىلغا ئېلىنغاندا ، ئۇلار ئادەتتە بىر نەچچە كاتېگورىيەلەرگە چۈشىدىكەن. بىر تۈرى چەتئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان تۇتقۇن قىلىنغان مەھبۇسلار چەتئەلدە ياشىغانلىقى ، ساياھەتكە چىققانلىقى ، ئوقۇغانلىقى ياكى چەتئەلدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەن. ھەتتا نۇرغۇنلىغان تۇتقۇنلار ناھايىتى ئاددى ھالدا چەتئەلگە چىققان ، ياشىغان ، ئوقۇغان كىشىلەر بىلەن ياكى چەتئەلدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە «باغلىنىشى» بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇتۇپ كېتىلگەن. يەنە بىر تۈركۈملىرى بولسا قانۇنسىز يۇمشاق دېتاللار ياكى رەقەملىك ئالاقە تېخنىكىلىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك تۇتۇلغان. يەنە نۇرغۇنلىغان مەھبۇسلار تېلېفونلىرىدا چەكلەنگەن يۇمشاق دېتال ئەپلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلغان. يەنە بىر ئومۇملاشقان ساھە بولسا ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولۇپ ، سابىق تۇتقۇنلارنىڭ مەسچىتتە ئىشلىشى ، ئىبادەت قىلىشى ، ئۆيىدە جايناماز بولۇشى ياكى دىنىي تېمىدىكى رەسىم ياكى ۋىدېئونى ساقلىشى قاتارلىق ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر سەۋەبىدىن لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەن.

ژۇرنالىستلار ، باشقا تەشكىلاتلار توپلىغان تۈرلۈك گۇۋاھلىق ۋە ھۆججەتلىك ئىسپاتلا بىلەن ماس قەدەمدە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ توپلىغان گۇۋاھلىق ئىسپاتى شۇنى دەلىللەيدىكى ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى كۆپىنچە ھالدا «جەمئىيەت ئىجتىمائىي باغلىنىش گۇناھلىرى» بار دەپ قارىلىش ئاساسىدا قولغا ئېلىنغان. بۇ كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىدىغان جىنايەتلەر ئۆتكەزمىگە بولۇپ ، پەقەت ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى ۋەياكى شۇنداق دەپ قارالغان ئالاقىلىرى بار دەپ شىكايەت قىلىنغان مۇناسىۋەتلىرى ، ئائىلىسى ، دوستلىرى ياكى جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى سەۋەب قىلىنىش ئارقىلىق تۇتقۇن قىلىنغان.

يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى بارلىق تۇتقۇنلار توختىماي سىياسىي مېڭە يۇيۇش تەربىيىسىگە دۇچار بولىدۇ ، شۇنداقلا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قىيناش ۋە باشقا شەكىلدىكى تۈرلۈك خورلۇقلارغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار لاگېرغا كىرگەندىن باشلاپ ، تۇتقۇنلارنىڭ تۇرمۇشى ئادەتتىن تاشقىرى تۈزۈملەر بىلەن باشقۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىنىپ ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى باشقىلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. لاگېر باشقۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەنگەن قائىدە- تۈزۈملەردىن ئازراقلا يىراقلاشقان تۇتقۇنلار ، گەرچە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق گۇناھلىرى بولمىسىمۇ دائىم ياتاقداشلىرى بىلەن بىللە تەنبىھلىنىدۇ ۋە جىسمانىي جازالارغا ئۇچرايدۇ.

مەھبۇسلارنىڭ شەخسىي ھاياتى يوق ، ئۇلار تاماق يېگەندە ، ئۇخلىغاندا ۋە ھەتتا ھاجەتخانىغا ئولتۇرغاندىمۇ ۋاقتىدىمۇ كۆزىتىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقا مەھبۇسلار بىلەن ئەركىن پاراڭلىشىشى چەكلەنگەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ، گۈندىپايلارغا ياكى ئوقۇتقۇچىلارغا گەپ قىلىشىغا

رۇخسەت قىلىنغاندىمۇ، خىتايچە سۆزلىشى تەلەپ قىلىنغان. ياشانغانلار ۋە شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدىن كەلگەنلەر خىتايچە سۆزلىيەلمەيدۇ ياكى چۈشىنەلمەيدۇ. مەھبۇسلار خىتاي تىلىدىن باشقا تىلدا گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن جىسمانىي جازالارغا ئۇچرايدۇ.

ئۇ يەردە يېمەكلىك، سۇ، ھەرىكەت، ساقلىق ساقلاش، تازىلىق ۋە تازىلىق شارائىتى، ساپ ھاۋا ۋە تەبىئىي يورۇق چۈششى قاتارلىق شارائىتلار يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشىغا قاتتىق چەك قويۇلغان. بارلىق مەھبۇسلار ھەر كۈنى كەچتە بىر ياكى ئىككى سائەتلىك نۆۋەتچىلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ مەھبۇسداشلىرىنى كۆزىتىپ «خىزمەت قىلىشى» تەلەپ قىلىنغان. نۇرغۇن سابىق تۇتقۇنلار ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار جازا لاگېرىغا كەلگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىر نەچچە كۈن، ھەپتە ياكى بەزىدە نەچچە ئايغىچە، پۈتۈن كۈن دېگۈدەك ھېچ ئىش قىلماستىن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھالەتتە جىملا ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلانغان.

كەلگەندىن كېيىن مەلۇم بىر ۋاقىتتا، تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتتىق باشقۇرۇش سىستېمىلاشقان دەرسلەرگە دۇچار بولغان. تىپىك ۋاقىت جەدۋىلى، ناشتىدىن كېيىن ئۈچ ياكى تۆت سائەتلىك دەرسنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئاندىن تۇتقۇنلار چۈشلۈك تاماق يەپ، قىسقا «ئارام» ئالىدۇ، بۇ دائىم ئورۇندۇقتا ياكى بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ قىمىرلىماي جىم ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يەنە ئۈچ-تۆت سائەتلىك دەرس بولىدۇ، ئاندىن كەچلىك تاماق، ئارقىدىن ئۇلاپلا بىر نەچچە سائەت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ياكى تىزلىنىپ، شۇ كۈندىكى ماتېرىياللارنى ئۈن-تىنسىز «تەكرار» قىلىدۇ ياكى تېخىمۇ كۆپ «تەربىلەش» سىنلىرىنى كۆرىدۇ. دەرس ۋاقتىدا دائىم دېگۈدەك مەھبۇسلار ئالدى تەرەپكىلا قاراش ۋە كامىردىكى مەھبۇسداشلىرى بىلەن سۆزلەشمەسلىك تەلەپ قىلىنغان. دەرسلەر ئادەتتە كومپارتىيىنى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى كۈيلەيدىغان ئىنقىلابىي «قىزىل» ناخشىلارنى ئەسكە ئېلىش ۋە يادلاشتىن ئىبارەت.

خىتاي تىلى ئوقۇتۇشى لاگېردىكى تۇتقۇنلار قوبۇل قىلىدىغان «تەربىيىلەش» نىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىدى. تىل دەرسىدىن باشقا، سابىق مەھبۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېيتقىنىدەك، تارىخ، قانۇن ۋە ئىدېئولوگىيە بىرلەشتۈرۈلگەن دەرسلەرگە قاتناشقانلىقى ياكى نۇرغۇن سابىق تۇتقۇنلار تىلغا ئالغىنىدەك «سىياسىي تەربىيىلەش» دەرسلىرىگە قاتناشقان. بۇ دەرسلەر مەھبۇسلارغا ئىسلامنىڭ «رەزىل» لىكىنى، ھەمدە خىتاي ۋە ج ك پ نىڭ قانچىلىك گۈللەنگەن، كۈچلۈكلۈكىنى ۋە پىرېزىدېنت شى جىنپىڭنىڭ قانچىلىك «ئاق كۆڭۈل» ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈشنى ئاساس قىلغان. ئېرلان، سابىق لاگېر شاھىتى، مەزكۇر تەشكىلاتقا سىياسىي تەربىيىلەش سىنىپلىرىنىڭ تۇتقۇنلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە ئەمەل قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلدى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

**«مېنىڭچە [دەرس ئۆتۈشنىڭ] مەقسىتى دىنىمىزنى يوقىتىش ۋە بىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش... ئۇلار بىزگە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېمەيلىسلەر دېدى، ھەمدە ئەگەر مىللىتىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكى سورالسا، بىز «خىتاي» دېيىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى... ئۇلار جۈمە نامىزىغا بارماسلىقىڭلار كېرەك دېيىشتى... ھەمدە سىلەرگە ھەممىنى ئاللاھ ئەمەس، شى جىنپىڭ ئاتا قىلغان. سىلەر ئاللاھقا شۈكۈر قىلماستىن، چوقۇم شى جىنپىڭغا مىننەتدار بولۇشۇڭلار كېرەك».**

تۇتقۇنلاردىن قەرەللىك سوئاللار سورالغان ياكى سوراق قىلىنغان. ئۇلاردىن دائىم «ئىقرار» ياكى «ئۆزىنى تەنقىد قىلىش» خېتى يېزىشىمۇ تەلەپ قىلىنغان. ئۆزىنى تەنقىد قىلىش - ئۆزىنىڭ «جىنايىتى» نى ئېتىراپ قىلغاندىن باشقا، تۇتقۇننىڭ نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى يازما شەكىلدە بايان قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار قوبۇل قىلغان تەربىلەشنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇۋېلىش ۋە ئېڭىنى «ئۆزگەرتىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ، بۇ مائارىپ ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش، ھەمدە كونا ئادىتىگە قايتماسلىققا ۋەدە بېرىش قاتارلىقلار بولغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ھەر بىر سابىق لاگېر مەھبۇسى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان ياكى باشقا رەھىمسىز، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياكى پەسكەش مۇئامىلىگە ياكى جازالارغا دۇچار بولغان (بۇ دوكلاتتا «قىيناش ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىلەر» دېيىلىدۇ). قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ھاياتنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. تۇتقۇنلار دۇچار بولغان لاگېردىكى قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، لاگېرلاردىكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ جۇغلانما تەسىرى نەتىجىسىدە بارلىق مەھبۇسلار باشتىن كەچۈرگەن جىسمانىي ۋە جىسمانىي بولمىغان (يەنى روھىي ياكى پسىخولوگىيىلىك) قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جىسمانىي ۋە جىسمانىي بولمىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى، لاگېرلاردىكى كونتروللۇق ۋە شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلىشىنىڭ ماسلىششى، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئازابلاش، ئېغىر دەرىجىدە قىيناش ياكى باشقا رەھىمسىز، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياكى پەسكەش مۇئامىلىلەرگە دۇچار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى تۈردىكى قىيىن-قىستاق ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر سوراق جەريانىدا يۈز بەرگەن ياكى ئايرىم مەھبۇسلارغا قىلىنغان ناچار مۇئامىلىلەر-يەنى ئۇلارنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش ۋە ئىنكاسىغا قارىتا جازالاش مەقسىتىدە قوللانغان قىيىن-قىستاق ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوراق جەريانىدا قوللىنىلغان قىيناش ئۇسۇللىرى ۋە جازا سۈپىتىدە تاياق يېيىش، توكقا سوقۇش، بەدەنگە بېسىم چۈشۈرۈش ئارقىلىق قىيناش،

قانۇنسىز چەكلەنگەن ئۇسۇللارنى ئىشلىتىش (يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، يەنە ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىش ، تامغا ئېسىپ قويۇش ، سوغۇقتا توڭدۇرۇش ۋە يالغۇز قاماش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوراق قىلىش ئادەتتە بىر سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ ، جازا كۆپىنچە تېخىمۇ ئۇزۇنراق بولىدۇ.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى سوراق ياكى جازا جەريانىدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىگە دۇچار بولغان ئورغۇن سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى يەنە باشقا تۇتقۇنلارنىڭ قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقى ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە دۇچار بولغان تۇتقۇنلارغا (ئادەتتە بىر كامېردىكى تۇتقۇنلار) شاھىت بولغان سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى ، تۇتقۇنلار شاھىتلارغا ئۆزلىرىنىڭ سوراق ياكى جازا جەريانىدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋاللىرىنى ئېيتىپ بەرگەن.

سابىق تۇتقۇنلار لاگېردىكى خىزمەتچىلەر ۋە دۆلەت ئەمەلدارلارنىڭ تۇتقۇنلارغا تۇتقان مۇئامىلىرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاشلىقىنى بايان قىلدى. بۇ مۇئامىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ختاي بىخەتەرلىك كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ختاينىڭ باشقا جايلىرىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلەرنىڭ ئۇسۇللىرى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەنسۇر ئىسىملىك بىر دېهقان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ئىككى لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە ، سوراق جەريانىدا ھەم كۆپ قېتىم جازا ئۆتەش جەريانىدا ، قىيىن- قىستاققا ئېلىنغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇ سوراق جەريانىنى مۇنداق بايان قىلدى:

**ئىككى قاراۋۇل مېنى كامېردىن ئېلىپ چىقىپ، سوراق ئۆيىگە تاشلىدى [مەن شۇ ئۆيدە سوراق قىلىندىم]. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەم بار... [ئۇلار مېنىڭ قازاقىستاندا نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى سورىدى] «سەن ئۇ يەردە ئىبادەت قىلدىڭمۇ؟ سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى، مەن پەقەت ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە تۇردۇم، مال - چارۋا باقتىم، مەن قانۇنسىز ھېچ ئىش قىلمىدىم دېدىم... ئۇلار مەندىن مەسچىت ۋە ئىبادەت قىلىش توغرىسىدا سورىدى. ئەگەر مەن ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىمنى ئېيتسام، مەن 20 ياكى 25 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىمنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇڭا مەن ئۇلارغا ئەزەلدىن ئىبادەت قىلمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئاندىن ئۇلار ئاچچىقلاندى. ئۇلار: «سەن مال - چارۋىلار باققان ۋاقتىڭدا، ئۆزۈڭمۇ ھايۋان بولۇپ كەتتىڭ!» دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار مېنى ئورۇندۇق بىلەن تاكى ئورۇندۇق سۇنغۇچە ئۇرۇشتى ... مەن يەرگە يىقىلدىم. مەن ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالغان ئىدىم... ئاندىن ئۇلار مېنى يەنە ئورۇندۇققا قويدى. ئۇلار: «بۇ كىشى تېخىچە ئۆزگەرمەپتۇ، ئۇ [لاگېردا] ئۇزۇنراق تۇرۇشى كېرەك» دېدى.**

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قىيناش تۈپەيلى يىغىۋېلىش لاگېردا قازا قىلغان بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى خاتىرىلىدى. مادي مەزكۇر تەشكىلاتقا ئۆزىنىڭ كامېردىكى تۇتقۇن تەقدىرداشلىرىنىڭ قىيىن-قىستاققا ئۇچرىغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقىنى ، كېيىن ئۇ تۈرلۈك قىيناشلارنىڭ تەسىرىدىن قازا قىلغانلىقىنى بىلگەن. مادي بۇ ئەرنىڭ كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلغانلىقىنى ئېيتتى. كامېردىكى مەھبۇسداشلىرى ئۇنىڭ ئۇ يەردە قىمىرلىماي ئۈچ كۈن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈشكە مەجبۇرلانغان ، ھەم ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئېنىق چەكلەنگەن.

**[«ئۇ ئادەم] بىزنىڭ كامېردا ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇردى... ئۇ يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلدى. [مېنىڭچە ئۇ كىشى بىر قاراۋۇلنى ئىتتىرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن جازالانغان] ... ئۇلار ئورۇندۇقنى بىز تۇرغان كامېرغا ئەكىرىپ قويدى... ئۇلار بىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلساق، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇ بىر تۆمۈر ئورۇندۇق ئىدى. ئۇنىڭ بىلىكى زەنجىر بىلەن كىشەنلەنگەن، پۇتلىرىغىمۇ كىشەن سېلىنغان. ئۇنىڭ بەدىنى ئورۇندۇقنىڭ كەينى تەرىپىگە باغلانغان... ئۇنىڭ بېغىشى ۋە يوتىسى ئىككى كويزا بىلەن كىشەنلەنگەن... ئادەمنى تۈز ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن قوۋۇرغىسىغا رېزىنكە چىگىلگەن، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئۇرۇقدانلىرىنى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ چوڭ -كىچىك تەرىتىنى ئورۇندۇققىلا قىلاتتى. ئۇ ئۈچ كېچە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى... ئۇ [كامېردىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن] قازا قىپتۇ. بىز بۇ ئىشنى كامېردىكىلەر [كىشىلەر] ئارقىلىق بىلدۇق.**

كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى توققۇز ئايدىن 18 ئايغىچە لاگېرلاردا قالغان. تۇتقۇنلار لاگېرلاردىن قويۇپ بېرىلگەندىن ئۆيىگە ئەۋەتىلىشى كېرەكمۇ يوق ، بۇنداق قارار چىقىرىش جەريانى تازا ئېنىق ئەمەس ، بۇ ئىشنى تۇتقۇنلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ

بلمگەن. دەسلەپكى تۇتۇپ تۇرۇشتىن كېيىنكى لاگېرغا يۆتكەش ، قۇيۇپ بېرىشنى چۆرىدىگەن جەريانلارنىڭ ھەممىسى خىتاي جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسى ياكى دۆلەت قانۇنىنىڭ سىرتىدا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى بىلىنمەكتە. بۇ يەردە قانۇننى ياردەم ۋە قوغداش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىنىق ئۆلچەم يوق. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ئۇلارنىڭ قۇيۇپ بېرىلىشىدە ، شەخسلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ ئېغىر يېنىكلىكىنى بەلگىلەشتە زۆرۈر بولغان ئادىللىق ۋە كېرەكلىك بولغان مۇۋاپىق جەريانلار ھېچ نەزەرگە ئېلىنمىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قويۇپ بېرىلگەن تۇتقۇنلار - ئۇلارنىڭ لاگېردا باشتىن كەچۈرگەنلىرى ھەققىدە ھەر قانداق ئادەم ، بولۇپمۇ ژۇرنالىستلار ۋە چەتئەللىكلەر بىلەن سۆزلىشىشنى چەكلەيدىغان ھۆججەتكە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. سابىق تۇتقۇنلارغا ، ئەگەر ئۇلار بۇ چەكلىملەرگە خىلاپلىق قىلسا ، ئۇلارنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ قايتىدىن لاگېرغا قامايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

سابىق تۇتقۇنلار يىغۋېلىش لاگېرلىرىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكى قاتارلىقلارغا تېخىمۇ قاتتىق چەكلىملەر قويۇلغان. بۇ خىل چەكلىملەر بولسا شىنجاڭدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىغا قارىتىلغان كەمسىتىش سىياسەتلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان يەنە بىر چەكلىمىدۇر. كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن سۆزلەشكەن سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «تەربىيىلەش» نى داۋاملاشتۇرۇپ ، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ خىتاي تىلى ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيە دەرسلىرىگە قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنغان. ئۇلار يەنە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا ئۆزلىرىنىڭ «جىنايىتى» نى ئاشكارا «بويىنىغا ئېلىش» قا مەجبۇر قىلىنغان.

كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق ۋە بىۋاسىتە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدىغانلىقى ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلارنىڭ قەرەللىك باھالاپ تۇرۇشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلار لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ياكى كادىرلارنىڭ ھەر ئايدا بىر نەچچە كېچە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. كەم دېگەندە بىر نەچچە ئايغىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان شەھەر ياكى يېزىلاردىن ئايرىلىشى چەكلەنگەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىنسا ، ئۇلار ئالدىن ھۆكۈمەتتىن يازما ئىجازەت ئېلىشى كېرەك ئىكەن.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى لاگېردىن زاۋۇتلارغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى. ئارزۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا لاگېردا ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن باشقا بىر لاگېرغا يۆتكەلگەنلىكىنى ، ئۇنىڭغا بۇ يەردە تىككۈچىلىك ئۆگۈتۈلۈپ ، زاۋۇتقا ئەۋەتىشكە تەييار قىلىنغانلىقىنى ، كېيىن ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ھۆكۈمەت فورمىسى ياساش ئۈچۈن بىر زاۋۇتتا يېتىپ-قوپۇپ ئىشلەش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىسپاتلار شىنجاڭدىكى دائىرىلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنى شىنجاڭدىكى مەلۇم تۈردىكى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، بۇ يەنە بەزىدە «تەربىيىلەش» نىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلىدۇر.

ئىگىلىنىشچە ، بىر قىسىم تۇتقۇنلارنى لاگېرلاردىن ئۇدۇل تۈرمىلەرگە يۆتكىگەن. ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن قويۇپ بېرىلىش جەريانىغا ئوخشاشلا ، قارىماققا لاگېر تۇتقۇنلىرىغا قاماق جازاسى بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك جەريانلار ئانچە چۈشىنىشلىك ئەمەس. قويۇپ بېرىش جەريانى بىلەن قاماق جازاسى بېرىش جەريانىنىڭ قانداق باغلىنىشلىقى بارلىقى ئېنىق ئەمەس ، بولۇپمۇ لاگېرلاردىكى تۈرمىگە يۆتكەپ جازالاش جەريانىنىڭ لاگېر سىرتىدىكى رەسمىي جازالاش جەريانى بىلەن قانداق بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى لاگېردا قاماق جازاسى بېرىلىپ ، ئاندىن تۈرمىگە ئەۋەتىلگەنلەرنى زىيارەت قىلالمىدى. ئەمما كەچۈرۈم تەشكىلاتى سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى ، ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، ئۇلار ئاۋال تۈرمىدە يېتىش جازاسى بېرىلىپ ئارقىدىنلا «كەچۈرۈم» قىلىنغان. مەزكۇر تەشكىلات يەنە بىر قىسىم سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى ، ئۇلار لاگېرغا قامالغاندا ، ئۇلارنىڭ سىنىپىدىكى بىر ياكى بىر قانچە كىشى قاماق جازاسى ئالغان ، كۆپىنچىسى كۈندىلىك قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىنلا ، ئەمما ھەر قانداق تۈردىكى جىنايەتلەردىن مۇستەسنا. سابىق مەھبۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى قاماق جازاسى بېرىلگەن باشقا كىشىلەرنى تونۇيدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇرغۇنلىغان ھەددىدىن تاشقىرى سىياسەتلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق زىيادە ئىنكاس قايتۇرۇپ ، كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق چەكلەيدۇ ، جۈملىدىن بۇلار ئەزەلدىن لاگېرغا ياكى تۈرمىگە سولانمىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھۆكۈمەت تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ ئەشەددىي ئۇنۇمى ۋە كۆلىمىنىڭ غايەت زور بولۇشى ، ھۆكۈمەتنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە نازارەت قىلىش تېخنىكىسىنى قوللىنىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدارى بىلەن بىرلىشىپ ، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خالىغىنىنى ئىجرا قىلىشقا ياردەم بەرگەن بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىلمىشىنى ئۈزلۈكسىز نازارەت قىلىش ۋە باھالاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان شەخسىي ۋە ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىش ھەرىكىتىگە تايانغان. ھەممىلا جايدا ھۆكۈمەت كادىرلىرى ، زوراۋان بىخەتەرلىك قىسىملىرى ۋە مۇستەقىل بولمىغان قانۇن سىستېمىسى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ ، نازارەت قىلىپ ، ھوقۇقىنى دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويغان.

شىنجاڭدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار دۇنيادىكى ئەڭ قاتتىق كۆزىتىلىدىغان ئاھالىلەر بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتى غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىپ ، بۇ گۇرۇپپا تەۋە ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى توپلىغان. بۇ سىستېمىلىق ، زور كۆلەملىك كۆزىتىش بولسا كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكى ، يۈرۈش - تۇرۇش ھەرىكەتلىرى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى قاتارلىق ھوقۇقلىرىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان سىياسەت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. شىنجاڭنىڭ سابىق ئاھالىلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىش قىلمىشلىرى بولسا تۆۋەندىكىدەك مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

بىئولوگىيىلىك سانلىق مەلۇمات توپلاش ، بۇلار كۆز رەڭدار پەردىسىنى سكاننېرلاش ۋە بۇ چىراي تەسۋىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛

- ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇز خاراكتېرلىك زىيارىتى ؛
- ھەممە جايدا بىخەتەرلىك خادىملىرىنى قەرەللىك ئاختۇرۇشى ۋە سوراق قىلىشى ؛
- ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشقا تەقسىم قىلىنغان ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلارنىڭ «بىر ئائىلىدە تۇرۇش» بەلگىلىملىرى;
- چىراي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەر يەرنى قاپلىغان كۆزىتىش كامېرا تورى ؛
- ئاتالمىش «قۇلايلىق ساقچى پونكىتى» دېيىلگەن كەڭ تەكشۈرۈش پونكىتى تورى ؛ ۋە -
- كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئالاقە ئۇسكۇنىلىرى ۋە مالىيە تارىخىغا خالىغانچە ئېرىشىش.

بۇ ھەرىكەت ھۆكۈمەتنى زور مىقداردا شەخسىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن يەنە دائىرلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىنى ، يۈرۈش - تۇرۇشنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئىز قوغلاپ جانلىق ۋە ئىنچىكە كۆزىتىشكە يول قويىدۇ.

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ئەركىن يۈرەلمەيدۇ. ھۆكۈمەت دائىرلىرى ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچىدە ۋە شىنجاڭ بىلەن خىتاينىڭ باشقا جايلىرى ئارىسىدا سەپەر قىلىشىنى چەكلەيدۇ. ھۆكۈمەت يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىنى ئادەتتىن تاشقىرى قىيىنلاشتۇرغان ، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. دائىرلەر شىنجاڭدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى 2016-2017-يىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ پاسپورتلىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەر پاسپورتلىرىنى قايتۇرۇپ ئالالىغان.

شجاڭدىكى سابىق ئاھالىلەر ، دائىرلەر يۈرگۈزۈۋاتقان يول يۈرۈش چەكلىمىسىنىڭ كەمسىتىش شەكلىدە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلار ساقچىلارنىڭ پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىلا توختىتىپ ، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تەكشۈردىغانلىقىنى ئېيتتى. ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئىشلەپ باققانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شاھىتلار ، خىتايلارنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتۈشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ياكى ئۇلاردىن ھېچقانداق سوئال سورالمايدىغانلىقى ، ئۇستى- بېشى ياكى تېلېفونلىرى تەكشۈرۈلمەي تۇرۇپلا قول پۇلاڭلىتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. يىن بولسا شىنجاڭدا زىيارەتتە بولۇپ باققان خىتاي بولۇپ ، ئۇ ساياھەت جەريانىدا ئۆزى شاھىت بولغان كەمسىتىشلەرنى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىپ بەردى:

> **«ئاساسەن ھەممە يەردە كۆزىتىش ئاپپاراتلىرى بار... كەمسىتىش ناھايىتى ئوچۇق-ئاشكارا بولىدۇ. مەن پويىزغا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ئۇلار ھېچنەرسەمنى تەكشۈرمىدى، لېكىن مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ بېلەتلىرىنى ۋە تېلېفونلىرىنى تەكشۈردى... مەن بېكەتتە تۇرغان چاغدا ئىككى قۇر ئۆچرەت كۆردۈم (بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئۈچۈن)، بۇنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، يەنە بىرى خىتايلار ئۈچۈن بولۇپ، چىراي تونۇش سىستېمىسى يوق، پەقەت مېتال تەكشۈرۈش ئۇسكۇنىدىن ئۆتسىلا بولاتتى. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئايرىلغان ئۆچرەت ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى... (چوڭ بىر شەھەردە) بىر تونېلنىڭ ئاستىدىن ئۆتتۇم، بىراق مېتال تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن ياشانغان ئەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن بەدەن تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. بۇ تونېلنىڭ ئىككى ئۇچىدا تەكشۈرۈش بولۇۋاتاتتى. مەن يۈك-تاقلىرىمنى سۆرەپ ماڭدىم، ھېچكىم مېنىڭ سومكىلىرىمنى تەكشۈرمىدى. مەن بىخەتەرلىك ئىشىكىدىن ئۆتكەن ۋاقتىمدا ھېچكىم مېنى ئۇسكۇنە بىلەن تەكشۈرمىدى، چۈنكى مەن خىتاي بولغاچقا تەكشۈرۈلمىدىم... مەن بىر (ھۆكۈمەت خادىمى) بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ: 'ئۇيغۇرلارغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك، چۈنكى بۇ يەردە خىتاي (خەن) تېرورچىلىرى يوق' دېدى».**

شنجاڭدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەتلىرىنى قىلالمايدۇ. تەشكىلاتى تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنغان، 2017-يىلدىن 2021-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭدا ياشىغان سابىق تۇتقۇنلار ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە، ئۇ يەردە ئىسلام دىنى ئىبادەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قارىتا دەرىجىدىن تاشقىرى دۈشمەنلىك مۇھىتى شەكىللەنگەن. ئۇلار خىتايدىن ئايرىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى دىنىي بەلگىلىرىنى كۆرسىتىشنى راھەتسىز ھېس قىلغان. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، ھەممىسىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە ئاقىۋەتتە لاگېرغا ئەۋەتىلىشى بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، گەرچە شىنجاڭدىكى قانۇنلاردا مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايدىغان ئىسلام دىنى ئىبادەتلىرى ئوچۇق-ئاشكارا چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھازىر پۈتۈنلەي چەكلەنگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى، مەسچىتكە بېرىشى، دىن ئۆگىنىشى، دىنىي تۈسنى ئالغان كىيىملەرنى كىيىشى ۋە بالىلارغا ئىسلامىي ئىسىملارنى قويۇشىغا يول قويۇلمىغان. توختىماي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈتۈپ كېتىش تەھدىتلىرى نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىر ھېچقانداق بىر دىنى خاسلىق ياكى دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرسىتەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

بۇرۇن شىنجاڭدا ياشىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە دىنى خاسلىققا ئىگە ھەرقانداق بۇيۇملارنى ساقلىشى ۋە دىنىي كىتابلار، فىلىملەر ياكى رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي مەزمۇنلارنى يانفونلىرىدا ساقلىشىنى مەنئى قىلىنغان. يەنە ئۇ يەردە ياشىغان بىر نەچچە سابىق ئاھالىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەدەنىيەتكە ئائىت كىتابلار، سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە باشقا تۈرك- مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي چەكلەنگەن. ئايمەن، ئۇ بىر ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ، ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ساقچىلارنىڭ مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قانداق باستۇرۇپ كىرگەنلىكى ۋە بارلىق دىنىي بۇيۇملىرىنى قانداق مەجبۇرىي مۇسادىرە قىلغانلىقىنى ئېيتتى:

> **«بىز 20 ئائىلىك ئولتۇراقلاشقان (مۇسۇلمان ئېتنىك مىللەت) ياشايدىغان (بىر يېزىنىڭ مەلۇم قىسمى) غا باردۇق. بىز دىنغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى... بىز بۇ ئىشنى قىلغاندا ئىشكىنىمۇ چەكمەي، ھېچقانداق رۇخسەت ئالمايلا كىرەتتۇق... كىشىلەر يىغلايتتى... ساقچىغا ھەممە نەرسىنى تاپشۇرۇپ بېرەتتۇق... بىز ئۇلارغا ھەم ئەرەبچە يېزىلغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشنى ئېيتتۇق».**

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ توپلىغان ئىسپاتلىرىغا ۋە باشقا ئىشەنچىلىك مەنبەلەرنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۇجۇم نىشانى قىلىنغان بولۇپ، بۇ قىلمىشنىڭ ماھىيىتى ۋە باشتىن ئاخىرى بىردەك خەلقئارالىق قانۇن بويىچە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى كۆرگەن ئىسپاتلار ئاساسىدا، جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ھەرىكەت قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك، تەشكىللىك، پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا ھەم سېستىملاشقان ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، شىنجاڭ ئاھالىلىرىگە قارىتا ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلىقىنى دەلىللەر ئارقىلىق يەكۈنلەيدۇ. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى شۇنداق دەپ قارايدۇ، توپلىغان دەلىل - ئىسپاتلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە تۆۋەندىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىقىنى پاكىتلار ئاساسىدىكى يەكۈن بىلەن تەمىنلەيدۇ: خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۈرمىگە تاشلاش ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش، قىيناش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش.

خىتاي ھۆكۈمىتى دەرھال بارلىق يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى تاقىشى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ياكى تۈرمە قاتارلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى بارلىق كىشىلەرنى خەلقئارادا قىلىنىدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئائىت يېتەرلىك ئىشەنچ ۋە ئېتىراپ قىلىنىدىغان پاكىت بولمىسا دەرھال قويۇپ بېرىشى كېرەك. ھۆكۈمەت يەنە بارلىق قانۇن- نىزاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ياكى ئۆزگەرتىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك، بۇ يەنە ئۇلارنىڭ خىتايدىن ئەركىن ھالدا ئايرىلىش ۋە قايتىپ كېلىش ھوقۇقى ۋە شۇنىڭدەك دىنىي ئىبادەت پائالىيەتلىرى قىلىشنى ئۆزلىرى تاللاش قاتارلىق ھوقۇقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ دوكلاتتا ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ۋە باشقا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى ئۈستىدىن مۇستەقىل ۋە ئۈنۈملۈك بولغان تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. جىنايى جاۋابكارلىقى بار دەپ گۇمان قىلىنغانلار چوقۇم ئادالەتنىڭ سوتقا تارتىلىپ، ئادىل سوتلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ياكى ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى چوقۇم مۇستەقىل بولغان بىر خەلقئارالىق مېخانىزم قۇرۇپ چىقىپ، خەلقئارا قانۇنلار ئاساسىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق زوراۋانلىقى ۋە دەپسەندىچىلىكلەرنى تەكشۈرۈشى كېرەك، بۇ يەنە جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇماندارلارنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# قوللىنىلغان مېتودلار

بۇ دوكلات 2019-يىلى ئۆكتەبىردىن 2021-يىلى ماي ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە يىراقتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تەييارلاپ چىقىلغان. مەزكۇر دوكلات بولسا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئىگىلىگەن بىرىنچى قول گۇۋاھلىقلار ئاساسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە 2017-يىلىدىن بۇيان شىنجاڭدا ياشىغان كىشىلەر ھەم يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى سابىق تۇتقۇنلاردىن توپلىغان مەنبەلەر ، يەنە سۈنئىي ھەمرادىن تارتىلغان سۈرەتلەر ، ئۈچۈرلارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىللەر ۋە خۇلاسىلەردىن ئىبارەت. مەزكۇر دوكلاتتا بېرىلگەن گۇۋاھلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى توپلاش ، ژۇرناسىتلار ، ئاكادېمىكلار ۋە باشقا كىشىلىك ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئانالىزلىرىغا ئورۇن بەرگەن.

بۇ دوكلاتنى تەييارلاش ئۈچۈن 128 ئادەم بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى: بۇلار شىنجاڭدىكى لاگېرلارنىڭ سابىق تۇتقۇنلىرىدىن 55 كىشىنى (39 ئەر ۋە 16 ئايال) ۋە 2017-يىلىدىن بۇيان شىنجاڭنى زىيارەت قىلغان ياكى شۇ يەردە ياشىغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنى ، يەنە 68 نەپەر شىنجاڭدا يوقاپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. بۇ دوكلاتتىكى سۆھبەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى قازاقلار بىلەن ، يەنە ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار ، بىر قىسىم قىرغىز ۋە خىتايلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى ۋە 2017-يىلىدىن بۇيان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىش ئۈچۈن توپلىغان ئاممۋىي گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرى كۆرۈنەرلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دوكلات ئۈچۈن سۆھبەت ئالغان 55 نەپەر سابىق تۇتقۇنلار ئىچىدىن 44 نەپىرى ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى بۇرۇن ئاممىغا ھېچ ئاشكارىلاپ باقمىغان ، يەنە بىرقانچىلىغان كىشىلەر بولسا كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنى ئاممىغا ئاشكارىلىمىغان. كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقاتچىلىرى ۋە پائالىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرىنىڭ شىنجاڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تەمىنلىگەن سان ۋە مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئاممۋىي ھالدا تۇنجى قېتىم بۇ دوكلات ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگەن سابىق گۇۋاھچىلارنى قوشمىغاندا ، 40 قا يېقىن گۇۋاھچىلار ھېچ قاچان ئاممۋىي گۇۋاھلىق بېرىپ باقمىغان.[1]

بۇ دوكلات ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇن زىيارەتلەر قازاقىستانغا جايلاشقان ئىككى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى بارلىق زىيارەت قىلىنغۇچىلارغا تەتقىقاتنىڭ خاراكتېرى ، مەقسىتى ۋە ئۇلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. زىيارەتتىن بۇرۇن ھەر بىر زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ ئاغزاكى ماقۇللۇقى ئېلىندى. زىيارەت قىلىنغۇچىلارغا زىيارەتنى قوبۇل قىلغانلىقى بەدىلىگە ھەق بېرىلمىدى. زىيارەت ئادەتتە ئۈچ سائەتتىن 12 سائەتكىچە داۋاملاشقان بولۇپ ، كۆپ ھاللاردا بىر نەچچە كۈن ئېلىپ بېرىلدى. زىيارەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتايچە ، ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ياكى قىرغىزچىنى پىششىق بىلىدىغان تەرجىمانلارنى ئىشلىتىپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، بىر قانچىسى ئىنگلىزچە ۋە خىتايچە ئېلىپ بېرىلدى. زىيارەت قازاقىستان ، قىرغىزىستان ۋە تۈركىيەدە يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش ئارقىلىق ؛ ئاسىيا ، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى باشقا بىر قانچە دۆلەتلەردە بولسا يىراقتىن كۆرۈشۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. سابىق تۇتقۇنلار ۋە گۇۋاھچىلار بىلەن بولغان سۆھبەت ئايرىم-ئايرىم ئېلىپ بېرىلدى.

شىنجاڭغا بېرىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ۋە زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى سەۋەبىدىن ، مەيلى يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش ئارقىلىق بولسۇن ياكى يىراقتىن كۆرۈشۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بولسۇن ، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىلمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ھەققىدە ئاشكارا سۆزلەيدىغان شەخسلەرگە تەھدىت سالىدۇ ، ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ ، قىينايدۇ ۋە مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىدۇ. كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلار ۋە گۇۋاھچىلار بۇ مەسىلىدە ئوچۇق-ئاشكارا سۆز قىلغانلىقى ئېنىق بولۇپ قېلىشتىن ئەلۋەتتە قورقىدۇ. ***شۇڭلاشقا سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرى ۋە باشقا گۇۋاھچىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان زىيارەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ ئىسمى، زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بارلىق ئۇچۇرلىرى، زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى ياكى سالاھىيىتى ئېنىق بولۇپ قالسا خەتەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان شەخسلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى ئاستىدا ئېلىپ باردى. بارلىق زىيارەتلەردە تەخەللۇس ئىشلىتىلدى.***

1 «شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرى» غا قاراڭ: shahit.biz/eng/#filter

ئۇنىڭ ئۈستىگە ، خىتايدىن چىقالىغان سابىق يىغىۋېلىش لاگېرى تۇتقۇنلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز دەپ قارالغانلىقى ، ھەمدە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كىملىكى ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ھاياتى ، ۋاقتى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى بىلىش مۇمكىنلىكى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىدىغان ھەر قانداق ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلاردا ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئۇسۇلنى قوللاندى. مەسىلەن ، مەزكۇر دوكلاتتا ھەر قانداق ئالاھىدە زىيارەت قىلىنغۇچى سولانغان كونكرېت يىغىۋېلىش لاگېرى ، ئۇ كىشى تۇرغان كونكرېت بىزا ياكى بازار ياكى زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ كونكرېت بىشى تىلغا ئېلىنمىدى ، زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ كەسپىگە چېتىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىندى.

## شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىكى توسالغۇلار

خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا ھەققىي ئەھۋاللارنى ھۆججەتلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زور تەدبىرلەرنى قوللاندى. خىتايدا ياشايدىغان خىتاي پۇقرالىرى ، بولۇپمۇ سابىق يىغىۋېلىش لاگېرى تۇتقۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلىشى ياكى باشقىلارنى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالدى. بىخەتەر ئالاقە ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ، يىراقتىن شىنجاڭ بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بولسىمۇ ، ئەمما ئاشكارىلىنىپ قېلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق نازارەت ئاستىدا ياشايدۇ (2.3-بۆلەككە قاراڭ). ***شىنجاڭدا ياشايدىغان كىشىلەر ئىچىدە يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن ياكى سۆزلىگەن دەپ قارالغان، سۆزلىگەن دەپ ئەيىبلەنگەن ۋەياكى سۆزلىگەن ھەر قانداق كىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ پەقەت ئۇزىلا ئەمەس، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭمۇ قولغا ئېلىنىش، تۇتقۇن قىلىنىش، تۈرمىگە سولىنىش، قىيىن-قىستاققا ئېلىنىش ۋە مەجبۇرىي غايىب قىلىنىش خەۋپلىرى بار.***

بولۇپمۇ سابىق تۇتقۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بولغان خەتەر تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ ، ئۇلار قاتتىق دەرىجىدە گۇمان ۋە تەقىب قىلىنىشقا دۇچ كېلىدۇ. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ كەم دېگەندە بىر نەچچە ئاي داۋاملىق يېقىندىن ئېلېكترونلۇق ۋە بىۋاسىتە تەقىبلەش ئاستىدا بولىدۇ. كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن سۆزلەشكەن ھەربىر سابىق يىغىۋېلىش لاگېرى تۇتقۇنى قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى ، ئۇلارنىڭ لاگېردا باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى ھەر قانداق كىشىگە ، بولۇپمۇ ژۇرنالىستلار ۋە چەتئەللىكلەرگە ئېيىتىشنى چەكلەيدىغان بىر ھۆججەتكە ئىمزا قويغان. ئەگەر سابىق تۇتقۇنلار بۇ چەكلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا ، ئۇلار ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ لاگېرغا قايتىدىن سولىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.

شىنجاڭدىكى كىشىلەر دۇچ كەلگەن ئېغىر خەتەرنىڭ نەتىجىسىدە ، شىنجاڭدا بىخەتەر ھالدا كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىش ، مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ھۆججەتلەرنى توپلاش مۇمكىن ئەمەس ھالغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ژۇرنالىستلار ، كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرگۈچىلىرى ۋە دىپلوماتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رايونغا توسالغۇسىز كىرىشى رەت قىلىنىدى.[2] بىر قانچە مۇخبىر ساياھەتچى قىياپىتىدە كىرگەن بولسىمۇ ، ئەمما كىشىلەر بىلەن يىغىۋېلىش لاگېرى توغرىسىدا بىخەتەر پاراڭلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.[3] بۇ رايونغا رەسمىي زىيارەتكە بارغان ژۇرنالىستلار ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىردەك ئۆز-ئارا ماسلىشىپ توسقۇنلۇق قىلىشلىرى نەتىجىسىدە ، مۇخبىرلارنىڭ قايسى ئورۇنغا بېرىشى ، نېمىلەرنى كۆرۈشى ، كىملەر بىلەن بىلەن پاراڭلىشىشى ۋە ئۇلارغا نېمىلەرنى ئېيتىشى قاتارلىقلار تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى قاتتىق تەقىب قىلىشقا ئۇچرىغان ئەھۋاللاردىن باشقا ، يەنە ئۇلار زىيارەت قىلىغا يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ، بولۇپمۇ سابىق تۇتقۇنلار بىلەن ئۇچرىشىش ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا كىرىش قاتارلىق سەپەر جەريانلىرى توسۇپ قېلىنىدى.[4] خىتايدا تۇرۇشلۇق ، خىتايدىكى ۋەزىيەتنى خەۋەر قىلماقچى بولغان چەتئەللىك ژۇرنالىستلار دائىم قوغلاپ چىقىرىلىدۇ ياكى ۋىزىسىنى يېڭىلىيالمايدۇ.[5]

2 جون سۇدۋورس BBC John Sudworth خەۋەرى ، «خىتاينىڭ بېسىمى ۋە تەشۋىقاتى - شىنجاڭنى خەۋەر قىلىشنىڭ رېئاللىقى» ، 2021-يىل 15-يانۋار ، www.bbc.com/news/world-asia-china-55666153 ئاندرېۋ ماككورمىك Andrew McCormick ، كولومبىيە ئاخباراتچىلىق ئوبزورى ، «خىتاينىڭ شىنجاڭ رايونىدا كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قاتتىق چەكلىمىلەر ۋەزىيەتكە قانداق تەسىر كۆرسەتتى» ، 2018-يىلى 16-ئۆكتەبىر ، www.cjr.org/analysis/uighur-xinjiang.php; ماتت شياۋېنزا Matt Schiavenza ، ئاسىيا جەمئىيىتى ، «ژۇرنالىستلارنىڭ شىنجاڭدىن خەۋەر بېرىشى نېمىشقا بۇنچىۋالا تەس» ، 2019-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى ، asiasociety.org/blog/asia/why-its-so-difficult-joumalists-report-xinjiang; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «خىتاينىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى توسۇشتىكى ئاجىز باھانىسى: باش ئەلچى- ب د ت نىڭ زىيارىتىنى توسۇش ‹ئەقىلگە سىغمايدىغان ، زۆرۈر بولمىغان توسالغۇلار› دىن ئىبارەت دېدى» ، 2020-يىلى 25-مارت ، www.hrw.org/news/2020/03/25/ chinas-weak-excuse-block-investigations-xinjiang

3 روبىن بارنۋېل ۋە گېسبېن مۇھەممەدنى كۆرۈڭ ، PBS ئالدىنقى سېپى ، «خىتاي مەخپىيىتى» (China Undercover) ، 2020-يىلى 7-ئاپرېل ، www.pbs.org/wgbh/frontline/film/china-undercover/; ئىسوبېل ياڭ (Isobel Yeung) ، ۋايس ئاخبارات ئاگېنتلىقى ، «خىتايدىكى يوقىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار: دۇنيادىكى ئەڭ دىستوپىيەلىك جايدىكى مەخپىيەتلىك» ، www.youtube.com/watch?v=v7AYyUqrMuQ

4 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىر قانچە ژۇرنالىستلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى ؛ يەنە بۇ مەنبەنىمۇ كۆرۈڭ: فىرانسىيە 24 (France 24) ، «ساختا ساياھەتچىلەر ۋە ماشىنا سوقۇلۇش ۋەقەسى: خىتاي شىنجاڭدا مۇخبىرلارنى قانداق توسىدۇ» 2019-يىلى 27-ئىيۇن ، www.france24.com/en/20190627-fake-tourists-car-crashes-how-china-blocks-reporters-xinjiang; كىشىلىك چوقوقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «خىتاينىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ساياھەت سەپەرۋەرلىكى ھېچ كىمنى ئالدىماسلىقى كېرەك: ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساياھەت سەپىرى مۇستەقىل ھالدا باھالىنىپ چىقىشى زۆرۈر».2019-يىلى 7-يانۋار.www.france24.com/en/20190627-fake-tourists-car-crashes-how-china-blocks-reporters-xinjiang;; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «خىتاينىڭ شىنجاڭ ساياھەت سەپەرۋەرلىكى ھېچكىمنى ئەخمەق قىلماسلىقى كېرەك: سەھنىلەشتۈرۈلگەن ساياھەتلەر مۇستەقىل باھالاشقا موھتاج» ، 2019-يىلى 7-يانۋار ، hwww.hrw.org/news/2019/01/07/chinas-xinjiang-tour-should-have-fooled-no-one; جېيمىس گرىفس ، CNN: «يوشۇرۇشتىن تەشۋىقات تېز ھۇجۇملىرىغىچە: خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ھەققى ئەھۋاللارنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇشى» ، 2021-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى ، ;www.cnn.com/2021/04/16/china/beijing-xinjiang-uyghurs-propaganda-intl-hnk-dst/index.html CBC رادىيوسى: «بىر مۇخبىر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇلۇشىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويۇلغان ۋە تەھدىت سېلىنغان: ‹ئۇلار ھەممە يەردە ماڭا ئەگىشىۋالدى› - ناسان ۋاندېركلىپپې (Nathan VanderKlippe) ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ ماشىنىسىغا قولنى تىقىپ كامېراسىنى تۇتۇۋالغان «كىشىلەر تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان» لىقنى ئېيتتى». www.cbc.ca/radio/thecurrent/the-current-for-may-23-2019-1.5145446/they-followed-me-everywhere-reporter-tailed-deterred-while-investigating-uighur-detention-in-xinjiang-1.5146273

5 سامۇئىل ۋادىنىڭ Samuel Wade «خىتاي رەقەملىك ۋاقىت گېزىتى» غا بېسىلغان ماقالىسىگە قاراڭ: «خىتاي ئامېرىكىلىق ژۇرنالىستلارنى تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى» ، 2020-يىلى 17-مارت ، chinadigitaltimes.net/2020/03/china-announces-sweeping-expulsion-of-american-journalists/; جامېس گرىفس ، James Griffiths CNN: «Buzzfeed نىڭ خىتاي ئىشلىرى مۇخبىرى خىتايدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتتى» ، 2018-يىلى 23-ئاۋغۇست ، money.cnn.com/2018/08/23/media/buzzfeed-china-reporter-visa/index.html; كەيت كادېل ، تونىي مۇنرو ، رويتېرس ئاگېنتلىقى ، «ب ب س (BBC) مۇخبىرى تەھدىت ، توسقۇنلۇق سەۋەبىدىن خىتايدىن ئايرىلدى» ، 2021-يىلى 31-مارت ، www.reuters.com/article/us-china-britain-bbc/bbc-journalist-leaves-china-citing-threats-obstruction-idUSKBN2BN0U2

ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋاللاردا ، مۇخبىرلار شىنجاڭدىكى يەرلىك ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلالىسىمۇ ، زىيارەت قىلىنغۇچىلار ئارقىدىنلا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلىنىغان. كەچۈرۈم تەشكىلاتى يېقىندا مۇشۇ ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر دوكلات تەييارلىغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا قېپقالغان بالىلىرى بىلەن جەم بولۇشقا تىرىشىۋاتقانلىق ئەھۋاللىرى ۋە س ن ن (CNN) خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ بالىلارنى ئىزدەپ تاپقانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ھۆججەتلەشتۈرۈپ خەۋەر قىلغان ئىدى. [6] ئارقىدىنلا خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى ئۇ بالا ۋە ئۇنىڭ بوۋا-مومىلىرىنى زىيارەت قىلغان ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ۋىدىيودا سۆزلەپ ، ئۆزلىرىنىڭ چەتئەلدە جەم بولۇش ئارزۇلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن. [7]

خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ يەنە شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە چەتئەل پۇقرالىرى ۋە يەرلىك ئائىلىلەرگە توغرا بولمىغان ۋە قەستەن خاتا ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ئۈچۈن بىردەك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. سابىق يىغىۋېلىش لاگېرى تۇتقۇنلىرى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزلىرى لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندا ھەم لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ياكى تاراتقۇلارغا يالغان بايانات بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى.[8] سابىق تۇتقۇنلار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۇلار تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ۋاقىتتا ، ئۇلار تۇرغان لاگېرلارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن چەتئەللىك مۇخبىرلارغا ياكى خىتاي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىگە نېمە دېيىش توغرىسىدا مەشقلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى.[9] ئىبراھىم كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزى تۇرغان ۋاقىتتا لاگېرغا كېلىشى كۈتۈلگەن ژۇرنالىستلار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن قانداق تەربىيەلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى:

> **كۈنى ئۇلار بىزگە مۇخبىرلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى دېدى. ئۇلار بىزگە مۇخبىرلارنى كۆرگەندە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشىمىزنى، ئۇلار سوئال سورىغاندا، ئۆگەتكەن بويىچە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمايدىكەن يەر ئاستى ئۆيى [كىشىلەرنى قىينايدىغان جاي] غا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى... [مۇخبىرلار كېلىشتىن بۇرۇنقى بىر نەچچە كۈن] بىزنىڭ خىتاي تىلى دەرسلىرىمىز توختىدى. بىز 10 كۈندىن ئارتۇق مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى مەشىق قىلدۇق... بىز تامىقىمىز ياخشى، خىتاي كومپارتىيىسى ئۇلۇغ دېيىشنى مەشىق قىلدۇق. سىرتقا چىقىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، مۇخبىرلارنىڭ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئەمما ئۇلارنى كۆرمىدىم.[10]**

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بىر نەچچە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا تۇرغان باقىت ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزلىرىنى زىيارەتكە كەلگەن مۇخبىرلارغا نېمە دېيىشى ھەققىدە 20 كۈن مەشقلەندۈرۈلگەن بىر گۇرۇپپىغا قاتناشقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا: « `بىز بۇ يەردە ياخشى ئۆگىنىۋاتىمىز ، بىلىمىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتىمىز ، بىز دۆلەتكە رەھمەت ئېيتىمىز ، بىز مائاش ئېلىۋاتىمىز ، ئائىلىمىزدىكىلەرنى ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتىمىز ، بىز بۇ يەردە پەقەت كۈندۈزدىلا تۇرىمىز ، بىز بۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن كەلگەن` دېيىشنى مەشىق قىلدۇق» دېدى.[11] ئەمەلىيەتتە ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ، دەپ قوشۇمچە قىلدى.

2019-يىلى ، خىتاينىڭ ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ، خەلقئارا مۇخبىرلار تەكشۈرۈش بىرلەشمىسى (ICIJ) ، «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرى ھەم تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ئاشكارىلىنىشلار سەۋەبلىك دائىرىلەر يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك يازما ھۆججەتلەرنى يوق قىلىۋېتىش ئارقىلىق شىنجاڭدىن چىققان ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىشقا ئېلىپ بارغان ئىدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ماتېرىياللىرى ئاشكارىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، كادىرلارنى يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بىر قانچىلىغان مەلۇماتلارنى تاپشۇرۇپ ئالغان.[12]سابىق تۇتقۇن - سابىق ھۆكۈمەت كادىرىدىن بىرى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈشكە قاتناشقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى «مەن كۆيدۈرۈشكە قاتناشتىم. ئۇ 2019-يىلى ئىدى ، مەن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ... مەن ھۆججەتلەرنى توشۇشقا ياردەملىشەتتىم ... ئۇلار پەقەت تۇتقۇنلارغا ئائىتلا ھۆججەت ئەمەس ئىدى. ئۇلار قايتا تەربىيىلەشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللاردۇر. مەسىلەن ، بارلىق يىغىن خاتىرلىرى ... [ئىشخانىدىكى] ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈشكە بەش-ئالتە كۈن ۋاقىت كەتتى».[13]

---

6 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى دوكلاتى: «سەكپارە بولغان يۈرەك ، ۋەيران بولغان ھايات: زۇلۇم ئايرىۋەتكەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ قاباھەتلىك كەچۈرمىشلىرى» ، 2021-يىلى 19-مارت ، www.amnesty.org/en/latest/research/2021/03/the-nightmare-of-uyghur-families-separated-by-repression/

7 خىتاي يەرشارى تېلېۋىزىيە تورى: «شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق: س ن ن (CNN) مۇخبىرلىرى تەرىپىدىن پاراكەندىچىلىك سېلىنغان ئۇيغۇر ئائىلىسى ئوغلىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدۇ» ، 2021-يىلى 23-مارت ، news.cgtn.com/news/2021-03-24/Uygur-family-disturbed-by-CNN-reporters-asks-son-to-come-home-YTtL9kD8go/index.html

8 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

9 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

10 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

11 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

12 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

13 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاممىنى جىمىقتۇرۇش ۋە دەلىل-ئىسپاتلارنى يوقىتىش ئۇرۇنۇشى ، ICIJ تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن «تېلېگراامما» دەپ ئاتالغان ، سىرتقا ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ بىرىدە ئىپادىلەنگەن. ھۆججەت لاگېرلارنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارغا قارىتا «قاتتىق مەخپىيەتلىك» نى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.[14] گەرچە ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ھۆججەتتە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئائىت بېرىلگەن كۆرسەتمىلەر يېتەرسىز بولسىمۇ ئەمما (دائىرىلەرنىڭ) مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاشقا بولغان ئۇرۇنۇشى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندىنمۇ ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ ، ئۇنىڭدا «[ يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ] خىزمەتچىلىرىنىڭ مەخپىي تۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتىپ ، [پارتىيىنىڭ] سىياسىي ئىنتىزامى ۋە مەخپىيەتلىك ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك» دەپ بايان قىلىنغان. ئۇ دوكلاتتا ۋە باشقا يەرلەردە خاتىرىلەنگەن سابىق تۇتقۇنلار ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ، بۇخىل يوشۇرۇن تىرىشچانلىقىغا ئىشلىتىلگەن غايەت زور مەبلەغ ، ۋە شۇنداقلا خەلقنىڭ دائىم سۈكۈت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان قاتتىق باستۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.

شىنجاڭدىكى كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان خەتەر ، ژورنالىستلار ۋە تەكشۈرگۈچىلەر دۇچ كەلگەن توسالغۇلار نەتىجىسىدە ، بۇ ئەھۋال توغرىسىدىكى مۇتلەق ئىشەنچلىك دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ كۆپ قىسمى سابىق تۇتقۇنلار ۋە باشقا شىنجاڭدىن ئايرىلىپ چەتئەلدە گۇۋاھلىق بەرگەن باشقا كىشىلەر ئارقىلىق توپلانغان. شۇنداقتىمۇ چەتئەلدە تۇرۇپ سۆزلەشنىڭمۇ مۇشكۈل ۋە ئېغىر خەتەرلىرى بار ، بولۇپمۇ ئۇ كىشىنىڭ ختايدا قالغان ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن [15] 2017-يىلدىن باشلاپ ، چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىش ئىجازىتىنى ئېلىش ۋە نۇرغۇن ئەھۋاللاردا دۆلەت ئىچىدە ساياھەت قىلىش ۋە يورۇش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس ھەم شىنجاڭدىكى باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قىيىن ئىش.2017-يىلدىن باشلاپ چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىش ئىجازىتىگە ئېرىشكەنلەر ، چەتئەل بىلەن باغلىنىشى بولۇشى (ئادەتتە پۇقرالىق ياكى يېقىن تۇغقانلار) ۋە شىنجاڭدىن بىر ياكى بىر قانچە كىشىنىڭ «كېپىللىك» بېرىشى تەلەپ قىلىنغان. كېپىللەر ئۇلار كېپىللىك قىلىۋاتقان كىشى يىغىۋېلىش لاگېرى ھەققىدە سۆزلىسە ياكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىسا ياكى ۋاقتىدا ختتايغا قايتىپ كەلمىسە ، لاگېرغا سولىنىدىغانلىقىغا يېزىقچە ماقۇل بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ دوكلاتتا ۋە باشقا يەرلەردە خاتىرىلەنگەندەك ، بۇلار قورۇق تەھدىت ئەمەس: بۇ مەسىلە توغرىسىدا چەتئەلدە تۇرۇپ سۆزلىگەن كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەن.

بۇ ئەھۋالنى چەتئەلدە دوكلات قىلىشمۇ كۆرىنەرلىك خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىر قانچە ئەھۋالدا ، چەتئەلدىن شىنجاڭدىكى ئەھۋالنى دوكلات قىلغان ياكى سۆزلىگەن مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئائىلە ئەزالىرى لاگېرغا ياكى تۈرمىگە سولانغان ياكى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىلگەن.[16]كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىمۇ نىشانغا ئېلىنغان.[17] كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى قاماقتا قازا قىلغان.[18]

14 تېلېگرامما (ئىلگىرى نەقىل ئېلىنغان) 25-پاراگراف.

15 چەتئەلدىن ئەھۋالنى ئاشكارىلىغان كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان خەتەر توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «ھېچ يەردە بىخەتەر ئەمەس: ئۇيغۇرلار چەتئەلدە ختاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قورقۇتۇش قىلمىشلىرىنى ئاڭلاتتى» ، 2020-يىل 21-فېۋرال wwwwww.amnesty.org/en/latest/research/2020/02/china-uyghurs-abroad-living-in-fear/

16 مۇخبىرلارنى قوغداش كومىتېتى ، «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى تەھرىرى ئەسەت سۇلايماننىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى تۇتۇۋالاندى» غا قاراڭ 2021-يىلى 8-مارت ، cpj.org/2021/03/china-detains-family-members-of-radio-free-asia-uyghur-editor-eset-sulaiman/
خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «جىددىي ھەرىكەت: ئۇيغۇر موخبىرلىرىنىڭ 20 نەپەر تۇغقانلىرى تۇتۇلدى» 2018-يىلى 1-مارت www.amnesty.org/download/Documents/ASA1779642018ENGLISH.pdf; داۋىد مارتىن ، دۇتچە ۋېلە ، «ختاي دائىرىلىرى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمى مۇخبىرلىرىنىڭ تۇغقانلىرىنى تۇتقۇن قىلدى: ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى بەش مۇخبىرنىڭ تۇغقانلىرى ختاينىڭ شىنجاڭ رايونىدا تۇتقۇن قىلىندى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق دېدى: ئائىلىلەر مۇخبىرلارنىڭ بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى خەۋەر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش نىشانى قىلدى» ، 2018-يىل 2-فېۋرال www.dw.com/en/chinese-authorities-detain-relatives-of-radio-free-asias-uighur-reporters/a-42803793

17 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «جىددىي ھەرىكەت: ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ 30 نەپەر تۇغقانلىرى تېخىچە قاماقتا» ، 2019-يىل 15-ئىيۇل www.amnestyusa.org/urgent-actions/urgent-action-update-uyghur-activists-30-relatives-still-detained-china-ua-251-17/

18 شۆھرەت ھوشۇر ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «داڭلىق ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسىنىڭ جىيەنى شىنجاڭدىكى جازا لاگېرىدا قازا قىلغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى: مېھراي ئەركىن 2019-يىلى رايونغا (شىنجاڭغا) قايتىشقا مەجبۇرلانغان ۋە كېيىنكى يىلى سولاقتا قازا قىلغان» ، 2021-يىلى 25-ماي ،www.rfa.org/english/news/uyghur/niece-05252021132121.html

# 1 ئارقا كۆرۈنۈش

## 1.1 شنجاڭنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شىنجاڭ) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، خىتاي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شىنجاڭ) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، خىتاي يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ ۋە موڭغۇلىيە، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ رايون شىمالدىكى غايەت زور يېرىم قۇملۇق يايلاقلارنى ۋە جەنۇبتىكى تارىخى بوستانلىق شەھەرلەر بىلەن قورشالغان چۆل ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا تولىمۇ سوغۇق بولۇپ، مۇزلاش نۇقتىسىدىن خېلىلا تۆۋەن.

شىنجاڭ خىتايدىكى كۆپ خىل مىللەت جايلاشقان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاينىڭ 2020-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، بۇ رايوننىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 25 مىليون 800 مىڭ.[19] بۇ نوپۇسنىڭ يېرىمى تۈركى خەلق ۋە ئاساسەن مۇسۇلمانلار توپىغا تەۋە بولغان ئۇيغۇر (11 مىليون 300 مىڭ ئەتراپىدا)، قازاق (1 مىليون 600 مىڭ ئەتراپىدا)، قىرغىز، ئۆزبېك، تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەر تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ياشاش ئۇسۇلى قاتارلىقلار «ئىچكى» خىتايدىكى كۆپ سانلىق مىللەت بولغان خىتاي -خەن مىللىتىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.[20]

شجاڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ رايون ئەسىرلەردىن بىرى قەدىمى يىپەك يولى ۋە خىتاي بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى ئارىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن يولى بولۇشى بىلەن مەشھۇر بولغان. كۆمۈر، تەبىئىي گاز ۋە نېفتكە باي بولغان شىنجاڭ، خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي، ئىستراتېگىيىلىك ۋە تاشقى سىياسەت نىشانى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. خىتاي رەھبەرلىرى ھازىر شىنجاڭدىكى مۇقىملىقنى «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىش تۈرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ ۋە بۇ كەڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق ئۇل ئەسلىھە تەرەققىيات پروگراممىسى بولۇپ، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.[21]

شىنجاڭ خىتايدىكى بەش ئاپتونوم رايوننىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە «ئاز سانلىق مىللەت» لەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا رەسمىي ۋەكىللىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ھەققى بولىدۇ. خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە «رايونلۇق ئاپتونومىيە قانۇنى» تەرىپىدىن بۇ رايونلارغا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقى يەنىلا سىمۋوللۇق ھالەتنى ساقلاپ كەلدى. شىنجاڭدا، خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، بارلىق مۇھىم سىياسىي قارارلارنى خىتاي كومپارتىيىسى (CCP) چىقىرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. ئەمما نۇرغۇنلىغان كەسپىي تارىخشۇناسلار بۇ خىل قاراشلارغا قوشۇلمايدۇ. ھەم ئۇيغۇرلارمۇ بۇ قاراشلارغا قوشۇلمايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىتايىنى مۇستەملىكە قىلغۇچى كۈچ دەپ قارايدۇ ۋە مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.[22] ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خورلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىدىن نارازى بولۇش ۋە مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك قاتارلىقلار، دۆلەت ئەمەلدارلىرى، بىخەتەرلىك قىسىملىرى ۋە ئاندا-ساندا ئاممىنى نىشان قىلغان زوراۋانلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەردىن كېيىن ئادەتتە دائىرلەرنىڭ ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇشى باشلىنىدۇ.

19 رېيتېر ئاگېنتلىقى، «پاكىت ساندۇقى: - خىتاينىڭ 2020-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشدىكى مۇھىم نۇقتىلار»، 2021-يىلى 11-ماي، www.reuters.com/article/china-society-census-takeaways/factbox-key-takeaways-from-chinas-2020-population-census-idUSL4N2MY2I6

20 بۇ سانلىق مەلۇماتلار خىتاينىڭ 2010-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن كەلگەن. 2020-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلان قىلىنغاندا، مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبەت يىغىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان.

21 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «خىتاي: «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىش تۈرى كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك»، مەنبەگە قاراڭ ، 2019-يىل 21-ئاپرېل www.hrw.org/news/2019/04/21/china-belt-and-road-projects-should-respect-rights#

22 جامېس ئا.مىلۋاردىنىڭ «ياۋرو- ئاسىيانىڭ كېسىشىش ئېغىزى: شىنجاڭنىڭ تارىخى»، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007- يىل نەشرىگە قاراڭ.

بۇ رايون 1949- يىلدىن باشلاپ خىتاينىڭ ئىچكى جايلىرىدىن نوپۇسنى كۆچۈرۈشتىكى مۇھىم نىشان بولۇپ كەلدى.[23] يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ رايونغا كۆپلەپ ئېقىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، باشقا مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان زېمىن دەپ قارايدىغان تۇپراقلاردا بارغانسېرى چەتكە قېقىلىشنى ھېس قىلغان.[24]

## 2.1 1980يىللاردىن 2016- يىلغىچە تەكرار داۋام قىلغان كەمستىلىش، زوراۋانلىق ۋە باستۇرۇشلار

شىنجاڭدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمان خەلقلەر ئۇزۇندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كەمستىش ۋە باستۇرۇشلارغا ئۇچراپ كەلگەن. بۇ باستۇرۇشلار بولسا ئۇلارنىڭ ھەركەت قىلىش ۋە دىنى ئەركىنلىكىگە ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قاتنىشىش ھوقۇقى، شۇنداقلا خىزمەت، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يولغا قويۇلغان «ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا بۇ تارىخى كەمستىش ئازايدى. بۇ 1980- يىللاردىكى خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنىڭ جانلىنىشنى ئىلگىرى سۈردى. دائىرىلەر مەسچىتلەرنىڭ قايتا ئېچىلىشىغا يول قويدى، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىدىن ئىسلام دۆلەتلىرىگە ساياھەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى، چەتئەلدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئىلھام بەردى.[25]

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەشكىللىك سىياسىي ئۆكتىچىلىككە بولغان ئەندىشىسى 1991- يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەردە ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقۇنۇشلار بىلەن كۈچەيدى. بۇ ئەندىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان يىغىلىش نۇقتىسى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلىقى، چەتئەلدىكى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ، چەتئەلدە ئىسلام مەكتەبلىرىدە ئوقۇشقا كەتكەن ياش ئۇيغۇرلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ دېگەن چۈشەنچە بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ئەندىشىلەر مۇسۇلمان خەلقلەرگە يۈرگۈزۈلگەن باشقا بېسىملار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، 1980- يىللاردا يولغا قويۇلغان بىر قەدەر ئەركىن سىياسەتنىڭ بۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە بۇ بۇرۇلۇش شىنجاڭدا مىللىي نارازىلىقنى كۈچەيتىۋەتتى.[26]

ھۆكۈمەتنىڭ ئەندىشىسى 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن كۈچەيدى.[27] ئەينى ۋاقىتتا، دائىرىلەر نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەرنى ۋە قۇرئان مەكتەبلىرىنى تاقاپ، مۇستەقىللىقچى ياكى «ئاغدۇرمىچى» دەپ قارالغان دىنىي زاتلارنى ئىشتىن بوشاتقان ياكى قولغا ئالغان. ھۆكۈمەت ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا ۋە باشقا رەسمىي ئورگانلاردا ئىشلەيدىغان مۇسۇلمانلارنى خىزمەتتىن بوشىتىش تەھدىتى ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى چەكلەنگەن. 1996- يىلى، ھۆكۈمەت «مىللىي بۆلگۈنچىلەر»، «دىنىي ئاشقۇنلار» ۋە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر» گە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارنى ئاساسىي قاتلام كومپارتىيە كومىتېتلىرىدىن ۋە باشقا ئورگانلاردىن تازىلاش ئۈچۈن «چوڭقۇر ئاتېئىزىم تەربىيىسى» پائالىيەتلىرىنى باشلىدى.[28]

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا يۈز بەرگەن 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن باشلانغان «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى» دىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا بولغان چەكلىمىلەر كۆپەيدى. خىتاي ئۇيغۇر ئۆكتىچىللىرىنى تېرورىستلار دەپ ئاتىرىش ئارقىلىق دۇنياغا ئۇيغۇر بۆلگۈنچى گۇرۇپپىلىرىنى تېرورىست تەشكىلاتلار دەپ بېكىتىش ئۈچۈن بېسىم شەككىللەندۈردى[29] . دائىرىلەر ئىماملارنى نازارەت قىلىش ۋە مەسچىتلەرنىڭ

23 خىتاينىڭ ئالدىنقى 30 يىلدا، خىتايلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈرۈلۈشى 1950- يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئالاھىدە قىسمىنىڭ (ئادەتتە بىڭتۇەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ياردىمى بىلەن ئاسانلاشتى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن شىنجاڭنى مۇستەملىكە قىلىشقا خىزمەت قىلىدىغان ئورگان دەپ ئاتىلىدىغان بىڭتۇەن، ھەم مەلۇم دەرىجىدە ھەربىي قۇرۇلما ۋە چوڭ تەرەققىيات شىركىتى خاراكتېرىدىكى مەمۇرىي ئورگاندۇر. چېگرانى بويلاپ ۋە شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قازاقلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان شىمال بىلەن ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان جەنۇبنى ئايرىپ تۇرىدۇ. بىڭتۇەننىڭ بىر قانچە مىليون گېكتار يەردە ئۆزلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى بار، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتايلار. ئۇ خىتايدىكى ئالاھىدە ئورگان بولۇپ، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئورۇنغا ئىگە. ئۇ شىنجاڭ رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل باشقۇرۇلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ساقچى كۈچى، سوت مەھكىمىسى، دېھقانچىلىق ۋە سانائەت كارخانىلىرى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئەمگەك لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلىرى بار. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن جامېس د.سېيمور ۋە رىچارد ئاندېرسون، م. ئە. شارپ «يېڭى ئەرۋاھلار كونا ئەرۋاھلار - خىتايدىكى تۈرمىلەر ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرى»، 1998، 45- بەتكە قاراڭ. كىتابنىڭ 3- بابىدا بىڭتۇەن ۋە ئۇنىڭ ئەمگەك لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەر تورى، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قارمىقىدىكى ئايرىم جازا ئورۇنلىرى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇرلار بار. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدا، بىڭتۇەن بىۋاستە بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا قويۇلغان ۋە شىنجاڭ رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئېرىشكەن.

24 خىتاي پەسىللىك ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىتىنىڭ تەسىرى» ,133- سان، مارت، 1993 ،111-129 بەت، نىكولاس بېككېلىن، «نامايىشتىكى ئاۋارىچىلىق»، خىتاي نۆۋەتتىكى ئىنەزىرى ژۇرنىلى 10- سان، مارت/ئاپرېل 1997، 19-28 بەت؛ نىكولاس بېككېلىن ،نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى، «شىنجاڭدىكى زوراۋانلىقنىڭ ئارقىسىدا» 2009- يىل 9- ئىيۇل www.nytimes.com/2009/07/10/opinion/10iht-edbequelin.html?_r=1

25 گايىي كرىستوفلېرسېن: «ش ئۇ ئا ر ۋە بۈيۈك ئىسلام چەمبىرىكى: دۆلەت ھالقىغان كۈچلەرنىڭ خىتاينىڭ رايون پىلانىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، خىتاي پەسىللىك ژۇرنىلى، 1993- يىل 3- ئاي، 133- سان، 130-151 بەتلەر.

26 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلىش» 1999- يىل 4- ئاي www.amnesty.org/download/Documents/144000/asa170181999en.pdf

27 گاردنېر بوۋىڭدون، «ئۇيغۇرلار: ئۆز زېمىنىدىكى ناتونۇش كىشىلەر»، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010-يىل؛ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلىش» 1999- يىل 4- ئاي غا قاراڭ www.amnesty.org/download/Documents/144000/asa170181999en.pdf

28 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلىش» 1999- يىل 4- ئاي غا قاراڭ www.amnesty.org/download/Documents/144000/asa170181999en.pdf

29 شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى» گە قاراڭ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2020-يىل؛ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى باش ئەلچىخانىسى، «شەرقىي تۈركىستان» تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوساما بىن لادىن ۋە تالىبانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، 2001-يىل 11-ئاينىڭ 29-كۈنى؛ https://web.archive.org/web/20201014211618/https://www.fmprc.gov.cn/ce/ceee/eng/ztlm/fdkbzy/t112733.htm; نىكولاس بېكۇلىن، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى، «شىنجاڭدىكى زوراۋانلىقنىڭ ئارقىسىدا»، 2009-يىل 9-ئىيۇل www.nytimes.com/2009/07/10/opinion/10iht-edbequelin.html?_r=1

بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ياكى ئاشقۇن دىنىي ئىدىيە دەپ قارالغان پىكىرلەرنى تارقىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ۋەز-نەسىھەت قاتارلىق دىنى پائالىيەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى دوكلات قىلىدىغان ئۈچۈر بەرگۈچىلەرنى (ئىشپىيونلارنى) يېتىشتۈردى.[30] ھۆكۈمەت رامىزان ئېيىنى كۆتۈۋېلىش پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىشنى نىشان قىلدى. دائىرىلەر ئوقۇغۇچىلار ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ روزا تۇتۇشنى چەكلىدى.[31] 18 ياشتىن تۆۋەن كىشىلەرنىڭ دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىشى قەتئىي چەكلەنگەن ، ئۇلارنىڭ مەسچىتكە كىرىشمۇ چەكلەنگەن. دائىرىلەر يەنە رەسمىي تەستىقلانغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ سىرتىدا شەخسىي دىنىي ئوقۇتۇشنى چەكلىگەن.[32]

2009-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى يۈز بەرگەن ئۈرۈمچى 5- ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ، باستۇرۇش سىياسىتى تېخىمۇ كۈچەيدى.[33] ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا توپىلاڭدا 200 گە يېقىن ئادەم قازا قىلغان ، كەم دېگەندە 1700 ئادەم يارىلانغان ، قازا قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خىتايلار ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىنغان.[34] ساقچىلار توپىلاڭدىن كېيىن ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ يۈزلىگەن ئۇيغۇرنى قولغا ئالغان ۋە زوراۋانلىققا مەسئۇل دەپ قارالغانلارغا قاتتىق جازا بېرىلگەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئۇلارنى سوتلىغان مەھكىمىلەرنى خەلقئارا ئادىل سوت ئۆلچىمىگە يەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ.[35] سوت مەھكىمىلىرى نۇرغۇن ئۆلۈم جازاسى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازالىرىنى بەردى.[36] باشقا نەچچە ئونلىغان مەھبۇسلارنىڭ مەجبۇرىي يوق قىلىۋېتىلگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان بولۇپ ، دائىرىلەر ئائىلە ئەزالىرى ياكى ئادۋوكاتلارغا ھېچقانداق ئۇقتۇرۇش بەرمەيلا ئۇلارنى تۇتقۇن قىلغان.[37]

كېيىنكى يىللاردا يەنى 2010-يىلى 8-ئايدا ئاقسۇدا ، 2011-يىلى 7-ئايدا قەشقەر ۋە خوتەندە ساقچىخانىلاغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن. ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەلەرنى تېرورلۇق ھۇجۇمى دەپ تەسۋىرلىدى. تەتقىقاتچىلار بۇ ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى سەۋەبلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[38]

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن ، ھۆكۈمەت باستۇرۇش خاراكتېردىكى جىنايى ئىشلار-ئەدلىيە تەدبىرلىرى ۋە مۇقىمسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن باشقا تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. بۇلار شىنجاڭدىكى ساقچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: رايوننىڭ كۆپ ساندىكى يېزىلىرىدا ساقچى پونكىتلىرى ئورنىتىش مەقسىتىدە 8000 ساقچى قوبۇل قىلىنغان.[39]

دىنىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ چەكلەش ۋە بۇ خىل ئادەتلەرنى «ئاشقۇنلۇق» بىلەن سېلىشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان پائالىيەتلەر كېڭەيدى. ئالاھىدە مەركەزلەشكەن نۇقتا بولسا ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇشى ، ئاياللارنىڭ رومال ئارتىشنى چەكلەش بولدى.[40] رايوننىڭ بەزى يېزىلىرىدا ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاھالىلەرنى «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» نىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت مىزانىغا ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بەرگۈزدى.[41] ئۇ ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىشمۇ كۈچەيدى. پۈتۈن رايونغا ، بولۇپمۇ مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىگە ئون مىڭلىغان يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى كامېرالار ئورنىتىلىپ ، «يوچۇقسىز» نازارەت قىلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.[42] 2013-يىلى رەئىس شى جىنپىڭ يېغىۋېلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئېلان قىلىپ ، 200 مىڭ كادىرنى رايوندىكى يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇردى.[43]

30 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك زەربە: شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا دىنىي باستۇرۇش» ، 2005-يىل 4-ئاي www.hrw.org/reports/china0405.pdf

31 كېڭەش پالتاسى ئىجرائىيە كومىسسىيونىنىڭ (ئامېرىكا) خىتاي ھەققىدىكى دوكلاتى ، «ش ئۇ ئا ر دائىرىلىرى دىنىي قاتتىق كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن رامىزان چەكلىمىسىنى يولغا قويدى» ، 2011-يىل 11-ئۆكتەبىر www.cecc.gov/pages/virtualAcad/index.phpd?showsingle=163260

32 ئىگور روتار ، 18- قېتىملىق مۇنبەر ، «خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىشى داۋاملاشماقتا» ، 2006-يىل 15-ئاۋغۇست www.forum18.org/Archive.php?article_id=829

33 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «ئادالەت ، ئادالەت»: 2009-يىلى شىنجاڭدا يۈزبەرگەن 7- ئىيۇل نامايىشى» ، 2010-يىل 7-ئاينىڭ 2-كۈنى www.amnesty.org/download/Documents/36000/asa170272010en.pdf

34 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن ئۈچ يىل كېيىن- ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىش تېخىمۇ كۈچەيدى» ،2012-يىل 4-ئىيۇل https://www.amnesty.org/en/latest/news/2012/07/urumqi-riots-three-years-crackdown-uighurs-grows-bolder/

35 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «ئادالەت ، ئادالەت»: 2009-يىلى شىنجاڭدا يۈزبەرگەن 7-ئىيۇل نامايىشى» ، 2010-يىل 7-ئاينىڭ 2-كۈنى www.amnesty.org/download/Documents/36000/asa170272010en.pdf

36 ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ، «بىزنى ئاڭلىيالايدىغانلار بارمۇ ؟ 2009-يىلدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىنىڭ سادالىرى» ، 2010-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى docs.uyghuramerican.org/Can-Anyone-Hear-Us.pdf

37 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «بىز ھەتتا ئۇلارنى ئىزدەشتىنمۇ قورقىمىز»: ش ئۇ ئا ر نىڭ نامايىشىدا مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش ، 2009-يىلى21-ئۆكتەبىر ، www.hrw.org/sites/default/files/reports/xinjiang1009webwcover.pdf

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «ئادالەت ، ئادالەت»: 2009-يىلى شىنجاڭدا يۈزبەرگەن 7-ئىيۇل نامايىشى» ، 2010-يىل www.amnesty.org/download/Documents/36000/asa170272010en.pdf

38 شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى» گە قاراڭ ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2020-يىل ؛ 154-159 بەت.

39 شىنخۇا تورى ، «ش ئۇ ئا ر يېزا-بازارلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن 8000 ساقچى قوبۇل قىلىدۇ» ، 2012-يىلى 30-يانۋار ، web.archive.org/web/20140903032835/http://news.xinhuanet.com/english/china/2012-01/30/c_131382807.htm

40 كېڭەش پالتاسى ئىجرائىيە كومىسسىيونىنىڭ (ئامېرىكا) خىتاي ھەققىدىكى دوكلاتى ، «ش ئۇ ئا ر دائىرىلىرى دىنىي كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش سەپەرۋەرلىك پائالىيىتىدە ساقال ۋە ياغلىقنى نىشان قىلدى» ، 2010-يىل 18-ئۆكتەبىر ، www.cecc.gov/pages/virtualAcad/index.phpd?showsingle=147641

41 كېڭەش پالتاسى ئىجرائىيە كومىسسىيونىنىڭ (ئامېرىكا) خىتاي ھەققىدىكى دوكلاتى ، «ش ئۇ ئا ر دىكى ئورگانلار ۋەدە بېرىش سىستېمىسى ئارقىلىق يېزا تۇرمۇشنى كونترول قىلىدۇ» ، 2010-يىل 10-دېكابىر . www.cecc.gov/pages/virtualAcad/index.phpd?showsingle=148787

42 بىرلەشمە ئاگېنتلىقى: «خىتاي ئۈرۈمچىنى ‹تولۇق نازارەت ئاستىغا ئالدى› ، دۆلەت تاراتقۇلىرى مۇنداق دېدى: 2009-يىلى مىللىي زوراۋانلىق بېشىدىن كەچۈرگەن شىنجاڭنىڭ شەھەرلىرى مىڭلىغان كامېرالار تەرىپىدىن كۆزىتىلۋاتىدۇ» ، www.theguardian.com/world/2011/jan/25/china-urumqi-under-full-surveillance

43 جامېس لېيبولد ، خىتاي رەھبەرلىك نازارەتچىسى ، «بىخەتەرسىزلىكنىڭ قورقۇنۇچلۇق مەنبەسى: ج ك پ نىڭ شىنجاڭدىكى كەڭ قولغا ئېلىش ئىستراتېگىيىسى» ، 2019-يىل 1-مارت ، www.prcleader.org/leibold?fbclid=IwAR38OsGVP3ZYJwSUXy80gct52ywNid3RZil0Q3BhOfSDx_OruGW-2K7L3mA

2014-يىلى ، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق پىچاقلىق ھۇجۇم قىلىش ۋە بومبا پارتلاش ۋەقەسىدىن كېيىن ، ھۆكۈمەت «زوراۋان تېرورلۇق ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى باشلاتتى.[44] بۇنىڭ بىلەن كۆزىتىش ۋە باستۇرۇش كۆرۈنەرلىك ئاشتى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ، ئەمەلدارلار تېز قولغا ئېلىش ، تېز سوتلاش ۋە كەڭ كۆلەملىك جازالاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى. ھۆكۈمەت ئەيىبلىگۈچى ئورگانلار بىلەن سوتلار ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ «ھەمكارلىق» نى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەيىبلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئادىل سوتقا ئېرىشەلمەسلىك ئەندىشىسىنى كۈچەيتتى .[45] «خەلق ئۇرۇشى» بايرىقى ئاستىدا ، دىنىي ئادەتلەر تېخىمۇ قاتتىق چەكلىنىپ ، ھۆكۈمەت دىنى كىيىم-كېچەك ۋە دىنىي تەلىم-تەربىيە ھەم ھالال يېمەكلىكلەرنى چەكلىدى.[46] ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، ئالتە ئاي داۋاملاشقان قاتتىق باستۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن ، 2014-يىلى كۆزگىچە كەم دېگەندە 238 «قانۇنسىز دىنىي دەۋەتچى» دەپ قارالغان ۋە دىنىي پائالىيەت ئۈچۈن سورۇن ھازىرلىغان كىشىلەر قولغا ئېلىنغان ۋە 171 مەيدان «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر» بىكار قىلىنغان. جەمئىي 23000 «قانۇنسىز دىنىي بۇيۇم» مۇسادىرە قىلىنغان ، بۇلار 18000 دىن ئارتۇقى كىتاب ۋە 2600 دانىسى CD ۋە DVD قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[47] دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى ، ھۆكۈمەت پۇقرالارنى 15 كۈنلۈك «قايتا تەربىيىلەش» كە ئەۋەتىشكە ھوقۇق بەردى ۋە «قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى» توغرىسىدا دوكلاتلار ئوتتۇرىغا چىقتى.[48]

قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر قىلىش ۋە يۈرۈشنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان يېڭى سالاھىيەت رەسمىيەتلىرىنى ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان.[49] بارلىق كۆچمە خەۋەرلىشىش يانفۇن SIM كارتىلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان.[50] مەۋھۇم شەخسىي تورلارنى (VPN) قوللىنىش چەكلەنگەن. بىخەتەرلىك خادىملىرى قەرەللىك ھالدا ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفونلارنى تەكشۈرۈپ تۇرغان.[51] مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن تەدبىرلەر تور بىخەتەرلىكى خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ، خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلدى.[52] ھۆكۈمەت يەنە كەڭ كۆلەمدە بىئولوگىيىلىك سانلىق مەلۇمات توپلاش «ئىختىيارىي» ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى ۋە قاتنىشىشنى رەت قىلغان شەخسلەر «گۇمانلىق» دەپ بەلگە قويۇلۇشقا سەۋەب بولاتتى.[53]

2015-يىلى ، خىتاي يېڭى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى ماقۇللاپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا تېخىمۇ قاتتىق دەخلى-تەرۇز قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تىنىچ دىنى ئىبادەتنى قىلغان ياكى ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلغان كىشىلەرگە قىلغان زۇلۇمنى قانۇنلۇق قىلىپ كۆرسەتتى.[54] بۇ قانۇن يەنە تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچۇرنى يېشىشكە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.[55]

44 جېلىل قەشقەرى ، خەي نەن ، شىن لىن ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «خىتاي شىنجاڭدىكى ‹قاتتىق زەربە بېرىش› ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى» ، 2014-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى
www.rfa.org/english/news/uyghur/strike-hard-01092014172927.html;
BBC خەۋەرلىرى ، «خىتاي بۆلگۈنچىلەرنى كۈنمىڭ پىچاقلاش ۋەقەسى بىلەن ئەيىبلەندى» ، 2014-يىل 2-مارت
www.bbc.com/news/world-asia-china-26404566;
ئاندرېۋ جاكوبس ، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى ، «خىتاينىڭ يىراق غەربىدىكى بۇ شەھەر نورمال ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ» ، 2014-يىلى 23-ماي
www.nytimes.com/2014/05/24/world/asia/residents-try-to-move-on-after-terrorist-attack-in-china.html;
ئاندرېۋ جاكوبس ، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى ، «پويىز ئىستانسىسىدىكى ۋەقە خىتايدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈردى».
www.nytimes.com/2014/03/04/world/asia/han-uighur-relations-china.html?module=Uisil;
«خىتتاي كۈندىلىك گېزىتى» ، «شىنجاڭ پارتىيكوم شۇجىسى ‹خەلقنىڭ تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇشى› نى قوزغايمىز دېدى» ، 2014-يىلى 25-ماي
www.chinadaily.com.cn/china/2014-05/26/content_17541318.htm
45 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، خىتاي: تېرورلۇققا قاتتىق قارشى تۇرۇش قانۇنى كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان ھۇجۇم ، 2015-يىلى 4-مارت
www.amnesty.org/en/latest/news/2015/03/china-draconian-anti-terror-law/
46 شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى» گە قاراڭ ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2020-يىل ؛ 201-بەت
47 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، خىتاي: تېرورلۇققا قاتتىق قارشى تۇرۇش قانۇنى كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان ھۇجۇم ، 2015-يىلى 4-مارت
www.amnesty.org/en/latest/news/2015/03/china-draconian-anti-terror-law/
48 شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى» گە قاراڭ ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2020-يىل ؛ 202-بەت
جېرېمىي دام ، خىتاي قانۇن تەرجىمىسى ، «شىنجاڭدا تەربىيىلەش مەركەزلىرى مەۋجۇت ، ئەمما ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئاساسى بارمۇ ؟» ، 2018-يىلى 14-ئاۋغۇست ،
www.chinalawtranslate.com/xj-education-centers-exist-but-does-their-legal-basis/?lang=en;
جامېس لېيبولد ، خىتاي رەھبەرلىك نازارەتچىسى ، «بىخەتەرسىزلىكنىڭ قورقۇنۇچلۇق مەنبەسى: ج ك پ نىڭ شىنجاڭدىكى كەڭ قولغا ئېلىش ئىستراتېگىيىسى» ، 2019-يىل 1- مارت ،
www.prcleader.org/leibold?fbclid=IwAR38OsGVP3ZYJwSUXy80gct52ywNid3RZjl0Q3BhOfSDx_OruGW-2K7L3mA
49 مېرسى ئا. كو ، دىپلومات ژۇرنىلى ، «خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىيومېترىك ئۇچۇرلىرىنى توپلاش: دارىن بايلېردىن چۈشەنچىلەر» ، 2017-يىل 28-دېكابىر ،
thediplomat.com/2017/12/uyghur-biodata-collection-in-china/
50 رېيتېر ئاگېنتلىقى ، «خىتتاي شىنجاڭدىكى كومپيۇتېر ۋە تېلېفون سېتىۋالغۇچىلارنى ئىسىملىرىنى تىزىملاشقا قىستىدى: دوكلاتتا دېيىلىشىچە ، يېڭى تەدبىر بولسا «كىشىلەرنىڭ زىيانلىق ئۇچۇرلارنى تارقىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن» ئىكەن. 2015-يىل 29-يانۋار ،
www.theguardian.com/world/2015/jan/30/china-to-force-buyers-of-computers-and-phones-in-xinjiang-to-register-names
51 ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «ساقچىلار شىنجاڭدىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون ئىشلەتكۈچى ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈشنى كۆپەيتتى» ، 2016-يىلى 08-يانۋار ،
www.rfa.org/english/news/uyghur/police-increase-checks-of-smartphone-users-in-xinjiang-01082016133532.html
52 سام ساك ۋە پائۇل ترىئولو ، «خىتاي تور بوشلۇقىدىكى نامسىزلىقنى ئازايتىش» ، 2017-يىل 25-سېنتەبىر ، www.lawfareblog.com/shrinking-anonymity-chinese-cyberspace
53 مېرسى ئا. كو ، دىپلومات ژۇرنىلى ، «خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىيومېترىك ئۇچۇرلىرىنى توپلاش: دارىن بايلېردىن چۈشەنچىلەر» ، 2017-يىل 28-دېكابىر ،
thediplomat.com/2017/12/uyghur-biodata-collection-in-china/; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «خىتاي: ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مىليونلىغان كىشىلەردىن DNA توپلىدى - ئاممىۋى ساغلاملىق پروگراممىسى نامى ئاستىدا ساقچىلا شەخسىي ئۇچۇرلارنى توپلىدى» ، 2017-يىل 13-دېكابىر ،
www.hrw.org/news/2017/12/13/china-minority-region-collects-dna-millions
54 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، خىتاي: تېرورلۇققا قاتتىق قارشى تۇرۇش قانۇنى كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان ھۇجۇم ، 2015-يىلى 4-مارت
www.amnesty.org/en/latest/news/2015/03/china-draconian-anti-terror-law/
55 بېن بلانچارد ، رېيتېر ئاگېنتلىقى ، «خىتتاي مۇنازىرە پەيدا قىلىدىغان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى ماقۇللىدى» ، 2015-يىل 27-دېكابىر
www.reuters.com/article/us-china-security-idUSKBN0UA07220151228

چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىزى ۋە «ئالدىن مۆلچەرلەش خاراكتېردىكى ساقچىلىق» سىستېمىنى قوللىنىشقا قاراپ ئۆزگىرىش بىلەن تەڭ، ماس قەدەمدە خىتتاي «تېررورچى» بولۇش ئېھتىماللىقى بار كىشىلەرنى بايقاش تېخنىكىسى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلىدى.[56] ھۆكۈمەت ئالدىن مۆلچەرلەش خاراكتېردىكى ساقچىلىق ھەرىكىتىنى قوللاش ئۈچۈن قوللانغان، تاجاۋۇز خاراكتېردىكى ئۇچۇر توپلاش قىلمىشلىرىنى قانۇنلۇق قىلىپ كۆرسىتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنىنى قوللاندى.[57] بۇ قانۇن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئالاقە، سایاھەت ۋە خىزمەت تارىخى؛ ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ئارخىپى؛ ئىنتېرنېت ئىزدەش تارىخى؛ مالىيە ئۇچۇر ۋە ئائىلە ئالاقىلىرى قاتارلىق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە ھوقۇق بەردى.[58] بۇ سانلىق مەلۇماتلار توپلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى (IJOP) غا كىرگۈزۈلدى. بۇ چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىش پروگراممىسى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق كۆزىتىش سىستېمىسى توپلىغان ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىپ، بىر ئادەمنىڭ «نورمال» ياكى «ئىشەنچسىز» لىكىنى بەلگىلەيدۇ (IJOP ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن 2.3 بۆلۈمگە قاراڭ).

نازارەت قىلىش ۋە ئىجتىمائىي كونترول تەدبىرلىرىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى 2016-يىلى 8-ئايدا چېن چۈەنگونىڭ رايوندىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىكى ھوقۇق- شىنجاڭنىڭ پارتىيە سېكرېتارى بولۇپ كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلدى.[59] ئۇ شىنجاڭدىكى سىياسىي قاتلامنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن، 2011-يىلدىن 2016-يىلغىچە تىبەت ئاپتونوم رايونىدا (TAR) ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتتگەن. ئۇ بۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە، «ئېتنىك سىياسەتتە يېڭىلىق ياراتقۇچى» سۈپىتىدە نام قازانغان. نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلىغانلىقى ۋە TAR دىكى تىبەتلەرنىڭ بىر قاتار ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېتىش نامايىشىغا خاتىمە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.[60] بۇ ۋاقىتتا چېن چۈەنگونىڭ قول ئاستىدا ئىش ئېلىپ بارغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن ئىدى.[61] شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، چېن چۈەنگونىڭ ئىستراتېگىيىسى بىخەتەرلىك ئۈل ئەسلىھەلىرىگە غايەت زەر مەبلەغ سېلىش بولدى. ئۇ شىنجاڭدا پارتىيە سېكرېتارى بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دائىرىلەر 100 مىڭ يېڭى بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىشقا قوبۇل قىلىشنى ئېلان قىلىپ، شەھەر-بازارلاردا تەخمىنەن 7500 تەكشۈرۈش پونكىتى ياكى «قۇلايلىق ساقچى پونكىتى» نى قۇردى.[62] ھۆكۈمەت يەنە ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلىدى، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ پاسپورتىنى تاپشۇرۇپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى[63] ۋە چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنى 2017-يىلى20-مايغىچە شىنجاڭغا قايتىشنى بۇيرۇدى.[64]

2017-يىلى 3-ئايدا، شىنجاڭدا يېڭى «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» ماقۇللىنىپ، «ئاشقۇنلۇق» قىلمىشنى چەكلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈز يېپىش، «بىنورمال» ساقال قويۇش ۋە دۆلەت تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەدەنىيەت-كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىش قاتارلىقلار بار. ئېنىقلىمىسى ناھايىتمۇ مۈجمەل بولغان ۋە چەكتىن ئاشقان بەلگىلىمىلەر نۇرغۇنلىغان نورمال دىنىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلەرنى جىنايى قىلمىشلارغا ئايلاندۇردى.[65] «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا كېڭىيىۋاتقان لاگېر سىستېمىسىنى مەزكۇر رايوننىڭ باشقا جايلىرىغا كېڭەيتىشنى «قانۇنلۇق» سالاھىيەت بىلەن تەمىنلىدى.

2017-يىلى 4-ئايدا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن زور تۈركۈمدىكى كىشىلەر قولغا ئېلىنىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئورۇنلارغا ئەۋەتىلىشكە باشلىدى.[66] بۇ مەقسەتتە يۈزلىگەن ئىمارەتلەر قۇرۇلدى، كېڭەيتىلدى ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى.[67] ھۆكۈمەت دەسلەپتە بۇ ئەسلىھەلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى رەت قىلدى، ئەمما كېيىن ئۇلارنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇ ئەسلىھەلەرنى نامراتلىقتىن

56 شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى» گە قاراڭ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2020-يىل؛ 202-بەت
57 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خىتاي: تېررورلۇققا قاتتىق قارشى تۇرۇش قانۇنى كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان ھۇجۇم، 2015-يىلى 4-مارت
www.amnesty.org/en/latest/news/2015/03/china-draconian-anti-terror-law/
58 شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى» گە قاراڭ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2020-يىل؛ 202-بەت
59 كىرىس باكلېي، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى، «خىتاينىڭنىڭ مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇشىغا يول قويغان رەھبەرلەر»، 2018-يىلى 13-ئۆكتەبىر،
www.nytimes.com/2018/10/13/world/asia/china-muslim-detainment-xinjang-camps.html
جامېس لېيبولد، خىتاي رەھبەرلىك نازارەتچىسى، «بىخەتەرسىزلىكنىڭ قورقۇنۇچلۇق مەنبەسى: ج ك پ نىڭ شىنجاڭدىكى كەڭ قولغا ئېلىش ئىستراتېگىيىسى»، 2019-يىل 1-مارت،
www.prcleader.org/leibold?fbclid=IwAR38OsGVP3ZYJwSUXy80gct52ywNid3RZil0Q3BhOfSDx_OruGW-2K7L3mA
60 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «خىتاي تىبەتتىكى خاتالىقلارنى تەكرارلاشقا تەييارلاندى»، 2017-يىل 20-يانۋار،
www.hrw.org/news/2017/01/20/china-poised-repeat-tibet-mistakes
61 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «توختاۋسىز: خىتاينىڭ `مۇقىملىقنى ساقلاش` ھەرىكىتى نامىدىكى تىبەتلىكلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە جازالىشى» نى كۆرۈڭ، 2016-يىل 22-ماي
www.hrw.org/report/2016/05/22/relentless/detention-and-prosecution-tibetans-under-chinas-stability-maintenance
62 شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى» گە قاراڭ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2020-يىل؛ 205-بەت
داررېن بايلېر ۋە تىموتىي گروز، «خىتاينىڭ كۆزىتىش تەجرىبىخانىسى»، 2018-يىلى 31-ئۆكتەبىر
www.dissentmagazine.org/online_articles/chinas-surveillance-laboratory;
63 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، «خىتاي: شىنجاڭدا پاسپورتنى خالىغانچە يىغىۋادى»، 2016-يىل 1-نويابىر
www.hrw.org/news/2016/11/22/china-passports-arbitrarily-recalled-XUAR
64 شۆھرەت ھوشۇر، (2017)، چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئائىلىلەرگە تەھدىت ئاستىدا ش ئۇ ئا ر غا قايتىشقا بۇيرۇلدى [توردا] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى
www.rfa.org/english/news/uyghur/ordered-05092017155554.html
65 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، «خىتاي نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقادنى چەك تۇتۇشى كېرەك بولغان يېڭى قانۇنلارنى بىكار قىلىشى كېرەك»، 2017-يىل 31-ئاۋغۇست
www.amnesty.org/en/latest/news/2017/08/china-must-scrap-new-laws-tighten-authorities-grip-on-religious-practice/
66 شىنا چەستنات گرەتېنس، مېيۈگخى لى، ئەمىر يازىجى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش باستۇرۇشى: خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىۋاتقان ئىستراتېگىيىسى»، خەلقئارا بىخەتەرلىك ژۇرنىلى، 44-توم، 3-نومۇر (قىشلىق پەسىل 20/2019)، 9-47 بەتلەر، doi.org/10.1162/ISEC_a_00368
67 بەن دۆلىي، AFP، خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى ئىچىدە: ياش ئاققۇزۇش بومبىسى، توك كالتەكى ۋە دەرسلىك» كە قاراڭ، 2018-يىلى 24-ئۆكتەبىر
www.yahoo.com/news/inside-chinas-internment-camps-tear-gas-tasers-textbooks-052736783.html; ناسەر رۇسەر، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات ئىنستىتوتى (ASPI)، «شىنجاڭنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش سىستېمىسىنى ھۆججەتلەشتۈرۈش»، 2020-يىلى 9-ئاي
cdn.xjdp.aspi.org.au/wp-content/uploads/2020/09/25125443/documenting-xinjiangs-detention-system.cleaned.pdf

قۇتۇلدۇرۇش ياكى رادىكاللىقنى تۈگىتىش پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان «كەسپىي تەربىيىلەش» ياكى «مائارىپ ئارقىلىق ئۆزگەرتىش» مەركىزى قىلىپ يېڭى ناملارنى قويدى.[68]

2019-يىلى 7-ئايدا ، كۆپ قىسمى ياۋروپادىن بولغان 22 دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ (HRC) رەئىسىگە خەت ئەۋەتىپ ، كەڭ كۆلەملىك خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى «كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش» ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە «شىنجاڭغا مۇستەقىل خەلقئارالىق كۆزەتكۈچىلەرنى ئەۋەتىش» نى تەلەپ قىلدى.[69] ئوخشاش بىر ھەپتە ئىچىدە خىتاينىڭ HRC غا بەرگەن باياناتلىرىغا ئوخشايدىغان ئىپادە بىلەن ئوتتۇرا شەرق ، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى 37 دۆلەت خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇققا قوشقان تۆھپىسىنى ماختىغان بىر پارچە خەت بىلەن جاۋاب قايتۇردى.[70] 2020-يىلى 6-ئايدا ، ب د ت نىڭ 37 ئالاھىدە دوكلاتچىسى ۋە مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەر HRC غا خەت ئەۋەتىپ ، شىنجاڭدىكى دىنىي ۋە مىللىي پائالىيەتلەرنى باستۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە بولغان ئەندىشىلىرىنى بىلدۈرۈپ ، بۇ ئەيىبلىنىۋاتقان قىلمىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن «تەرەپسىز ۋە مۇستەقىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مېخانىزمى» نى بەرپا قىلىشقا چاقىردى.[71]

خىتاي ۋە ئۇنى قوللايدىغان دۆلەتلەر مۇستەقىل تەكشۈرۈش ۋە باشقا چاقىرىقلارغا جاۋاب بېرىپ ، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تېخىمۇ ماختىدى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ۋە بۇ توغرىلىق مۇزاكىرىلەرنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[72] 2021-يىلى 6-ئايغىچە ، ھېچقانداق مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمىدى.

68 ليلى كو ، مۇھاپىزەتچىلەر گېزىتى ، «ئىنكار قىلىشتىن پەخىرلىنىشكە: خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى لاگېرلار ھەققىدىكى باياننى قانداق ئۆزگەرتتى» ، 2018-يىلى 21-ئۆكتەبىر www.theguardian.com/world/2018/oct/22/from-denial-to-pride-how-china-changed-its-language-on-xinjiangs-camps

69 كاتېرىن پۇتز ، دىپلومات ژۇرنىلى ، «قايسى دۆلەتلەر خىتاينىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى قوللايدۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ؟» ، 2019-يىل 15-ئىيۇل thediplomat.com/2019/07/which-countries-are-for-or-against-chinas-xinjiang-policies/

70 نىك كامىڭ-برۇس ، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى ، «خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشقا قايتۇرغان ئىنكاسى: روسىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ماختىشى» ، 2019-يىل 12-ئىيۇل ، www.nytimes.com/2019/07/12/world/asia/china-human-rights-united-nations.html

71 بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى ، «ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى خىتايدىكى ئەڭ نېگىزلىك ئەركىنلىكنى قوغداشتا ھەل قىلغۇچ تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلدۇ» ، 2020-يىل 26-ئىيۇن www.ohchr.org/EN/NewsEvents/Pages/DisplayNews.aspx?NewsID=26006

72 كاتېرىن پۇتز ، دىپلومات ژۇرنىلى ، «2020 نەشر: قايسى دۆلەتلەر خىتاينىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى قوللايدۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ؟» ، 2020-يىل 9-ئوكتەبىر thediplomat.com/2020/10/2020-edition-which-countries-are-for-or-against-chinas-xinjiang-policies/

## ئاشكارىلانغان خىتاي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى

2019-يىلى نويابىردىن باشلاپ، ژۇرنالىستلار، تەتقىقاتچىلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ھۆججەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار بىرلىكتە تەييارلىغان بۇ ھۆججەتلەر بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان جازالاش قىلمىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك لاگېرلار سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ۋە مۇددىئالىرى توغرىسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ھۆججەتلىك ئىسپاتلاردۇر.

2019-يىلى نويابىردا، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى 400 بەتتىن ئارتۇق خىتاينىڭ ئىچكى ھۆكۈمەت ھۆججىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. دەۋر ژۇرنىلىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، «شىنجاڭ ھۆججىتى» دەپ ئاتالغان بۇ ماتېرىياللار «مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ۋە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى، بۇ باستۇرۇشلارنىڭ مەجبۇرلاش ۋە پىلانلىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان خاراكتېرىنى دەلىللىدى». بۇ ھۆججەتلەر خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «تېررورىزمغا، سىڭىپ كىرىشكە ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش» ۋە «مۇستەبىت ئورگانلار» دىن پايدىلىنىپ «قەتئىي رەھىم-شەپقەت قىلماسلىق» ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدىن تارتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ كەڭ-كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتلەردە يەنە ھەرىكەتلەرنى يېتەرلىك قوللىمايدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ تازىلانغانلىقى ۋە شىنجاڭ پارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى «تۇتۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇش» نى ئوتتۇرىغا قويغان چېن چۈەنگو تەيىنلەنگەندىن كېيىن لاگېر سىستېمىسىنىڭ زور دەرىجىدە كېڭەيتىلگەنلىكى ئاشكارىلاندى.[73]

يەنە 2019-يىلى 11-ئايدا، خەلقئارالىق تەھقىقلىگۈچى ژۇرنالىستلار بىرلەشمىسى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمىنى ئاشكارىلىدى. «خىتاي تېلگرافلىرى» دەپ ئاتالغان بۇ ھۆججەتلەر شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى باشقۇرۇشتىكى «مەشغۇلات قوللانمىسى» دەپ تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[74] بۇ قوللانما - «تېلېگراما» دەپ ئاتالغان بولۇپ، لاگېر مەسئۇللىرىغا «لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى قەتئىي قانداق ساقلاش»، «مەجبۇرىي مىڭە يۇيۇش ئۇسۇللىرى» ۋە تۇتقۇنلارنى باھالاشتا ئىشلىتىلىدىغان نومۇر سىستېمىسى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ ئاشكارىلانغان قىسمى يەنە «ئۇقتۇرۇش» دەپ ئاتالغان تۆت خىل بىخەتەرلىك دوكلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ IJOP نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئاممىۋى ئۇچۇر توپلاش ۋە كۆزىتىش پروگراممىسى ۋە IJOP توپلىغان ئۇچۇرلارنىڭ «شىنجاڭدىكى پۇتكۈل ئاھالىلىرىنى كاتېگورىيەلەشتۇرۇپ تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن تاللاش» تا قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلايدۇ.[75]

ئاشكارىلانغان باشقا ئىككى ھۆججەتتە 2017-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قولغا ئېلىنغان ۋە شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەن بىر قانچە مىڭ كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەت خاتىرىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتلەردە، ئىسىملىرى ھۆججەتتە خاتىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ قەيەردە ياشايدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، شىنجاڭدىكى يەر ناملىرى بويىچە «قاراقاش تىزىملىكى» ۋە «ئاقسۇ تىزىملىكى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، شەخسلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇلۇشى ۋە لاگېردا قېلىشىدىكى رەسمىي سەۋەبلىرى يېزىلغان.[76] (قاراقاش تىزىملىكى ۋە ئاقسۇ تىزىملىكدىكى تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلار ئۈچۈن 3.1- بۆلەككە قاراڭ).

73 «شىنجاڭ ھۆججىتى»: ئوستىن رامزى ۋە كىرىس باكلېي، «`قەتئىي رەھىم-شەپقەت قىلماسلىق`: ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنى قانداق تەشكىللىگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى: خىتاينىڭ 400 بەتتىن ئارتۇق ئىچكى ھۆججەتلىرىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان باستۇرۇشتىكى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىچكى كۆرۈنۈش ئاشكارىلاندى»، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى، 2019-يىل 16-نويابىر، www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-xinjiang-documents.html; خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ دوكلاتىغا بەرگەن ئىنكاسى ئۈچۈن، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ ستېۋېن لى مېرس يازغان: «خىتاي مۇسۇلمانلارغا قارىتا يۈرگۈزگەن زەربە بېرىشنى ئاقلىدى ۋە ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىنى تەنقىدلىدى»، 2019-يىل 18-نويابىرغا قاراڭ، www.nytimes.com/2019/11/18/world/asia/china-xinjiang-muslims-leak.html

74 «خىتاي تېلگرافلىرى»: بېتانىي ئاللېن-ئىبراھىميان، خەلقئارالىق تەھقىقلىگۈچى ژۇرنالىستلار بىرلەشمىسى، «ئاشكارىلاندى: خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك لاگېر ۋە ئالگورىزما قوللىنىپ قولغا ئېلىش مەشغۇلاتى ئېلىپ قوللانمىسى. يېڭى ئاشكارىلانغان خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ھۆججىتى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنى باشقۇرۇش مەشغۇلات قوللانمىسى- شىنجاڭدىكى لاگېرلار ۋە رايوننىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىش سىستېمىسى مېخانىزمىنى ئاشكارىلىدى». 2019-يىلى 24-نويابىر، www.icij.org/investigations/china-cables/exposed-chinas-operating-manuals-for-mass-internment-and-arrest-by-algorithm/; تېلگراما ئۈچۈن: www.documentcloud.org/documents/6558510-China-Cables-Telegram-English.html

75 «تېلېگراما»: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيىنىڭ سىياسىي ۋە قانۇن ئىشلىرى كومىتېتى، «ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئورگان تېلېگراممىسى: كەسپىي ماھارەت مائارىپى ۋە تەربىيىلەش مەركەزلىرىنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ-پىكىلەر»، 2017، www.documentcloud.org/documents/6558510-China-Cables-Telegram-English.html

76 ئادرىيان زېنز، سىياسىي خەتەر ژۇرنىلى، «قاراقاش تىزىملىكى: بېيجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش ھەرىكەت ئاناتومىيىسىنى پارچىلاش»، 2020-يىل فېۋرال www.jpolrisk.com/karakax/; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خىتاي: چوڭ سانلىق مەلۇمات پروگراممىسى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنى نىشان قىلىدۇ - 2000 دىن ئارتۇق تۇتقۇنلارنىڭ ئۇچۇرلىرى ئاشكارىلانغان تىزىملىك ئاپتوماتىك باستۇرۇشنى نامايان قىلىدۇ، 2020-يىلى 9-دېكابىر www.hrw.org/news/2020/12/09/china-big-data-program-targets-XUARs-muslims#

# 2 ئىرقىي كىملىككە قارىتا ئومۇميۈزلۈك باستۇرۇش ۋە يوقىتىش

**2019-يىلى ئۈرۈمچىگە باردىم، پويىزدىن چۈشۈشۈمگىلا خىتايلارنى بىر رەت، مۇسۇلمانلارنى بىر رەت بولۇپ تىزىلىشقا بۇيرۇدى. (مۇسۇلمانلار) قايتىدىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، ئەمما خىتايلار تەكشۈرۈلمىدى.**

سەقىن، مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق كەمسىتىشكە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

## 1.2 2017 يىلىدىن بۇيان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىنسان ھەقلىرى زوراۋانلىقلىرى

2017-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى تېررورلۇققا قارشى ھەرىكەتنى كۈچەلەندۈرۈش قالپىقى ئاستىدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارغا قارشى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر باستۇرۇش ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرى ۋە ئېتىقادىنى، تۈرك - ئىسلام ئېتنىك كىملىكىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يىلتىزىدىن يوقىتىش ۋە بۇ خەلقلەرنى دىنسىزلاشتۇرۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىدېئولوگىيىنى بەرپا قىلىش ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنى خىتاي مىللىتى بىلەن ئوخشاش تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە، خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىگە سادىق خىتاي مىللىتى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىدى.

ھۆكۈمەت بۇ سىياسىي ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش ۋە مەدەنىيەتنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ھەرىكىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىشنى باشلىدى (3-ۋە 6-بۆلۈملەرگە قارالسۇن). يىغىۋېلىش لاگېرلىرى سىستېمىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ، ھەتتا يىغىۋېلىش لاگېرى سىرتىدىكىلەرنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىگىمۇ قاتتىق چەكلىمە قويدى. بۇ چەكلىمىلەر نۇرغۇنلىغان ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ قىلمىشلار بولۇپ، بۇلار ئەركىنلىك، ئىنسانىي بىخەتەرلىك ھوقۇقى، مەخپىيەتلىك، ھەرىكەت ئەركىنلىكى، پىكىر ۋە بايان قىلىش ھوقۇقى، ئوي-پىكىر، ھېسسىي تۇيغۇ، دىن ۋە ئېتىقاد، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئەركىنلىكى، باراۋەرلىك ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىق ھوقۇقى قاتارلىق ھەق-ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىلمىشلار شۇنچىلىك كەڭ كۆلەمدە سىستېمىلىق ھالدا يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىر بۇ ۋەزىيەت شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمان بولغان مىليونلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھاياتىدا توختاتقىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئومۇملاشتى.

ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەن ۋە كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەت بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىتىش تېخنولوگىيىسىنى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىشلىتىشى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى سەۋەبىدىندۇر. ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈزلۈكسىز نازارەت قىلىش ۋە كۆزىتىپ باھالاپ تۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن لايىھىلىگەن، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھەم ئادەم كۈچى ھەم ئېلېكترونلۇق كۆزىتىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىدۇ. ھەر يەردە ئۇچراپ تۇرىدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى، زوراۋان بىخەتەرلىك كۈچلىرى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا مۇستەقىللىقى بولمىغان قانۇن سىستېمىسى بىلەن بىرلىكتە خەلقنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز قىلىش سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىرەر قېتىممۇ قولغا ئېلىنمىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن زەربە بېرىش نىشانى قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى قاتتىق ئىجتىمائىي كونترول قىلىش سىستېمىسى ئاستىدا داۋاملىق قولغا ئېلىنىش، تۇتقۇن قىلىنىش ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىنىشتىن قورقۇپ ئەندىشە بىلەن ياشايدۇ. بۇ خىل قىلمىشلار ئىنسانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئۈزلۈكسىز دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقىدۇر.

## دىنىي ئەركىنلىك ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش هوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق قانۇن

دىنى ئېتىقاد ۋە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكلىرى ئۇنىۋېرسال كىشىلىك هوقۇق ئومۇمىي خىتابنامىسى (UDHR) دىكى ئەڭ نېگىزلىك ئىنسان هەقلىرى دەپ شەرھىلەنگەن بولۇپ ، خەلقئارالىق هەر تۈرلۈك ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەهدىنامىسى (CERD) ، خەلقئارالىق پۇقرالار ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسى (ICCPR) ۋە بارلىق چەتكە قېقىش ، كەمسىتىش ، دىن ياكى ئېتىقادنى يەكلەش ۋە كەمسىتىشنى يوقىتىش خىتابنامىسى قاتارلىق باشقا خەلقئارالىق كىشىلىك هوقۇق خىتاپنامىلىرى ، خەلقئارالىق كىشىلىك هوقۇق ئەهدىنامىلىرىنىڭ مۇهىم تەركىبلىرىدۇر.[77] بۇ هۆججەتلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىشىلىك هوقۇقنى ، دىننى ئاساس قىلغان هالدا هېچقانداق ئايرىمچىلىق قىلماسلىق شەرتى بىلەن هۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي يەنە قانۇننىڭ بۇ خىل كەمسىتىشلەرنى چەكلىشىنى ۋە هەق-هوقۇقلارنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.[78] بۇ هۆججەتلەر يەنە هەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى بارلىق پۇقرالار ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەهرىمەن بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىنى ۋە «ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش» نى تەلەپ قىلىدۇ.[79]

خەلقئارالىق پۇقرالار ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسى (ICCPR) نىڭ 18-ماددىسىدا دىنىي ئەركىنلىك هوقۇقى: هەج قىلىش ، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ، ئىبادەت قىلىش ، دىنىي ئۆگىتىش جەهەتلەردە ئەركىنلىكنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئېتىقادنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا شەخسلەرنىڭ ئوي-پىكىر ئەركىنلىكى ، ۋىژدانى بىلىش ۋە دىنىي ئېتىقادنى تاللاش ئەركىنلىكلىرىنى چەكلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن ، جەمئىيەت ئامانلىقى ، تەرتىپىنى قوغداش ، سالامەتلىككە كاپالەتلىك قىلىش ، ئەخلاق ياكى ئەقەللىي هەق-هوقۇقلار ۋە باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش زۆرۈر بولغان ئەهۋال ئاستىدا ، دىنىي ئېتىقادنى ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىش هەققىنى چەكلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى خەلقئارالىق پۇقرالار ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان ، مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان هۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ ئەهدىنامىلەردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەهۋالىنى نازارەت قىلىدىغان ئورگاندۇر. ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى ئالاهىدە تەكىتلەپ ، ئەڭ ئاخىرقى پرىنسىپنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ، بولۇپمۇ «مەزكۇر ئەهدىنامىدە كۆرسىتىلمىگەن چەكلەشلەرنى قوللىنىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى ، يەنى هەتتا دۆلەت بىخەتەرلىكىنى سەۋەب قىلىش ئارقىلىق ئەهدىنامىدە شەرھلەنگەن مۇناسىۋەتلىك قوغدىلىدىغان هەق-هوقۇقلارغا دەخلى-تەرز يەتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى» كۆرسىتىدۇ.[80]

خەلقئارالىق پۇقرالار ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسىنىڭ 27- ماددىسىدا ئېتىنىك ، تىل ، دىن جەهەتتە پەرقلىق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ساقلاش ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۆز تىلىنى ئىشلىتىش هوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى بۇ هەق-هوقۇقلارنىڭ قەتئىي هۆرمەت قىلىنىشى ۋە هەرقانداق شارائىتتا ئېتىبارسىزلىشتۇرۇلماسلىقىنى تەلەپ قىلغان.[81] خىتاي هۆكۈمىتىمۇ ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان خەلقئارالىق بارلىق ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەهدىنامىسى (CERD) دا مەدەنىيەت ۋە باشقا ساهەلەردە «بارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان مەلۇم ئىرقىي گۇرۇپپىلار ۋە شەخسلەرنىڭ مۇۋاپىق تەرەققىيات ۋە قوغدىلىنىش هوقۇقلىرىغا ئىگە بولۇشى ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك هوقۇق ۋە ئەڭ ئەقەللىي هەق-هوقۇقلاردىن تولۇق ، باراۋەر دەرىجىدە بەهرىمەن بولۇش هوقوقلىرىنىڭ هۆرمەت قىلىنىشى ، كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىنى» تەلەپ قىلغان.[82]

كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى دىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆندىلىك تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شۇ جەمئىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. خىتاي 2001-يىلى ئىمزا قويغان خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت هوقۇقلىرى ئەهدىنامىسىدا ، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش هوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەدەنىي هوقۇقلاردىن بەهرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.[83] بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن هەق-هوقۇقلاردا يەنى ، يېتەرلىك ئوزۇقلىنىش ۋە مائارىپتىن بەهرىمەن بولۇش هوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارالىق پۇقرالار ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسىغا (ICCPR) ئەزا دۆلەتلەردىن مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى ئۇچۇن ئەمەلىي هەرىكەتكە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە دۆلەتلەرنىڭ «يادرولۇق» مەجبۇرىيىتى بار ، ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئالدىغا ياكى گۇرۇپپا ، مەهەللە ئىچىدە ياشاۋاتقان شەخسلەر ئۇچۇن ئۆزلىرى تاللىغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشالايدىغان مۇهىتنى بەرپا قىلىپ بېرىشى كېرەك.[84]

---

77 ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ، ئۇنىۋېرسال كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى (UDHR) ، 1948-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى ، 217 A (III) ، ئادرېسى: www.refworld.org/docid/3ae6b3712c.html; ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ، خەلقئارالىق پۇقرالار ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسى (CERD) ، 1966-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ، شەرتنامە يۇرۇشلۇكى ، 999-توم ، 171-بەت ، ئادرېسى: www.refworld.org/docid/3ae6b3aa0.html; ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ، خەلقئارالىق هەر تۈرلۈك ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەهدىنامىسى (CERD) ، 1965-يىل 12-ئاينىڭ 21-كۈنى ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ، شەرتنامە يۇرۇشلۇكى ، 660-توم ، 195-بەت ، ئادرېسى: www.refworld.org/docid/3ae6b3940.html; ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ، ئېتىقادنى يەكلەش ۋە كەمسىتىشنى يوقىتىش خىتابنامىسى ، 1966-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ، شەرتنامە يۇرۇشلۇكى ، A/RES/31/138 ئادرېسى: www.refworld.org/docid/3b00f12c24.html; ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت هوقۇقلار خەلقئارا ئەهدىنامىسى ، 1966-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ، شەرتنامە يۇرۇشلۇكى ، يۇرۇشلۇكى ، 993-توم ، 3-بەت ، ئادرېسى: www.refworld.org/docid/3ae6b36c0.html

78 ICCPR A2, 26; ICESCR A2.2; خەلقئارالىق هەر تۈرلۈك ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەهدىنامىسى A1.

79 دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى ئالاهىدە دوكلاتچىنىڭ دوكلاتى A1/HRC/37/49 paras 28-29.

80 ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى ، 22-نومۇرلۇق ئومۇمىي ئىزاهات: ئوي-پىكىر ۋە دىن ئەركىنلىكى هوقۇقى (18-ماددا) ، ب د ت هۆججىتى. 1993-يىلى 3-0ئىيۇل ، 8. پاراگراف (Art. 18), UN Doc. CCPR/C/21/Rev.1/Add.4, 30 July 1993, para. 8

81 ئومۇمىي ئىزاهات 29 ، § (س) 13 8HRC

82 CERD ماقالە 2- (2)

83 خەلقئارالىق پۇقرالار ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسى 3-ماددىسى ، 15-ماددىسى ئۇنىۋېرسال كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى 27(1) -ماددىسى

84 ئىقتىساد كومىتېتى. ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت هوقۇقى ، ئومۇمىي ئىزاهات 21-نومۇر: هەممەيلەننىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قاتنىشىش هوقۇقى E/C.12/GC/21 ب د ت هۆججىتى 55- پاراگراف

CESCR9 ئومۇمىي ئىزاهات 21-نومۇر ، 15-پاراگراف

CESCR10 ئومۇمىي ئىزاهات 21-نومۇر ، 16-پاراگراف

CESCR11 ئومۇمىي ئىزاهات 21-نومۇر ، 65،46،19-پاراگراف

CESCR12 ئومۇمىي ئىزاهات 21-نومۇر ، (ب) 49،48،6،1-پاراگراف

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى كومىتېتى (CESCR) ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىپادىسىنىڭ ، مەدەنىيەت پائالىيىتىگە «قاتنىشىش» ۋە تۆھپە قوشۇش ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.[85] بەھرىمەن بولۇش ، بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھوقۇقنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ ، بۇ «ھەممەيلەننىڭ ئۆزى خالىغان تىل بىلەن مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بارلىق ئۇچۇرلارنى ئىزدەش ، قوبۇل قىلىش ۋە ئورتاقلىشىش» ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[86] ئەگەر ھەرقانداق تەدبىر مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ھوقۇقىنى چەكلىسە ، دۆلەت بۇ تەدبىرنى قوللىنىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ، جۈملىدىن بۇ تەدبىرنىڭ قانۇنلۇق بىر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈرلۈكىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرى ۋە ئۆلچەملىرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش كېرەك. [87] ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى كومىتېتى (CESCR) تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ، مەدەنىيەت ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ، ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمەت ، شەخس ۋە جەمئىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئىزاھلىدى. [88] مەدەنىيەت بايلىقى ۋە مىراسلىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى نېگىزلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، ھەرقانداق كىشىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش دېمەكتۇر» دېگەن پرىنسىپ ئاساسىدا ، ئەزا دۆلەتلەر ھەتتا ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش جەھەتتە پىكىر بىرلىككە كەلگەن بولۇپ بۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلقئارالىق قانۇنلارنىڭ نىزامىدۇر.[89]

# 2.2 دىنىي ئەركىنلىك ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن چەكلىمىلەر ھەققىدە گۇۋاھلىقلار

خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا ، پۇقرالار «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ» ، دۆلەت «نورمال دىنىي پائالىيەتلەر» نى قوغدايدۇ دەپ بەلگىلىگەن.[90] ئەمما ھۆكۈمەت قانۇنلىرىدا قايسى پائالىيەتلەرنىڭ «نورمال» پائالىيەت بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي ئېنىقلىمىلار بېرىلمىگەن. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى قاتتىق چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ كەلدى. 2017-يىلى بۇ چەكلىمىلەر تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

2017-يىلى 3-ئايدا بىر قاتار ئىسلامى دىنىي پائالىيەتلەرنى قاتتىق چەكلەيدىغان ئېغىر كەمسىتىش خاراكتېرلىك ئاشقۇنلۇققا قارشى نىزامنامە ماقۇللاندى ھەم بۇلار ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى.[91] بۇ نىزامنامىدە ، مەدەنىيەت ۋە دىنىي كىملىكنى ئوچۇق-ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا كۆرسىتىش يەنى «بىنورمال» ساقال ئۆستۈرۈش ، ھىجاب كېيىش ياكى ياغلىق ئارتىش ، دائىم ئىبادەت قىلىش ، روزا تۇتۇش ، ھاراق ئىچمەسلىك ، ئىسلام دىنى ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى كىتاب ماتېرىياللارنى ئوقۇش ، سېتىۋېلىش «ئاشقۇنلۇق» دەپ قارالغان. بۇ نىزامنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن دىنىي زاتلار ، زىيالىيلار ۋە ئاكادېمىكلار شىنجاڭدا پەقەت ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ھوقۇقلىرىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈنلا قولغا ئېلىنغان.[92] بۇ بەلگىلىمىلەر بىلەن بىرلىكتە ، «دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ 75خىل ئىپادىسى» كۆرسىتىلگەن ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ۋاراقچىسى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلغان.[93] يۇقىرىدا ئېيتىلغان«ئاشقۇنلۇق» نىڭ ئىپادىلىرى: ھىجاب كېيىش ، ساقال ئۆستۈرۈش ، يۈزنى ئېتىۋېلىش ، پىلانلىق تۈغۈت سىياسىتىگە قارشى چىقىش ، تەستىقلاتماي تۇرۇپ دىنىي ئىمارەتلەرنى سېلىش ، تەستىقتىن ئۆتمىگەن ھەج پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ، قورامىغا يەتمىگەنلەرگە روزا تۇتقۇزۇش ، ئىبادەت قىلغۇزۇش ياكى دىنىي كىتابلارنى ئوقۇتۇش ، ھاراق-تاماكىنى تاشلاش ۋە دائىمىي ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ، نورمىدىن ئارتۇق يېمەكلىك سېتىۋېلىش ۋە

*كېيىنكى بەت: خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن دىنىي ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى يۆتكىۋەتكەن.*

85 CESCR ئومۇمى ئىزاھات 21-نومۇر ، 15-پاراگراف
86 CESCR ئومۇمى ئىزاھات 21-نومۇر ، 16-پاراگراف
87 CESCR ئومۇمى ئىزاھات 21-نومۇر ، 19 ، 46 ، 65- پاراگراف
88 CESCR ئومۇمى ئىزاھات 21-نومۇر ، 1 ، 6 ، 48 ، 49 (ب) پاراگراف
89 ئادەتلەنگەن خەلقئارالىق قانۇن بولسا ، خەلقئارالىق قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەر ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان قانۇننىڭ خەلقئارالىق قوللىنىلىشىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ ، ئۇ يازما شەكىلدىكى ئەھدىنامە ۋە شەرتنامىلەرگە ئوخشىمايدۇ. تەركىب ئېنىقلىمىسىغا قاراڭ: قانۇن ئۇچۇر ئىنستىتۇتى ، «ئادەتلەنگەن خەلقئارا قانۇن» https://www.law.cornell.edu/wex/customary_international_law
قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەندە مەدەنىيەت مۈلكىنى قوغداش ھەققىدىكى گاگا ئەھدىنامىسى (1954) ، 1954-يىلدىكى گاگا ئەھدىنامىسىنىڭ ئىككىنچى كېلىشىمنامىسى ؛(1999)
-53 AP I -ماددا ۋە -16 AP II جەنۋە ئەھدىنامىسى ماددا (1977)
ئادەتلەنگەن خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنى ، 38-قائىدە ICRC
90 خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ، «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ، 36-ماددا www.npc.gov.cn/zgrdw/englishnpc/Constitution/2007-11/15/content_1372963.htm
91 شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشقۇنلۇققا قارشى نىزامنامىسىغا قاراڭ ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشقۇنلۇققا قارشى نىزامنامىسى» ، خىتاي قانۇنى تەرجىمىسى ، 16-پاراگراف ، 2017-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى ، www.chinalawtranslate.com/en/xinjiang-uyghur-autonomous-region-regulation-on-de-extremification
خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «خىتاي: بىر مىليونغا يېقىن ئائىلىنى قولغان ئالغان كەڭ كۆلەملىك « قايتا تەربىيىلەش» تۈرمىسى ھەققىدە جاۋاب بېرىشى تەلەپ قىلىنماقتا» ، 2018 -يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى. https://www.amnesty.org/en/latest/news/2018/09/china-XUAR-families-of-up-to-one-million-detained-demand-answers/
92 بۇ ، 2014-يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇر ئىقتىسادشۇناس ، يازغۇچى ۋە پروفېسسور ئىلھام توختى ۋە 2017-يىلى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان پروفېسسور ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى تاشپولات تېيىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «بۆلگۈنچىلىك» جىنايەتلىرى بىلەن ئەيىبلەنگەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «خىتاي پۇقرالار جەمئىيىتى ۋە تەتقىقاتچىلار خىتاينى ئۇيغۇر پروفېسسورى ئىلھام توختىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا بەش يىل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى دەرھال قويۇپ بېرىشكە چاقىردى» ، 2019-يىل 12-ئاينىڭ 15-كۈنى. www.amnesty.org/en/documents/asa17/9690/2019/en
خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، 2019-يىلى 9-سېنتەبىر ، «ئۇيغۇر ئاكادېمىكلار خىتايدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنماقتا» www.amnesty.org/download/Documents/ASA1710062019ENGLISH.pdf
93 شىيا سى چىنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ ،«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونى دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 خىل ئىپادىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى». 2014-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈن www.globaltimes.cn/content/898563.shtml





ساقلاش ، «يېتەرلىك سەۋەب» بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مىقداردىن ئارتۇق يېقىلغۇ ، لاگېر ئۇسكۇنىلىرى ياكى چېنىقىش ئەسلىھەلىرى سېتىۋېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز-ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىلار « ئاشقۇن» ھەرىكەتلەرنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇلدى.[94]

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2017-يىلدىن 2021-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدا ياشىغان 65 نەپەر مۇسۇلمان ئەر-ئاياللىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدا ئىسلامىي پائالىيەتلەرگە ئادەتتىن تاشقىرى دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ بەردى. بۇ كىشىلەر خىتايدىن ئايرىلغان چاغدا ، ھېچقايسىسى ئەركىن-ئازادە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالمايتتى. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىپلا قالسا تۇتۇلۇپ جازا لاگېرىغا قامىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارىلىدىغان نۇرغۇن ئىسلامىي ئادەتلەر قانۇندا ئوچۇق-ئاشكارا چەكلەنمىگەن بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە مەنئى قىلىنغان ئىدى.[95] مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ، مەسچىتكە كىرىش ، دىنىي ئۆگىنىشى ، ئىسلامىي كىيىملەرنى كىيىشى ، باللىرىغا ئىسلامىي ئىسىملارنى قويۇشى چەكلەنگەن.[96] بۇرۇن شىنجاڭدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، يەنە يېتەرلىك دەرىجىدە دىنسىز كۆرۈنمەسلىكنىڭمۇ ، مەسىلەن ، ھاراق ئىچمەسلىك ، تاماكا چەكمەسلىك ، پەقەتلا ھالال يېمەكلىكلەرنىلا يېيىشنىڭمۇ گۇمانلىق دەپ قارىلىپ ، كىشىلەرنىڭ جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[97]

داۋاملىق مەۋجۇت بولغان تۇتۇلۇپ كېتىش تەھدىتى نەتىجىسىدە ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، سىرتتىكىلەرگە قارىتا ھېچقانداق دىنىي ئالامەتلەرنى كۆرسەتمەيدىغان ھالغا كەلدى. لاگېر شاھىتى سەقىپ ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆز يېزىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئۇزاقلىشىش ئۈچۈن سۆز-ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ «بىز 2017-يىلدىن بۇرۇن ئىبادەت قىلالايتتۇق ، روزا تۇتالايتتۇق... 2016-يىلى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى رامازاندا مۇسۇلمانلارغا سالام يوللىغان ئىدى. جازا لاگېرلىرى ئېچىلغاندىن كېيىن ئىنسانلار ئىبادەت قىلالمايدىغان ، روزا تۇتالمايدىغان بولدى. ھەتتا ئادەملەر ئىماملار بىلەن پاراڭلىشىشتىنمۇ قورقاتتى. بىز ھەتتا بىر-بىرىمىز بىلەن ئىسلامچە سالاملىشالمايتتۇق» دېدى.[98] بۇنىڭدىن باشقا بۇرۇن شىنجاڭدا ياشىغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئەنئەنىۋى ئىسلامچە سالاملىشىشنىڭ يا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بۇيرۇق بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى ياكى ئومۇمىي خەلقنىڭ بۇ خىل سالاملىشىشنى چەكلەنگەن دەپ ئويلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. يېركىنبېك مۇنداق دېدى «بىز ھازىر بىر-بىرىمىزگە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېيەلمەيمىز».[99]

جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى دائىم مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئائۇلبېك كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يېزىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشنى توختاتقانلىقىنى بايقىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ھېچكىم [بىزنىڭ يېزىدا] ناماز ئوقۇمايدۇ چۈنكى ھۆكۈمەت دىنغا قارشى ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى».[100]

سەقىپنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مەسچىت بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا سولانغانلىقىنى ئېيتقان دۆلەت ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا 2017-يىلى يولغا قويۇلغان يېڭى چەكلىمىلەر نەتىجىسىدە ، كەنتىدىكى كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ 2019-يىلى جازا لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندە:

> **«ھازىر [2019-يىلدا] ئىنسانلار دىن ھەققىدە» پاراڭلىشىشنى توختاتتى... ھېچكىم [بىزنىڭ يېزىدا] جۈمە نامىزىغا كەلمەيدۇ... ھەربىر يېزىنىڭ ئۆزىگە خاس سىياستى بار. بىزنىڭ يېزىدا ئاياللارنىڭ ياغلىق ئارتىشىغا قايتىدىن رۇخسەت قىلىندى... باشقا يېزىلاردا بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ. ئاڭلىشىمچە بەزى يېزىلاردا قۇرئان ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنىپتۇ لېكىن بۇ، بىزنىڭ يېزىدا ھەتتا بۇگۈنمۇ پۈتۈنلەي چەكلىنىپ كېلىۋاتىدۇ».[101]**

رازىيە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئەسلىدە بىر قانچە يىل بۇرۇنلا مەمۇرلارنىڭ روزا تۇتۇشى ، مەسچىتكە بېرىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ، 2016-يىلدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەممەيلەنگە قارىتا روزا تۇتۇش ، ئىبادەت قىلىشنى چەكلەشكە ئۇرۇنغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. «ئۇلار بىزنىڭ بولۇپمۇ رامىزاندا روزا تۇتۇشىمىزنى چەكلىدى. ئۇلار بىزنى [يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا] چاقىرىپ يېمەك يېگۈزەتتى. رامىزاندا ئۇلار [كىملەرنىڭ ئىبادەت قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن] كىملەرنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇق ئىكەنلىكىنى كۆزىتەتتى... كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىنى [كۆرۈپ قېلىشىدىن] قورقۇشقا باشلىدى» دېدى.[102]

---

94 شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش نىزامنامىسى» غا قاراڭ ، خىتاي قانۇنى تەرجىمىسى ، 2017-يىلى -ئاينىڭ 30-كۈنى. www.chinalawtranslate.com/en/xinjiang-uyghur-autonomous-region-regulation-on-de-extremification/

95 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «باللىرىمنى ھازىر روزا تۇتقىنى ئۈچۈن كەچۈرۈڭ» - شىنجاڭدىكى رامىزان ، 2019-يىل 5-ئاينىڭ 2-كۈنى ، www.amnesty.org/en/latest/campaigns/2019/05/forgive-my-children-ramadan-in-xinjiang/

96 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتىگە قاراڭ: كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «خىتاي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانچە بوۋاق ئىسىملىرىنى چەكلەيدۇ: ئۇيغۇرلارغا قارىتا كۆپىيىۋاتقان چەكلىمىلەرنىڭ بىر قىسمى بولغان بىمەنە پەرمان» ،2017-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ، www.hrw.org/news/2017/04/25/china-bans-many-muslim-baby-names-xinjiang

97 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتىگە قاراڭ: جون شارمان ، مۇستەقىل ، «خىتاي مۇسۇلمانلارنى چوشقا گۆشى يېيىشكە ۋە ھاراق ئىچىشكە زورلاۋاتىدۇ» يېڭى يىل بايرىمى: شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار «ھالالغا قارشى تۇرۇش» پائالىيىتىنى باشلىغاندىن كېيىن ئەيىبلەندى. 2019-يىلى 2-ئاينىڭ 7-كۈنى www.independent.co.uk/news/world/asia/china-muslims-xinjiang-pork-alcohol-lunar-new-year-spring-festival-uighur-islam-a8767561.html

98 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

99 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى. دارىرېن بايلېر ،SupChina ، ئۇيغۇرچە سۆزلىمەسلىك « ۋەتەنپەرۋەرلىكى» كە قاراڭ ، 2019-يىلى 1-ئايىنىڭ 2-كۈنى ، supchina.com/2019/01/02/the-patriotism-of-not-speaking-uyghur

100 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

101 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

102 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان گۇۋاھچىلار ھۆكۈمەتنىڭ توي-تۆكۈن ، ئىسىم قويۇش ، دەپنە قىلىش قاتارلىق ئەنئەنىۋىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشنى چەكلىگەنلىكىنى ئېيتتى.[103] دۆلەت مۇنداق دېدى «ھازىر ئەگەر بىرى ئۆلۈپ كەتسە ، پەقەتلا بىۋاستە تۇغقانلىرى دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشالايدۇ.[104] يېرىكنىبەك كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا «بۇرۇن بىز ئىبادەت قىلالايتتۇق ۋە دىنىي بايراملارنى ئۆتكۈزەلەيتتۇق .ھازىر بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالمايمىز. ھېچكىم دەپنە مۇراسىمىدا دۇئا قىلالمايدۇ. بۇ چەكلىمىلەر كىشىلەرنى بەكمۇ بىئارام قىلىدۇ چۈنكى ئۇلار يېقىنلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا دەپنە قىلالمايدۇ» دېدى.

سەقىنىنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، ھۆكۈمەت كادىرلىرى 2017-يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ يېزىسىدىكى كىشىلەردىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىغا دائىر بىر ھۆججەتكە ئىمزالاشنى تەلەپ قىلغان. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقىنى دېيىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن چۈنكى ئۇلار راستىنى ئېيتسا بېشىغا كېلىدىغان ئىشلاردىن قورقاتتى. سەقىن  يەنە ساقچىلار ۋە ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ، ئۆزى قاتنىشىۋاتقان بىر دەپنە مۇراسىمىنى يېرىمىغا كەلگەندە قانداق توختىتىپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئۆلگەن كىشىنىڭ دىنغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان ھۆججەتكە ئىمزا قويغانلىقىنى ، شۇڭلاشقا بۇ كىشى ئۈچۈن دىنىي تۈس ئالغان دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بۇ مۇراسىمنى توختىتىپ قويغانىكەن.[105] لاگېر شاھىدى مەرىيەمگۈل ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ يېزىسىدىكى ئەنئەنىۋىي مۇراسىملاردىكى دىنىي ئامىللارنى قانداق يوقاتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى:

> **ھازىر توي مۇراسىملىرى ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە ئىمام [قۇرئاندىن] ئايەتلەر ئوقۇيدۇ ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا ئىسىم قويىدۇ. لېكىن ھازىر [ھۆكۈمەت ئەمەلدارى] ئىسىم قويىدۇ ۋە قۇرئاندىكى ئايەتلەر ئوقۇلمايدۇ ... ھەتتا [بالىلارغا قويۇلۇشى] چەكلەنگەن ئىسلامىي ئىسىملار بار ... ئۇلار ھەتتا ئىسىملىرى ئىسلامچە بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى، مەسىلەن «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمغا ئوخشاش ئىسىملار.[106]**

يەنە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ھۆكۈمەتنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا خىتايلار بىلەن توي قىلىش ھەققىدە ئوچۇق-ئاشكارا بېسىم قىلغانلىقىنى ئېيتتى. يەنە بەزىلەر ، ئازسانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا خىتايلار بىلەن توي قىلغانلىقى ئېيتىپ ئۆتتى.[107] مەرىيەمگۈل كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، «ھۆكۈمەت كىشىلەرنى مىللەتلەر ئارا توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ [شۇنداق قىلغانلارغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلىدۇ] ، مەسىلەن: قايتا تەربىيىلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ۋە بىرقىسىم ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. خىتايلار بىلەن توي قىلغان كىشىلەر خىتايلارغا ئوخشاش ھەق-ھوقۇقلارغا ئېرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىدۇ ، گېزىتلەرگە چىقىدۇ. ئۇلار بۇنى تەشۋىق قىلىدۇ» دېدى.[108]

مۇخبىرلار ۋە تەتقىقاتچىلار ، ھۆكۈمەتنىڭ ئازسانلىق مىللەت ئەزالىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن سىياسەت چىقارغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. خەۋەردە كۆرسىتىلىشچە ، بۇ سىياسەتلەر نەق پۇل بېرىش ، بالىلار ئۈچۈن ھەقسىز مائارىپ ، ئوقۇش ياردەم پۇلى ، ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق ئۆيىگە ئېرىشىش ۋە خىزمەتتە ئورۇنلىشىشتا ئېتىبارغا بېرىلىش ، تۇغۇلغان بالىلىرى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندا نومۇر قوشۇپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.[109] مۇخبىرلار ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقىنىمۇ خەۋەر قىلدى.[110]

## دىنىي ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى يوقىتىش

شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان سابىق ئاھالىلەر ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىكى ھەر قانداق دىنغا ئائىت بۇيۇملار ياكى تېلېفوندىكى ھەر قانداق دىنىي مەزمۇنلارنى ساقلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئېيتتى. دىنىي كىتابلار ، كىنو-فىلىملەر ياكى رەسىملەر ، بۇلار چەكلەنگەن بۇيۇملار قاتارىغا كىرىدۇ.خەلقئارا كەچۈرۈم قىلىش تەشكىلاتى ئۈچ كىشى بىلەن پاراڭلاشتى ، بۇلارنىڭ ئىككىسى سابىق ھۆكۈمەت خادىمى ، يەنە بىرسى بولسا ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ، كىشىلەرنىڭ مال -مۈلۈكنى نازارەت قىلىش ۋە ئاختۇرۇشقا ياردەملەشكەن. ئۇلارنىڭ ئىككىسى مۇسۇلمان ئائىلىردىن چەكلەنگەن بۇيۇملارنى يىغىۋالغانلىقى ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

---

103 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى ؛ شۆھرەت ھوشۇر ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرلىرى `دەپنە قىلىش باشقۇرۇش مەركەزلىرى` ئىشلىتىش ئارقىلىق ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي دەپنە مۇراسىم قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتمەكتە» ناملىق مەنبەگە قاراڭ ، 2018-يىلى 19-ئاپرېل ، www.rfa.org/english/news/uyghur/burials-04192018141100.html

104 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

105 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

106 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

107 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

108 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

109 Edward Wong, Nem York Times ، «غەربىي خىتايدىكى مالىمانچىلىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ، ئەمەلدارلار مىللەتلەر ئارا توي قىلغانلار ئۈچۈن پۇل بېرىدۇ». 2014-يىل 2-سېنتەبىر ، www.nytimes. com/2014/09/03/world/asia/to-temper-unrest-china-pushes-interethnic-marriage-between-han-and-minorities.html

Darren Byler، SUPChina ، «مىللىتلەر ئارا توي قىلىش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببىتى» ، 2019-يىلى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى. supchina.com/2019/08/07/uyghur-love-in-a-time-of-interethnic-marriage/

Eva Xiao، AFP ، «ئاسسىملاتسىيە قىلىشنى تىزلىتىش ئۈچۈن خىتاينىڭ ش.ئۇ.ئا.ر دىكى مىللەتلەر ئارا تو قىلىشنى ئەۋج ئالدۇرۇش ھەركەتلىرى» ، 2019-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى. news.yahoo.com/china-pushes-inter-ethnic-marriage-XUAR-assimilation-drive-044619042.html

110 Share America, Leith Hartman «خىتاي ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خالىمايدىغان نىكاھقا مەجبۇرلىماقتا» ، 2019-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى. share.america.gov/china-coerces-uyghur-women-into-unwanted-marriages/

بىر قانچىلىغان سابىق ئاھالىلەر، مەدەنىيەتكە ئائىت كىتابلار، مىللىي بۇيۇملار ۋە تۈرۈك مۇسۇلمان مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا مەزمۇنلاردىكى نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە چەكلەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[111] ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىگە تەۋە مەدەنىيەتلىرىنى يوق قىلىۋېتىشىغا ھەم ئۇنىڭ ئورنىغا خىتايچە كىتاب ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇشىغا مەجبۇر قىلىنغان. بۇ چەكلىمىلەر پەقەت دىنىي ئىشلارغىلا مۇناسىۋەتلىكلا ئەمەس… مەن بىر نەۋرە تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىدە ئىدىم ۋە ئۇلار تۇغقىنىمنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ياغاچ نەقىشلەرنى [ئالدۇرۇۋەتكەن] ۋە گىلەملىرىنى كەستۈرىۋەتكەن ئىدى… گىلەمنىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان خەتلەر بار ئىدى… ئۇ خەتلەر ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن [دائىرىلەر] ئۇلارنى كەستۈرىۋەتتى» دېدى سەقىن.[112]

سابىق ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ساقچى ياكى ھۆكۈمەت كادىرلىرى تەرىپىدىن ئاختۇرۇلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بەزىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاھالىلەر ئۆز ئۆيلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈپ قېلىشىنى پەرز قىلىپ، ئۆيلىرىدىكى ئىسلام ياكى ئۇيغۇر ياكى قازاق مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق كىتاب ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ياكى يوقىتىۋەتكەن. «ھەممە ئادەملەرنىڭ كىتابلىرىنى [ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا] ئېلىپ كېلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان ئىدى … بىزنىڭ ئۆيدە كىتاب ئىشكابىدا ئۇيغۇرچە كىتابلار بار ئىدى. بىز كىتابلارنى تاپشۇرمىدۇق، چۈنكى [ئەگەر تاپشۇرساق] بۇ كىتابلار ئىسپات بولۇپ قالاتتى. شۇڭا بىز كىتابلارنى يوشۇردۇق. بەزى كىشىلەر كىتابلىرىنى كۆيدۈردى. مەن شۇ يەردىكى ۋاقتىمدا بىز ئۇلارنى يوشۇرغان ئىدۇق» دېدى ھۆرنىسا.[113] «بىز قورقتۇق، شۇڭا بىز ئۇنى [قۇرئانىمىزنى] يىرتىپ، كىچىك -كىچىك قىلىپ پارچىلاپ، ئاندىن ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتۇق» دېدى سەقىن.[114]

رازىيە، ئۆزىنىڭ رايونىدىكى 2016-يىلدىن 2017-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ، دىنىي زاتلارنىڭ بەزىلىرىنى «كاتېگورىيىلەرگە» ئايرىپ، قانداق زەربە بېرىش نىشانى قىلغانلىقىنى كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇ تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى، مەسىلەن، ئەگەر دىنىي يوسۇندا كىيىنگەنلەر بولسا ياكى باشقا يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى شۇنداق قىلغان بولسا (ئۇلارنىڭ دىنىسىز خالىي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ) - ئۇلارنىڭ نىشانى بولسا بارلىق مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش. ئۇ مۇنداق دېدى: 2017-يىلى يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بارلىق مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ دىنىي ئىبادەت ئادەتلىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىزدەشكە باشلىغان. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دىنغا ئائىت بۇيۇملارنى قانچە ئۇزاق يوشۇرۇن ساقلىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى:

> **[بىخەتەرلىك خادىملىرى] كوچىلاردا يانفونلارنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار يەنە [بىزنىڭ ئۆيىمىزدىكى] قۇرئان، جايناماز ۋە تەسۋى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەكشۈردى. بىز بۇ نەرسىلەردىن يوقىتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. بىز قۇرئاننى مۇشۇنداق تاشلىۋېتىشكە پېتىنالمىدۇق، شۇڭا ئۇنى قازانغا سېلىپ قاينىتىپ، ئاندىن تاشلىۋەتتۇق چۈنكى بىز شۇنى بىلەتتۇق، ئەگەر بىز كىتابلارنى قاينىتىپ تاشلىۋەتسەك، ساقچىلار بىزنىڭ كىتابلاردىكى بارماق ئىزلىرىمىزنى تاپالمايتتى.**[115]

ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان مەريەمگۈل، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ يېزىسىدىكى مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قەرەللىك زىيارەت قىلىپ، دىنىي پائالىيەتكە ئائىت دەپ قارىلىدىغان ھەر قانداق بۇيۇملارنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى. ئەگەر دىنىي پائالىيەتكە ئالاقىدار بۇيۇملار تېپىلىپ قالسا، شۇ ئائىلىلەرنىڭ لاگېرلارغا ئەۋەتىلىش خەۋپى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.[116]

> **ئەگەردە ئۆيىڭىزنىڭ ئىشكىدە ھىلال ئاي بەلگىسى بولسا، سىز ئۇنى ئېلىۋېتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر كەپتەر ياكى كېمىگە ئوخشاش شەكىللەر بولسا، ئۇنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك. باشقا مەدەنىيەتتىن كەلگەن ھەر قانداق نەرسىلەر بولسا، سىز ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك. ھەر بىر ئائىلىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنىپ بېرىلگەن بىر قۇرئان بار، سىز ئۇنىڭدىن باشقا دىنغا ئائىت ھېچقانداق بۇيۇملارنى ساقلىيالمايسىز.**

ئايمەن، ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ خەلقئاراكەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە ساقچىلارنىڭ مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى بارلىق دىنىي بۇيۇملارنىڭ مەجبۇريي مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

*قارشى تەرەپتىكى بەت: خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى ئائىلىلەرنى نازارەت قىلماقتا. كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمانلار ئائىلىسىدە خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ھەر ئايدا بىر قانچە كۈن ئۇلار بىللە يېتىپ قونۇشى تەلەپ قىلىنغان.*

> **بىز [بىر مۇسۇلمان مىللەتتىن بولغان] 20 ئائىلە تۇرىدىغان يەرگە [يېزىنىڭ بىر قىسمىغا] باردۇق. بىز دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىشىمىز ۋە بۇلارنىڭ قانۇنسىز ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈشىمىز**

111 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
112 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
113 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
114 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
115 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
116 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.



**كېرەك ئىدى... بىز بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشكىنىمۇ چەكمىدۇق. ئۇلارنىڭ رۇخستىنى ئالماي ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىردۇق... ئۆي ئىچىدىكى ئادەملەر يىغلاپ كېتىشتى. بىز يىغىۋالغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق. بىز ئۇلارغا يەنە ئۆيلىرىدىكى ئەرەبچە يېزىقتا يېزىلغان بۇيۇملارنى ئېلىۋېتىشنى ئېيتتۇق.**

ئايمەن يەنە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا كادىرلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى دىنىغا ئائىت مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى دائىم نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىق ئەھۋالىنى ئېيتتى. «[بىز نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلغاندا] ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە مەسچىتنىڭ رەسىملىرى ياكى ھەرقانداق بىر دىنغا ئائىت نەرسىلەر بولماسلىقى كېرەك. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ خىتاي بايرىقىنى ئېسىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز ئۇلارغا مەسچىت رەسىملىرىنى ئېلىۋېتىشنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا بايراق ئېسىشنى ئېيتتۇق».[117]

مەھمەت، ئۇمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشلىگەن بولۇپ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى دىنىي ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىزدەشكە مەسئۇل بولغانلىق ئەھۋالىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «بىز مەھەللىدە ھەر بىر ئۆيدىكى قازاق تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە كىتابلارنى ياكى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان خۇش خەتلەرنى تەكشۈرەتتۇق. بىز ئۇلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىشىمىز كېرەك ئىدى... بىز كىتابلارنى [كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن] يىغدۇق، ئاندىن مەھەللە ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردۇق. ئاشخانىدىكى كۆزەتچى خادىملار كىتابلارنى كۆيدۈردى. مەن بۇ ئىشلارنى كۆردۈم».[118]

## دىنىي ۋە مەدەنىي يەر-جايلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەر، مازارلار، قەبرىستانلىقلار ۋە باشقا دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرى سىستېمىلىق بۇزۇپ يوق قىلىۋېتىلدى ياكى باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىدىغان ئورۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى.[119] ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مەزكۇر رايوننى تەكشۈرۈپ، 2017-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى ياكى بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى تەخمىن قىلدى.[120] بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بۇ قەدىمىي يەرلەر ئىچىدە مۇقەددەس جاي دەپ تاۋاپ قىلىنىدىغان ئورۇنلار بار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىن ۋە مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جايلارنى زىيارەت قىلغان چەتئەللىك ئالىمنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئەڭ مۇقەددەس ئىككى زىيارەتگاھ - ئىمام جەفەرىي سادىق مازىرى ۋە ئوردام پادىشا مازارلىرى چېقىۋېتىلگەن ياكى باشقا ئورۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، تاقالغان ۋەياكى ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئالايندۇرۇۋەتكەن.[121] مەھمەت باشقا يەردىكى ئۈچ تارىخىي مازارنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە [دائىرلەر] بۇ مازارگاھلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: «ھازىر ھەممە ئادەم ئۇ يەرلەرگە بېرىشتىن قورقىدۇ».[122]

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېزا-بازارلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىۋېتىلەلەنلىكىنى ئېيتتى.[123] نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلار نەچچە ئايلار تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، كېيىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەندە، كەنتلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى، مەسچىتلەرنىڭ ۋە باشقا مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ياكى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنغا ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بائۇرجان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ كەنتىنى كۆرگەن چاغدا، ئۆز كەنتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار ھەممە مەسچىتلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھىلال ئاي بەلگىلىرىنى... ۋە ئۆيلەردىكى ئۆي جاھازلىرىنى يۆتكىۋەتكەن ئىدى... ھازىر ھەر بىر ئۆيدە شى جىنپىڭنىڭ رەسىمى بولۇشى كېرەك. بۇرۇن بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەسچىتنىڭ رەسىمى بار ئىدى».[124] ئايتوغان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزىنىڭ رايونىدىكى نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى، رېستورانلارنىڭ «ھالال» بەلگىنى ئېسىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئىسلام دىنىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئورۇنۇۋاتاتتى».[125] ئايدار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ يېزىسىدا ئىلگىرى 15 مەسچىتنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەنتىدىكى ئىككى مەسچىتنىڭمۇ بارلىقىنى، بىراق بۇ مەسچىتلەردىن 13 نى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

117 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
118 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
119 رئان سام، `ختايدا ئىشلەنگەن` ناملىق ژۇرنال - «شىنجاڭدىكى بوشلۇقلارنى تازلاش: مازارلارنىڭ ئەھمىيىتىنى خۇنۇكلەشتۇرۇش». 2020-يىلى 24-ئاۋغۇست، ماقالىغا قاراڭ- madeinchinajournal.com/2020/08/24/the-spatial-cleansing-of-XUAR-mazar-desecration-in-context/;
لىلى كۇو، `مۇھاپىزەتچىلەت گېزىتى`، «خىتاينىڭ ش.ئۇ.ئا.ر دىكى مەسچىتلەرنى ئۇزىل-كېسىل يوق قىلىۋېتىش ھەركىتى ئاشكارلاندى»، 2019-يىلى 6-ماي، www.theguardian.com/world/2019/may/07/revealed-new-evidence-of-chinas-mission-to-raze-the-mosques-of-xinjiang; `ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقوق قۇرۇلۇشى`، «دىنىي ئېتىقادنى ۋەيران قىلىش: ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىد ۋە مازارلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ۋە خۇنۇكلەشتۇرۇلىشى»، 2019-يىلى28-ئۆكتەبىر؛ جوئاننې سمىس فاينلېي، `ختاي ھۆججەتلىرى`، «بىز ھازىر بۇ ئىش توغرىسىدا گەپ قىلمايمىز: شىنجاڭدىكى `تازلاش ھەركىتى` نىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى»، 2018-يىلى 28-دېكابىر، www.chinafile.com/reporting-opinion/viewpoint/now-we-dont-talk-anymore
120 ناسان رۇسېر، دوكتۇر جامېس لېيبولد، كېلسېي مۇرنو ۋە تىللا غوجا، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتى، «مەدەنىيەتنى يوقۇتۇش: شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلامىي ئورۇنلارنىڭ ۋەيرا قىلىنىشىنى ئىزدەپ چىقىش»، www.aspi.org.au/news/cultural-destruction-and-detention-facilities-XUAR
121 رئان سام، `ختايدا ئىشلەنگەن` ناملىق ژۇرنال - «شىنجاڭدىكى بوشلۇقلارنى تازلاش: مازارلارنىڭ ئەھمىيىتىنى خۇنۇكلەشتۇرۇش». 2020-يىلى 24-ئاۋغۇست، ماقالىغا قاراڭ- madeinchinajournal.com/2020/08/24/the-spatial-cleansing-of-XUAR-mazar-desecration-in-context/
122 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
123 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى؛ ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى دىنىي ئورۇنلارنى بۇزۇۋېتىشى پەقەت مەسچىتلەرنى بۇزۇش بىلەنلا چەكلەنمىگەن. شىجىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنلارنى «يات دىنلار» دەپ قاراپ، ئۇلارغا قارىتا «خىتايلاشتۇرۇش» قەدىمىنى تىزلەتتى. بولۇپمۇ 2014-يىلىدىن بۇيان، ئاساسلىقى دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان جېجاڭ ئۆلكىسىدىكى چېركاۋلارنىڭ مىڭلىغان كىرست بەلگىللىرىنى ۋە باشقا چېركاۋلارنى `قانۇنسىز ۋە ھەددىدىن ئاشقان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى رەتلەپ باشقۇرۇش` دېگەن سەۋەبلەر بىلەن بۇزۇۋەتتى. «بۆگۈنكى ئاسىيادىكى دىنلارنىڭ ئۆزگۈرۈشى - خەلقئارالىق ھەركەت»، دەۋىد ۋ. كىم نەشر قىلغان.
124 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
125 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**هازىر پەقەت ئىككى مەسچىتتىلا كىشىلەر ناماز ئوقۇيالايدۇ. 13 مەسچىت تاقىتىۋېتىلدى ... پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا [شۇ قالغان مەسچىتلەردە] ئىبادەت قىلىدۇ. بۇ مەسچىتلەر بەك كونىراپ كەتكەن... مەن ھەتتا ئۆيۈمدىمۇ ئىبادەت قىلالمايمەن چۈنكى ئۇلار مېنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەن قورقىمەن... بەزى [تاقىۋېتىلگەن] مەسچىتلەر قۇرۇق، بەزىلىرى كىيىم-كېچەك زاۋۇتلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن ... ئەمما بارلىق مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرى چېقىۋېتىلدى ۋە ئىسلامىي نەقىشلەر ئېلىۋېتىلدى ... كەنتىمدىكى ھەر ئىككى مەسچىت (ئۇنىڭ بىرى ھازىرمۇ ئوچۇق) ، بۇ مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرى چېقىۋېتىلگەن.[126]**

گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئىسلامىي بەلگە بولغان ھىلال ئاي شەكىللىرى ، ئەرەب يېزىقىدىكى خەتلەر مەسچىتلەردىن ۋە باشقا دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرىدىن ھەم قەبرىستانلىقلاردىن ئېلىۋېتىلگەن. «بەزى مەسچىتلەر چېقىۋېتىلدى... بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھىلال ئاي بەلگىلىرى ئېلىۋېتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتاي بايرىقى ئېسىلدى... ھىلال ئاي بەلگىلىرى قەبرىستانلىقلاردىنمۇ ئېلىۋېتىلدى. مەسىلەن ، ئاپام قازا قىلدى ، ئاكام ھىلال بەلگىسىنى قەبرە تېشىدىن ئېلىۋەتتى. كەنتتىكى ئەمەلدارلار ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى» ، دېدى ئابزال.[127] «مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىدىن ھىلال ئاي بەلگىلىرىنى ئېلىپ تاشلاش ئىدى ... قەبرىلەر ئۈستىدىكى ئەرەبچە خەتلەرنى بوياش ئىشلىرىنى قىلاتتىم ... مەن تۇغقانلىرىمنىڭ قەبرە تاشلىرىنىمۇ بويىدىم» دېدى مەھمەت.[128]

## 3.2 مۇكەممەل نازارەت قىلىش دۆلىتى

شىنجاڭدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار دۇنيادىكى ئەڭ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان خەلق بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتى غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىپ ، بۇ توپلۇمنىڭ ھاياتىغا ئائىت ناھايىتى كۆپلىگەن تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى توپلىماقتا. بۇ سىستېمىلاشقان نازارەت قىلىش سىستېمىسى كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتى ، يۈرۈش ئەركىنلىكى ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىگە دەخلى تەرۇز قىلىدىغان سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدى.


خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2017-2021- يىلى ئارىسىدا شىنجاڭدا ياشىغان 65 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت قىلىش سىستېمىسىدا ياشاشنىڭ قانداقلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يەنە شىنجاڭغا بارغان ۋە ئۇ يەردىكى نازارەت قىلىش سىستېمىلىرىنى كۆزەتكەن بىر خىتايىنىمۇ (خەن) زىيارەت قىلغان.[129] بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ، شىنجاڭدىكى نازارەت قىلىش سىستېمىسى كەڭ كۆلەملىك ، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى ئادەم ئارقىلىق ۋە ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىشلار بولۇپ ، ئۇلار تۆۋەندىكى تۈرلەرنى ئىچىگە ئالىدۇ.

- كۆز قارىچۇقىنى ۋە يۈز شەكلىنى سكانىرلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىئولوگىيىلىك سانلىق مەلۇمات توپلاش ؛
- ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھالدا پاراكەندىچىلىك سېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ؛
- ھەمىشە بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ دائىملىق ئاختۇرۇشى ۋە سوراق قىلىشىغا ئۇچراش ؛
- ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە كادىرلار نىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشقا تەقسىم قىلىنىشى ؛
- چىراي پەرقلەندۈرۈش كامېراسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەزەلدىن بار بولغان كۆزىتىش ئاپپاراتلىرى تورى ؛
- «قۇلايلىق ساقچى پونكىتى» دەپ ئاتالغان كەڭ تەكشۈرۈش پونكىتلىرى تورى ؛ ۋە
- كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىگە ۋە مالىيە ھېساباتىغا (پۇل كىرىم - چىقىم تارىخىغا) توسالغۇسىز ئېرىشىش.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا گۇۋاھچىلارنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرى بىلەن ژورنالىستلار ، تەتقىقاتچىلار ۋە باشقا تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش سىستېمىسى توغرىسىدا ئاشكارىلىغانلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.[130] بۇ

---

126 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
127 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
128 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
129 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى: شىنجاڭدىكى بىر خىتاينىڭ تەمىنلىگەن باشقىچە پاكىتى ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تور بېكىتىدىكى «كەمسىتىشكە شاھىتلىق: شىنجاڭدىن كەلگەن خىتاينىڭ ئىقرارى» غا قاراڭ ، 2021-يىل ، 6-ئىيۇن. www.amnesty.org/en/latest/news/2020/06/witness-to- discrimination-confessions-of-a-han-chinese-from-XUAR/
130 شىنجاڭدىكى نازارەت قىلىش ھەققىدىكى باشقا ماقالە ۋە دوكلاتلار ئۈچۈن پول موزۇر ۋە ئارون كرولىكنىڭ نيۇيورك ۋاقت گېزىتىسىدىكى «خىتاي شەھەرلىرىنى قاپلاپ نازارەت قىلىش تورى ، ساقچىغا زور ھوقۇق بەردى: دائىرىلەر تېلېفونىڭىزنى سكانىرلاش ، يۈز شەكلىڭىزنى ئىز قوغلاش ئارقىلىق ئۆيىڭىزدىن ئايرىلغىنىڭىزدا بىلەلەيدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نورمال كىشىلەرگە قارىتىلغان جاسۇسلۇق تورىنىڭ بىرى بولۇپ ، ھېچكىم ئۇنى توسىيالمايدۇ». 2019-يىل 17-دېكابىر ؛ www.nytimes.com/2019/12/17/technology/china- surveillance.html
يائېل گراۋېر (Yael Grauer) توسۇۋېلىش ، «دەرىجىدىن تاشقىرى خىتاي ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ئۇچۇر ئامبىرى ئاشكارلاندى - ساقچىنىڭ مىليۇنلىغان ھۆججەتلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئازسانلىق مىللىتىنى قاتتىق نازارەت قىلغانلىقىنىڭ تەپسىلاتىنى سىرتقا ئاشكارلىدى» ، 2021-يىلى 29-يانۋار theintercept.com/2021/01/29/china-uyghur-muslim-surveillance-police/ ؛دارىېن بەيلېر ، Noema (Darren Byler) گېزىتى ، «شىنجاڭ سانلىق مەلۇمات ساقچىسى: غەربى خىتايدا ، ھۆكۈمەت ئاساسلىقى ياشلاردىن تەركىپ تاپقان قوشۇننى ۋەكىل قىلىش ئارقىلىق مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ رەقەملىك ۋە كۈندىلىك ھاياتىنى نازارەت قىلدى». 2020-يىل 8-ئۆكتەبىر. www.noemamag.com/the-XUAR-data-police/ ؛ دارىېن بەيلېر ، Prospect گېزىتى ، «چوڭ ئاكا بىلەن خىتايدىكى ئۇيغۇرلار: ئۈزلۈكسىز نازارەت قىلىش ، مەدەنىيەتنى باستۇرۇلۇش ۋە `قايتا تەربىيەلەش` بولسا خىتايدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈندىلىك رېئاللىقى ۋە بۇنى مۇمكىن قىلغان تېخنىكا ماگنېتلىرى بىزگە ئويلىغىنىمىزدىن يېقىن. 2020-يىلى 28- ئاۋغۇست. www.prospectmagazine.co.uk/magazine/big-brother-vs-chinas-uighurs ؛ كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «خىتاينىڭ باستۇرۇش ئالگورىزىملىرى: شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش دېتالىنى يېشىپ چىقىش». 2019-يىلى 1- ماي. www.hrw.org/report/2019/05/01/chinas-algorithms-repression/reverse-engineering-xinjiang- police-mass ؛ مېگا راجاگوپالان ، BuzzFeed ئاگېنتلىقى ، «بۇ 21-ئەسىردىكى ساقچى دۆلىتىنىڭ ھەققەتلىرى» ، 2017-يىلى 17-ئۆكتەبىر www.buzzfeednews.com/article/meghara/the-police-state-of-the-future-is-already-here.kxxwXj8MMB; جوش چىن ۋە كلەمەت بېرىگ ، ۋال كوچىسى گېزىتى ، «شىنجاڭدىكى 12 كۈن ؛ خىتاينىڭ نازارەت قىلىشى دۆلىتى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى قانداق باستۇردى» ، 2017-يىلى 19-دېكابىر www. wsj.com/articles/twelve-days-in-XUAR-how-chinas-surveillance-state-overwhelms-daily-life-1513700355



سىستېما ھۆكۈمەتنى غايەت زور شەخسىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشتىن سىرت ، دائىرىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئامممىسىنىڭ ئالاقە ، يۈرۈش-تۇرۇش ، ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىلىرىنىمۇ ھەر زامان ، ئەتراپلىق ئىز قوغلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.[131]

ئېگىلىنىشچە ، ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىشى نەتىجىسىدە توپلانغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن «بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى» [IJOP] دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ سانلىق مەلۇمات توپلاش سىستېمىسىغا يۈكلىنىدۇ ۋە بۇ يەردە داۋاملىق توپلىنىپ ئانالىز قىلىنىدۇ.[132] كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا ، ساقچى ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى IJOP ئارقىلىق زور مىقداردىكى شەخسىي ئۇچۇرلارنى توپلىغان ، شۇنداقلا «ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە ئەھۋالى گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەرگە مەزكۇر سىستېمىدا «مەسىلە بار» دەپ بەلگە قويغان ۋە بۇ خىل كىشىلەرنى تەكشۈرگەن. «گۇمانلىق» دەپ قارالغان ھەرىكەتلەر بولسا تىنچ ئىبادەت قىلىش ، رەسمىي بولمىغان (ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن يۇمشاق دېتالدىن باشقا) خەۋەرلىشىش يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلىتىش ۋە نورمالسىز دەپ قارالغان مىقداردا بېنزىن سېتىۋېلىش ياكى ياكى توك ئىشلىتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[133] خەۋەر قىلىنىشىچە IJOP ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەن ۋە «گۇمانلىق» دەپ بەلگە قويغان ئورغۇنلىغان ھەرىكەتلەرنىڭ «سەۋەبلىرى» بولسا ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا لاگېر تۇتقۇنلىرى ئېيتقان ، يەنى ئىبمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەنلىكلىرى بىلەن ئوخشاش. (3.1 بۆلۈمگە قاراڭ)

ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن ۋە سانلىق مەلۇمات توپلاش سىستېمىسىنىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئازات دېگەن كىشى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ھۆكۈمەت ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدىغان بىر قىسىم ھەرىكەتلەر ۋە ئالاقىلارنى دەپ بەردى:

**2017-يىلى... ھەممە نەرسە سىستېمىغا كىرگۈزۈلەتتى... بارلىق ئۇچۇرلار يەنى سىزنىڭ قەيەرگە بارغانلىقىڭىز، كىم بىلەن پاراڭلاشقانلىقىڭىز، ھەممىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلەتتى... بىز ئۈچ چوڭ تۈرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلايتتۇق: كىم بىلەن بىللە ساياھەت قىلغانلىقى ، قەيەردە ئۇخلىغانلىقى ۋە كىم بىلەن پاراڭلاشقانلىقى ... ئەگەر سىز بىرەرسى بىلەن باغلىنىشلىق بولسىڭىز - ئۇلارغا تېلېفون قىلغان بولسىڭىز، ئۇلار بىلەن بىللە ساياھەت قىلغان بولسىڭىز ياكى ئۇلار بىلەن مېھمانخانىنى ئورتاقلاشقان بولسىڭىز- ئۇنداقتا [ئىسمىڭىز] تىزىملىككە كىرىدۇ ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ.**[134]

131 پول موزۇر ۋە ئارون كىرولىكنىڭ نيۇيورك ۋاقتىدىكى «ختاي شەھەرلىرىنى قاپلاپ نازارەت قىلىش تورى ، ساقچىغا زور ھوقۇق بەردى: دائىرىلەر تېلېفونىڭىزنى سكاننېرلاش ، يۈز شەكلىڭىزنى ئىز قوغلاش ئارقىلىق ئۆيىڭىزدىن ئايرىلغىنىڭىزدا بىلەلەيدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نورمال كىشىلەرگە قارىتىلغان جاسۇسلۇق تورنىڭ بىرى بولۇپ ، ھېچكىم ئۇنى توسىيالمايدۇ. 2019-يىل 17-دېكابىر www. nytimes.com/2019/12/17/technology/china-surveillance.html

132 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆ زىتىش تەشكىلاتى ، «ختاي: چوڭ كۆلەملىك سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايوندىكى زەربە بېرىشنى كۈچلەندۈرىدۇ». 2018-يىل 26-فېۋرال. www.hrw.org/news/2018/02/26/china-big-data-fuels-crackdown-minority-region

133 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «ختاينىڭ باستۇرۇش ئالگورىزىملىرى: شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش دېتالىنى يېشىپ چىقىش». 2019-يىل 1-ماي. www.hrw.org/report/2019/05/01/chinas-algorithms-repression/reverse-engineering-xinjiang-police-mass

134 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

## خەلقئارا قانۇندىكى شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىقا دەخلى تەرۇز قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش

شەخسى مەخپىيەتلىك ھوقۇقى بولسا ، ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ، پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى [ICCPR] ۋە باشقا قانۇنلار ئاستىدا قوغدىلىدىغان كىشىلىك ھودۇقتۇر.[135] ICCPR ئەھدىنامىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ، ھېچكىمنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكى ، ئائىلىسى ، ئۆيى ۋە خەت ئالاقىسىگە خالىغانچە ياكى قانۇنسىز دەخلى- تەرۇز قىلىشىغا بولمايدۇ. ھەر قانداق شەخسىي مەخپىيەتلىككە ئارىلىشىش قانۇنلۇق ، زۆرۈر ۋە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ھەر بىر كىشىنىڭ قانۇنلۇق ، زۆرۈر ياكى مۇۋاپىق بولمىغان ئارىلىشىشقا قارشى ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقى بار. ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ قانۇنلۇق ، زۆرۈر ياكى مۇۋاپىق بولمىغان دەخلى-تەرۇزدىن قانۇن بويىچە باراۋەر قوغدىنىش ھوقۇقى بار.

كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش بولسا كەڭ كۆلەمدە كونترول قىلىش ، توسقۇنلۇق قىلىش ، يىغىش ، ساقلاش ، تەھلىل قىلىش ياكى باشقا ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار مەلۇم شەخس ياكى مەلۇم گۇرۇپپا ياكى ئورۇننى نىشان قىلمايدۇ ، كۆرسەتكەن گۇمانلىرىمۇ ئاساسسىز.[136] نازارەت قىلىش- قانۇنلۇق مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇۋاپىق ۋە ئىنتايىن زۆرۈر بولغان شارائىتتا قوللۇنۇلمىسا ، ئۇ شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش قىلمىشلىرىنى ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇداخىلە دەپ قارايدۇ.[137]

قانۇنلۇق بولۇش ئۈچۈن ، ھەر قانداق ئالاقىلىشىشنى نازارەت قىلىش چوقۇم دۆلەت قانۇنىغا ئاساسەن ئاممىغا ئوچۇق- ئاشكارا بولۇشى كېرەك. بۇ قانۇن- ئالاقىدار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەقسىتى ئۈچۈن بېرىلگەن شارائىت ۋە ئەھۋاللارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. ئالاقە ۋاستىلىرىنى نازارەت قىلىش ھەققىدە قانۇن (ئارقىلىق) خەلققە ھۆكۈمەتنىڭ قانداق بىر شارائىتتا مۇشۇنداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە ئالدىدىن مۇۋاپىق شەكىلدە ئىزاھات بېرىشى كېرەك. بۇ خىل نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرى بولسا ، نازارەتنىڭ خاراكتېرى ، دائىرىسى ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان كۆزىتىش تەدبىرلىرىنىڭ مۇددىتى ؛ بۇيرۇق بېرىلىشىنىڭ تىگىشلىك دەلىلىرى ؛ ئىجازەت بېرىش ، ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئورگانلار; ھەمدە تەمىنلىگەن ھەل قىلىش چارىسى چوقۇم قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇشى كېرەك.

چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى (FRT) نى كىملىك پەرقلەندۈرۈشتە - يەنى شەخسنىڭ كىم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىقلاشتا (بىر ئادەمنىڭ چىراي سۈرىتىنى ئۇ ئادەمنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان يۈز رەسىمىگە سېلىشتۇرۇش ياكى دەلىللەش ئارقىلىق كونكرېت ئادەم شۇ كىشى ياكى ئەمەسلىكىنى دەلىلەشنىڭ ئەكسىچە ) ئىشلىتىش كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىشنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنداق بولغاندا ، ئۇ شەخسىي مەخپىيەتلىك ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇقىقا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ.[138] يۈز قىسمىدىكى بارلىق ئىزالارنى سكانېرلاش ، سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاشتا قوللىنىلغان چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىقلار ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا قوللۇنۇش ھەم زۆرۈر ئەمەس ھەم مۇۋاپىق ئەمەس.[139]

چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى (FRT) تىنچ يىغىلىش ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا كۆرۈنەرلىك دەخلى قىلىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاممىۋى سورۇنلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن (FRT) قوللىنىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇ تىنچ يىغىلىش ھوقۇقى ، توپلىنىش ئەركىنلىكى ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئارىلىشىش بولۇپلا قالماستىن ئۇ يەنە يامان تەسىر پەيدا قىلىپ ، تىنچلىق بىلەن قارشى پىكىردە بولۇش ۋە نورمال جەمئىيەت ھاياتىغا قاتنىشىش ھوقوقلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى (FRT) چەتكە قېقىلغان گۇرۇپپىلارغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ ، باراۋەرلىك ۋە كەمسىتىلمەسلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ تېخنىكا ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم شەخس ياكى كىشىلەر توپىنى  مىللەت ، ئىرق ۋە جىنس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن نىشانلاش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ ۋە ئىشلىتىۋاتىدۇ. گەرچە زامانىۋى تېخنىكىنىڭ ھەقىقىي قوللىنىش مەقسىتى بۇ بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇ يەنىلا كەمسىتىلىش خاراكتېرىدىكى تەسىرى زور بولغان خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ تېخنىكا  ئاللىبۇرۇن چەتكە قېقىلغان كىشىلەر توپىنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي توسالغۇلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

135 شەخسىي مەخپىيەتلىك ھوقۇقى بوسا ، خىتاي ئىمزا قويغان ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى 12-ماددىسىدا ۋە «خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى» نىڭ 17-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن.

136 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىشتىكى ئاددىي يېتەكچى» ، 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى. www.amnesty.org/en/latest/campaigns/2015/03/easy-guide-to-mass-surveillance/

137 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يۈز تونۇش تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىشتا قوللىنىشنى چەكلەشكە چاقىردى» ، 2020-يىلى 6-ئاينىڭ 11- كۈنى. www.amnesty.org/en/latest/research/2020/06/amnesty-international-calls-for-ban-on-the-use-of-facial-recognition-technology-for-mass-surveillance/

138 يۈز يۈز تونۇش تېخنىكىسى كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنى ساندانىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈز رەسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ماس كېلىپ - كەلمەيدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ سىستېما قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار تەرىپىدىن كۆزىتىش تىزىملىكىدىكى شەخسلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شەخسلەر ئادەتتە بۇ جەريانغا قاتناشمايدۇ ، بولۇپمۇ بو جەرياندا كىملىك ئۈچۈرلىرىنى ئالدىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك ئەمەس. ئەكسىچە ، يۈز تونۇش سىستېمىسى ئارقىلىق يۈزنى سكانېرلايدۇ ۋە رەسىملەرنى ساندانىدىكى مەۋجۇت رەسىملەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ سىستېمىلار بىنالارغا كىرىش ياكى ئايرودروملاردا چېگرا كونترول قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. شەخسلەر ئادەتتە ، تىزىملاتقاندا يۈز سۈرىتىنى خاتىرىگە ئالدۇرۇش جەريانىغا قاتنىشىدۇ.

139 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يۈز تونۇش تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىشتا قوللىنىشنى چەكلەشكە چاقىردۇ» ، 2020-يىلى 6-ئاينىڭ 11-كۈنى. www.amnesty.org/en/latest/research/2020/06/amnesty-international-calls-for-ban-on-the-use-of-facial-recognition-technology-for-mass-surveillance

## يەرلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن كۆزىتىلىش

شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرى ھەققىدە زور مىقداردىكى شەخسىي ئۇچۇرلارنى توپلاشقا مەسئۇل بولۇپ ، بۇ ئۇچۇرلارنىڭ زور بىر قىسمى ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ، ئۇلارنىڭ ئۆز رايىغا قارشى قوپاللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر ئاساسىدا توپلانغان.

ئايمان ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئائىلىلەرنى «نىشانلىق» (ئادەتتە يىغىۋېلىش لاگېرلاردا ئائىلە ئەزالىرى بولغانلار) ، «ئىشەنچلىك» (ئادەتتە ھۆكۈمەت خادىملىرى) ۋە «ئادەتتىكىلەر» (باشقىلار) دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. «نىشانلىق» ئائىلىلەر بولسا ئادەم ئارقىلىق ھەم ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىشلارغا ئۇچرىغان.[140]

ئايمان يەنە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قانداق زىيارەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇچۇر توپلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى:

> **مەن [رايونىمىزدىكى بىر قانچە ئون ئائىلە] توغرىسىدا ئۇچۇر توپلىشىم كېرەك ئىدى... بىز ئائىلىلەرنىڭ چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ئىسلامچە ئىسىم قويغان-قويمىغانلىقىغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلىشىمىز كېرەك ئىدى. مەن بۇ ئۇچۇرلارنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلمەيمەن... [بىز بارلىق ئۇچۇرلارنى بىر قېتىمدىلا توپلىمايتتۇق] ... بىز ئاۋال بۇيرۇق ئالاتتۇق. مەسىلەن، بېرىپ پاسپورتىنى يىغىۋېلىش دېگەندەك... 2016-يىلى بىز ھەممە ئادەملەرنىڭ پاسپورتىنى يىغىۋالدۇق... چۈنكى بىز مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىرەرسىنىڭ [ئائىلىسىدىن] قازاقىستانغا ساياھەتكە بارغان-بارمىغانلىقىنى ياكى ناماز ئوقۇيدىغان ياكى ئوقۇمايدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز ئۇلاردىن پەقەت ناماز ئوقۇيدىغان ياكى ئوقۇمايدىغانلىقى توغرىسىدا [2016-2017-يىللىرى] سورىدۇق... ئۇلار دەسلەپتە بۇ ئۇچۇرلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلمىدى.**[141]

ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن مەھەمەتمۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزى خىزمەت قىلغان شەھەردىكى ئائىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر توپلاشقا قانداق مەسئۇل بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

> **بىز ياردەمچى ساقچى بىلەن ئۆيلەرنى زىيارەت قىلاتتۇق... بىز كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ باشقا دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلغان-قىلمىغانلىقىنى، تېلېفوندا ۋاتسئەپ ياكى چەكلەنگەن يۇمشاق دېتاللارنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورايتتۇق... [ياردەمچى ساقچى] بىر ئۈسكۈنىنى ئېلىپ كېلەتتى، بۇ ئۈسكۈنە بىلەن كىشىلەرنىڭ تېلېفونىدا دىنىي مەزمۇنلارنىڭ ياكى قازاق ناخشىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ياكى باشقا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرەيتتى. ئۇلار خاتىرە كومپيۇترى ياكى ئېقىم تەمىنلىگۈچىگە ئوخشاش كىچىك بىر ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى.  بىز يەنە بارماق ئىزى، ‹ئائىلە زىيارەت› رەسىملىرى ۋە ئاۋازلىق خاتىرىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە قەغەز ئېلىپ كېلەتتۇق.**

قازاق نوپۇسى كۆرۈنەرلىك سانىنى ئىگىلەيدىغان بىر شەھەردە ئىشلىگەن مەھەمەتمۇ ، ئۇ ئىشلىگەن شەھەردە قازاقلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر تىزىملىك بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەھەمەت يەنە ئۇنىڭغا تەكشۈرۈش ئۈچۈن قازاق مەدەنىيىتىگە خاس تېمىلارنىڭ تىزىملىكى بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، ئەگەر كىشىلەردە ھەر قانداق بىر چەكلەنگەن ماتېرىياللار تېپىلسا ، ئۇلار شۇ سەۋەبتىن لاگېرغا ئەۋەتىلىشى مۇمكىن ئىكەن.[142]

ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنى نازارەت قىلىشتا قوللانغان ئەڭ قەبىھ ئۇسۇللارنىڭ بىرى ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن يېتىپ قوپۇش» قىلمىشى ئىدى. 2014- يىلدىن باشلاپ ، ھۆكۈمەت ، كادىرلارنى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى نازارەت قىلىشقا تەقسىم قىلغان. بۇ پروگراما 2017-يىلى كېڭەيتىلگەن بولۇپ ، ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىدە ئايدا بىر نەچچە كۈن بىللە يېتىپ - قوپىدىغان 1 مىليوندىن ئارتۇق كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى مەلۇم بولغان. «تۇغقانلار» دەپ ئاتالغان ۋە ئاساسلىقى خىتاي -خەن مىللىتىدىن تەشكىللەنگەن بۇ كادىرلارغا ، كىشىلەرنىڭ

---

140 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
141 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
142 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ئائىلىرىدە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ياكى سىياسىي كۆز قاراشلاردىكى گۇمانلىق قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە بۇ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش ھەم ئۇلارغا سىياسىي ئىدىيىلەر سىڭدۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەر بېرىلگەن.[143] ھۆكۈمەتنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ پروگرامما «شىنجاڭدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» دېيىلگەن.[144]

مەھەمەتنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، كادىرلاردىن ئۆزى مەسئۇل بولغان ئائىلىلەردە، ئۇلارنىڭ «تۇغقانلىرى» بىلەن ئايدا بەش كۈن بىللە تۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دېدى: «باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يېرىم كېچىدە كېلىپ، قەرەللىك ھالدا كادىرلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيدە تۇرغان-تۇرمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەتتى».[145] باشقا كىشىلەرمۇ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ «تۇغقانلىرى» بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دائىم نازارەت قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[146] ئايماننىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، بارلىق «نىشانلىق» ئائىلىلەردە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ھەپتىدە ئۈچ قېتىم بىر كېچە قونۇشى تەلەپ قىلىنغان.[147] كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارەتنى قوبۇل قىلغان نۇرغۇن سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى ھەپتىدە بىر ياكى ئاي ئىچىدە بىر نەچچە كېچە ئۆيىدە كۈتۈۋېلىشى تەلەپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى.[148] سابىق تۇتقۇنلارمۇ ئۇلار لاگېرغا قامالغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىدىن ھۆكۈمەت كادىرلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشى تەلەپ قىلغانلىق ئەھۋاللىرىنى مەلۇم قىلدى.[149] بەزى سابىق تۇتقۇنلار، بولسا كادىرلارنىڭ كۈندۈزى ئۇلارنى تەكشۈرگەنلىكىنى، ئەمما كېچىلىرى قونمىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.[150]

كادىرلار ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى رەسىمگە تارتاتتى، ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى نازارەت قىلىپ، ئۇلارغا «توغرا» ئىدىيىنى ئۆگىتىشكە تىرىشاتتى.[151] كادىرلار يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەجبۇرى قاتناشتۇرۇلغان تىل ۋە ئىدېئولوگىيە دەرسىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرەتتى.[152] گۆھەر كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزىنىڭ جازا لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر كۈنى كادىرلارنىڭ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تەكشۈرۈپ، ئۆيدە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدىغانلىقىنى، ھەمدە گۆھەرنىڭ كەچلىك مەكتەپتىن بەرگەن تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق سىنىقىدىن ئۆتسىڭىز ئۇلار ئۆيىڭىزدىن كېتىدۇ، بولمىسا سىزنىڭ تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىشىڭىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئۆيىڭىزدە تۈنەيدۇ».[153]

پاتىمە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، دادىسى لاگېرغا ئەۋەتىلگەندە، ئۇ ئاپىسى بىلەن يۇرتىغا قايتىشقا، ھۆكۈمەت كادىرى بىلەن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بىزگە ھۆكۈمەت كادىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرۇشى جەريانىدا نېمىلەرنى قىلغانلىقلىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى:

> **ئۇ (ئايال كىشى) بىز بىلەن بىللە تاماق يەيتتى. بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى ئاڭلايتتى. بىزگە سىياسەت ھەققىدە، بىزنىڭ ‹جىنايىتىمىز› ھەققىدە سۆزلەيتتى. مەسىلەن ، [ئۇ مۇنداق دەيتتى:] «چەتئەلگە چىقماڭ. تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلاشماڭ. ھۆكۈمەتتىن مىننەتدار بولۇڭ. دادىڭىزنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىڭ» ... ئۇ بىر كېچە قوندى... ئۇ مەن بىلەن بىر ئۆيدە قالدى... ئۇ بىزنى سۈرەتكە تارتتى، ئۇ يەنە بىزنىڭ دەرسكە قاتنىششىمىزنى ئېيتتى.[154]**

143 داررېن بايلېر ، تاشقى سىياسەت ،«ختاينىڭ ئائىلىلەردە تۇرۇشى ھەركىتى كەلتۈرگەن قاباھەتلىك چۈش: شىنجاڭدا خالانمىغان ختاي مېھمانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى 7 كۈن 24 سائەت نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ» ، 2018-يىلى 26-ئۆكتەبىر. foreignpolicy.com/2018/10/26/china-nightmare-homestay-XUAR-uighur-monitor
كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «ختاي: زىيارەتچى خادىملار مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگەللىۋالدى» 2018-يىلى13-ماي www.hrw.org/news/2018/05/13/china-visiting-officials-occupy-homes-muslim-region; foreignpolicy.com/2018/10/26/china-nightmare-homestay-XUAR-uighur-monitor; س ن ن مۇخبىرى ستېۋېن جياڭ: «ختايدىكى ئۇيغۇرلار كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئۆيدە قارشى ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى» ، www.cnn.com/2018/05/14/asia/china-XUAR-home-stays-intl; 2018-يىلى14-ماي. ئادرىئان زېنز ، سىياسىي خەتەر ژۇرنىلى ، «ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش: ختاينىڭ شىنجاڭدىكى ئايرىمچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىسپاتى» ، 2019-يىل 7-ئاي. www.jpolrisk.com/break-their-roots-evidence-for-chinas-parent-child-separation-campaign-in-xinjiang/

144 جى يۇچياۋ ، يەرشارى ۋاقىت گېزىتى ،«شىنجاڭدىكى 1 مىليون 100 مىڭ مەمۇر ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلايدۇ» ، 2018-يىلى 7-نويابىر. www.globaltimes.cn/content/1126378.shtml

145 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

146 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

147 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

148 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

149 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

150 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

151 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

152 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

153 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى .

154 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كادىرلارنىڭ ئائىلىلەردە قىلىپ نازارەت قىلىش مەقسىتىدە بىللە يېتىپ-قوپۇش قىلمىشلىرى مۇخبىرلار ۋە باشقا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە خەۋەر قىلىنغان.[155] باشقا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرى كادىرلارنىڭ ئائىلىلەردە يېتىپ-قوپۇپ نازارەت قىلىش هەرىكىتى جەريانىدا جىنسىي زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى دوكلات قىلغان.[156]

## شەخسىيەت ۋە پىكىر ئەركىنلىك هوقۇقلىرىغا قويۇلغان چەكلىمىلەر

هۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەخسىي رەقەملىك ئالاقە ئەپلىرى ۋە سۇپىلىرىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان.[157] مۇخبىرلار يەنە هۆكۈمەتنىڭ كىشىلەرنىڭ يانفونلىغا ˋساپ تور قوغدىغۇچˋ ناملىق بىر ئەپنى قاچىلاتقۇزغانلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يانفونلىرىغا كىرەلەيدىغانلىقىنى هەم «نامۇۋاپىق» مەزمۇنلار كۆرۈلگەندە مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.[158]

سابىق تۇتقۇنلار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، هۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە هېسابات نومۇرى بىلەن تەمىنلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى.[159] كۈنسۇلۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: «كىشىلەر [بىزنىڭ مەھەللە كومىتېتىدىكى] هەر بىر ئائىلىگە كىردى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۇندىدار [هېسابات كىملىكىمىزنى] ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئۇچۇرلىرىمىزنىڭ هەممىسىنى ئېلىۋالدى». [160]

كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان كۆپ ساندىكى سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ۋاتسئەپ ئەپلىرىگە ئوخشاش پاروللۇق ئۇچۇرلىشىش سۇپىلىرى، ۋ پ ن ۋە باشقا مەخپىي شىفىرلىق ئۇچۇر يوللاش يۇمشاق دېتال ئەپلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ يانفونىغا چۈشۈرۈلۈشى، شۇ كىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش ۋە يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەبلەر بولالايدىكەن (3.1- قىسىمغا قاراڭ). مۇخبىرلارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئەقىللىق يانفون ئىشلەتمىگەن كىشىنىڭ يانفون سىم كارتىسىنى تاشلىۋېتىشى، سىم كارتىسى بولسىمۇ ئىشلەتمەسلىكى ياكى بىر يىلدا بىردىن كۆپ كارتىنى ئاكتىپلاشتۇرۇشى ۋەياكى ئەقىللىق تېلېفون ئىشلەتمەسلىكى قاتارلىق ئىشلارمۇ گۇمانلىق هەرىكەت دەپ قارىلىدىكەن.[161]

سابىق تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىپ بېرىشىچە، هۆكۈمەت خادىملىرى ئۇلارغا بەزى تور بەتلىرىگە، بولۇپمۇ ئىسلام ياكى تۈرك-مۇسۇلمان مەدەنىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تور بەتلەرگە كىرمەسلىكنى ئېيتقان. كۈنسۇلۇ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ بىر قىسىم تور بەتلەرگە كىرىشىمىز مەنئىي قىلىنغان... شۇنداقلا سىز يانفونىڭىزدا قۇرئان ياكى ئاللاهقا مۇناسىۋەتلىك هېچ نېمە يازالمايسىز ۋە بەزى كەلىمىلەر چەكلەنگەن. قازاق قەھرىمانلار هەققىدە هېچنېمە يازالمايسىز».[162]

هۆكۈمەت ئالاھىدە خادىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ يانفونلىرىنى قەرەللىك هالدا تەكشۈرىدىكەن. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ تېلېفونلىرىدا دىنىي مەزمۇن بولغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتقان (2.3- بۆلۈمگە قاراڭ). مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىگە ۋە ئاشكارىلانغان هۆكۈمەت هۆججەتلىرىگە قارىغاندا، مەلۇم ئۇندىدار توپلىرىغا قوشۇلغانلىقى سەۋەبىدىن ئەيىبلەنگەن كىشىلەرمۇ لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەن.[163]

155 دارربن بايلېر، تاشقى سىياسەت، «ختاينىڭ ئائىلىلەردە تۇرۇشى هەركىتى كەلتۈرگەن قاباھەتلىك چۈش: شىنجاڭدا خالانمىغان ختاي مېھمانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى 7 كۈن 24 سائەت نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ»، 2018-يىلى 26-ئۆكتەبىر. foreignpolicy.com/2018/10/26/china-nightmare-homestay-XUAR-uighur-monitor; كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «ختاي: زىيارەتچى خادىملار مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئاهالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگەللىۋالدى» 2018- يىلى13-ماي www.hrw.org/news/2018/05/13/china-visiting-officials-occupy-homes-muslim-region; foreignpolicy.com/2018/10/26/china-nightmare-homestay-XUAR-uighur-monitor; www.cnn.com/2018/05/14/asia/china-XUAR-home-stays-intl; س ن ن مۇخبىرى ستېۋېن جياڭ: «ختايدىكى ئۇيغۇرلار كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئۆيىدە قارشى ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى». 2018-يىلى14-ماي. http://www.cnn.com/2018/05/14/asia/china-xinjiang-home-stays-intl

156 دارربن بايلېر، تاشقى سىياسەت، «ختاينىڭ ئائىلىلەردە تۇرۇشى هەركىتى كەلتۈرگەن قاباھەتلىك چۈش: شىنجاڭدا خالانمىغان ختاي مېھمانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى 7 كۈن 24 سائەت نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ»، 2018-يىلى 26-ئۆكتەبىر. foreignpolicy.com/2018/10/26/china-nightmare-homestay-XUAR-uighur-monitor; كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «ختاي: زىيارەتچى خادىملار مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئاهالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگەللىۋالدى» 2018- يىلى13-ماي www.hrw.org/news/2018/05/13/china-visiting-officials-occupy-homes-muslim-region

157 كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى،«ختاي: چوڭ سانلىق مەلۇمات پروگراممىسىنىڭ شىنجاڭنى نىشانغا ئېلىشى- ئاشكارىلانغان تىزىملىكتىكى 2000 دىن ئارتۇق تۇتقۇنلارنىڭ قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ»، 2020-يىلى 9-دېكابىر ،www.hrw.org/news/2020/12/09/china-big-data-program-targets-XUARs-muslims; دارربن بايلېر ،The Guardian گېزىتى، «ختاينىڭ مۇسۇلمان ئاز سانلىقلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان يۇقىرى تېخنىكا ئۇرۇشى: ئەقىللىق تېلېفونلار ۋە تورلار ئۇيغۇرلارغا ئۆز كىملىكىنى هېس قىلدۇرغان، بىراق هازىر ختاي هۆكۈمىتى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى تارتىۋالماقتا»، 2019-يىلى 11-ئاپرېل، www.theguardian.com/news/2019/apr/11/china-hi-tech-war-on-muslim-minority-xinjiang-uighurs-surveillance-face-recognition

158 ۋىلئام درەكلسېل، ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق قۇرۇلۇشى، «زورلانغان قەشقەر: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۆشۈكىدە مەجبۇرى قايتا قۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قاتتىق نازارەت»، 2020-ئىيۇن، uhrp.org/press-release/uhrp-report%E2%80%94kashgar-coerced-forced-reconstruction-exploitation-and-surveillance-cradle; مەگا، راجاگوپالان، BuzzFeed خەۋىرى، ختاي پۇقرالارنى «خەتەرلىك» رەسىملەرنى يۇيۇۋېتىشنى ئېيتىپ بېرىدىغان بىر يۇمشاق دېتالنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلىغان: ئەسلى خەت تەرجىمىسى «تور تازىلاش» دەپ ئاتالغان نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇ يۇمشاق دېتال، كىشلەرنىڭ رەسىم ۋە سىنلىرىنى سكاننېرلاپ، پۈتۈن ئۇچۇرلارنى بىر مەخپىي سىرتقى مۇلازىمېترىغا ئەۋەتىدىكەن»، 2018-يىل 9- ئاپرېل، https://www.buzzfeednews.com/article/meghara/china-surveillance-app

159 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

160 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

161 ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق قۇرۇلۇشى، «ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش: ‹بىزنى ئىنساندەك هۆرمەت قىلىسكەن دەيمىز. بۇنى تەلەپ قىلىش بەك ئارتۇقچىمۇ؟›» docs.uhrp.org/pdf/MassDetention_of_Uyghurs.pdf

162 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

163 يەئېل گراۋېر، The Intercept خەۋىرى، «ختاينىڭ غايەت زور ساقچى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشى - مىليونلىغان ئاشكارىلانغان ساقچى هۆججەتلىرى ختاينىڭ ئۇيغۇر ئازسانلىق مىللىتىنى تۇنجۇقتۇرىدىغان نازارىتىنى تەپسىلىي بايان قىلغان»، 2021-يىل 29-يانۋار، theintercept.com/2021/01/29/china-uyghur-muslim-surveillance-police/

## يورۇش ئەركىنلىكىگە قويۇلغان چەكلىمىلەر

شىنجاڭدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار ئەركىن يۈرەلمەيدۇ. ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھەم شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەمدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا سەپەر قىلىشىنى چەكلىگەن.[164] بەزى يورۇش چەكلىمىلىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە ۋە باشقا نۇقتىلىق كىشىلەرگە تېخىمۇ قاتتىق بولغان يورۇش - تۇرۇشىنى چەكلەش تەدبىرلىنى قوللانغان.

قويۇپ بېرىلىپ بىر قانچە ئاي ئىچىدە، سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوخشاش شەكىلدە ئۆيدە ياكى «مەھەللە نازارىتى» ئاستىدا تەقىب قىلىنغان. بۇ سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەمدىن كەم ئۆيلىرىدىن (ياكى ئۇلار نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتقان جايدىن) سىرتقا چىقىشى ئۈچۈن، ئالدى ھۆكۈمەتتىن يازما شەكىلدە رۇخسەت خېتى ئېلىپ كېلىشى تەلەپ قىلىنغان.

### خەلقئارالىق قانۇندىكى يورۇش ئەركىنلىكى

يورۇش ئەركىنلىكى ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى بىلەن پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ھوقۇلارنىڭ بىرىدۇر.[165] ب د ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى «يورۇش ئەركىنلىكى بولسا كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت» دەپ قارايدۇ.[166] پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا يورۇش ئەركىنلىكى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى ۋە بىر دۆلەتنىڭ زېمىندا تۇرار جايىنى تاللاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلتى ۋە باشقا ھەر قانداق بىر دۆلەتتىن ئايرىلىشتا ئەركىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.[167]

ئەگەر دۆلەتلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ يۈرۈشىگە قارىتا قويۇلغان چەكلىمىلىرى ئېنىق قانۇنلۇق سەۋەبلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە ئاساسلانغان، بەلگىلىك قانۇنلۇق مەقسەتلەرنى قوغداشقا ۋە كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپلىرى بىلەن بىردەك ماسلاشقان بولسا، مۇنداق ئەھۋاللاردا خەلقئارا قانۇن دۆلەتلەرنىڭ يورۇش ئەركىنلىكىنى چەكلىشىگە ناھايىتى چەكلىك دائىرىدىكى ۋەزىيەتتە رۇخسەت بېرىدۇ.[168] «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» (ICCPR) نىڭ 12-ماددىسى 3-تارمىقىغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىلدىكى چەكلەشلەر پەقەت «قانۇن بەلگىلىگەن چەكلىمىلەر ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئاممىۋى تەرتىپنى ساقلاش، خەلق ساغلاملىقى، ئەخلاق، باشقىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداشتا زۆرۈر بولغان چەكلىمىلەر بولۇپ، بۇ چەكلەشلەر چوقۇم ئەھدىنامىدا تونۇشتۇرغان باشقا كىشىلىك ھوقۇقلارغا ھۆرمەت قىلىش تەلەپلىرى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك ھەم بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق چەكلىمىلەرگە ئۇچرىماسلىق كېرەك». ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ باياناتى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدىكى، كىشىلەرنىڭ يورۇش ئەركىنلىكىگە قويۇلغان ھەرقانداق چەكلىمە ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا بولۇشى، ئېنىق قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇشى، ئىمكانقەدەر دەخلىسىز بولۇشى ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىمىغان بولىشى كېرەك.[169]

ئاز سانلىقلار توپىغا قارىتىلغان يورۇش ئەركىنلىكىگە قويۇلغان چەكلىمىلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا كەمسىتىلىشنى شەكىللەندۇرىدۇ. بۇخىل كەمسىتىش بولسا باراۋەرلىك ۋە كەمسىتىلمەسلىك ھەققىدىكى ئومۇمىي خەلقئارا قانۇن ئۆلچەملىرىگە ۋە بارلىق ئىرقىي كەمسىتىلىشنى يوقۇتۇش ئەھدىنامىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىق.

بۇ باسقۇچتىن كېيىن ئۇلارنىڭ يورۇش ئەركىنلىكىگە قويۇلغان بەزى چەكلىمىلەر ئاستا - ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. (سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ يورۇش ئەركىنلىكىگە قويۇلغان چەكلىمىلەر توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئۈچۈن 6.3- بۆلۈمگە قاراڭ)

ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىدىن يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ھېچ ئەۋەتىلمىگەن كىشىلەرمۇ شىنجاڭنىڭ ئىچىدە يورۇشى ئوخشاشلا ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا. شىنجاڭدا ياشىغان سابىق ئاھالىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رۇخسەتسىز ھالدا مەھەللە سىرتىغا چىقىشىمۇ چەكلەنگەن.[170]

رەيھانگۈل ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ سىرتىدا ياشىغان بولۇپ، 2018-يىلى يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىلگەندە، باشقا يېزىدىكى دوستىنى كۆرگىلى بېرىش ئۈچۈن يەرلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن رۇخسەت قەغىزى ئېلىشى كېرەكلىكىنى بىلگەن. ئۇنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە، يورۇش

164 توم فىلىپس، The Guardian گېزىتى، «خىتاينىڭ يىراق غەربىدە 'مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى' پەيدا بولماقتا»، 2017-يىلى 22-ئىيۇن، www.theguardian.com/world/2017/ jun/23/in-chinas-far-west-experts-fear-a-ticking-timebomb-religious؛
كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى، «ئىدېئولوگىيىلىك ۋىرۇسلارنى يوقىتىش: خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى باستۇرۇش ھەرىكىتى»، 2018-يىلى 9-سېنتەبىر، www.hrw.org/report/2018/09/09/eradicating-ideological-viruses/chinas- campaign-repression-against-xinjiangs

165 «ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ماددا 3(1)؛ «ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» 12- ماددا 1-تارماق

166 «پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى» 27-نومۇرلۇق ئومۇمىي ئىزاھات: 12-ماددا 1-تارماق

167 يورۇش ئەركىنلىكى ئۆز دۆلىتىگە كىرىش ھوقۇقىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، كىشىلەر بۇ ھوقۇقتىن خالىغانچە مەھرۇم قىلىنمايدۇ («پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» نىڭ 12-ماددىسى 4- تارمىقىغا قاراڭ)

168 «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» دىكى چەكلەش ۋە ئازايتىش ماددىلىرى ھەققىدىكى سىراكۇسا پرىنسىپى»، ب د ت ھۆججىتى،(1984) E/CN.4/1984/4 (1984) 8-12 ئابزاس، مەزكۇر مەزمۇن مۇنۇلارنى بايان قىلغان: (1) ھوقۇققا قويۇلغان ھەرقانداق بىر چەكلىمە كەمسىتىش تۈسىنى ئالماسلىقى كېرەك؛ (2) ھەر قانداق چەكلىمىلەر چوقۇم جىددىي ئاممىۋى ياكى ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا قارىتا بولۇشى، قانۇنلۇق نىشانىنى قوغلىشىشى ۋە بۇ نىشانغا ماس كېلىشى كېرەك؛ (3) ھەر قايسى دۆلەتلەر چەكلەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغاندىن ئارتۇق چەكلەش ۋاستىلىرىنى قوللانماسلىقى كېرەك؛ (4) قويۇلغان چەكلىمە تەدبىرلىرىنى ئاقلاش مەسئۇلىيىتى دۆلەتتە؛ (5) قويۇلغان ھەر بىر چەكلىمىدە چوقۇم ئۇنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىشىغا قارشى تۇرالايدىغان ۋە مۇمكىن بولغان تۈزىتىش ئىقتىدارلىرى بولۇشى كېرەك.

169 «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» 27-نومۇرلۇق ئومۇمىي ئىزاھات: 12-ماددا (ھەرىكەت ئەركىنلىكى) (1999)، ب د ت ھۆججىتى CCPR/C/21/Rev.1/Add.9 11-18 - ئابزاس

170 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

چەكلىملىرى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مەھەللىسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «كىشىلەر [مەھەللىمىزنىڭ سىرتىدىكى] ھېچقانداق بىر يەرگە بارالمايتتى. مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلەرمۇ ھېچ يەرگە بارالمايتتى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆيىگە ۋە ئىشىغا باغلىنىپلا قالغان ئىدى».[171]

زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ خىل رۇخسەت بەزى شەھەرلەردىكى مەلۇم ئۇيغۇر مەھەللىسىگە كىرىش ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەن.[172] ئىسمائىل مۇنداق دېدى: «2016-يىلدىن بېرى ، ئۇرۇمچىدە پۇتۇنلەي ئېتىۋېتىلگەن بەزى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بار ئىدى. ئەگەر مەن مۇشۇ يەرلەرگە بارماقچى بولسام ، ساقچىغا كىملىكىمنى بېرىشىم ، نەدىن كەلگەنلىكىمنى ۋە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرىشىم كېرەك».[173] مەرىيەمگۈلنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىپ بېرىشىچە ، ئۇنىڭ يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يورۇش-تۇرۇشى چەكلەنگەن. مەرىيەمگۈل چەتئەلگە ساياھەت چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۆتكىلىشى تېخىمۇ چەكلەنگەن:

> **يۇرۇش چەكلىمىسى بار. ئەگەر بىزنىڭ بىر يېزىدىن باشقا بىر يېزىغا بېرىشىمىزغا توغرا كەلسە، بىز [ھۆكۈمەتتىن] رۇخسەت ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى... كەلگەن مېھمانلارمۇ تىزىملىتىشى ۋە سىزنىڭ ئۇ مېھمانغا كاپالەت بېرىشىڭىز لازىم... مەن چەتئەلگە چىققانلىقىم ئۈچۈن كىملىكىمدە بىر ئاگاھلاندۇرۇش بار ئىدى... مەن [ئۇ يېزىغا] بارغان چېغىمدا، ئۇ يەردە بىر تەكشۈرۈش پونكىتى بار ئىدى. ئۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى تەكشۈرۈپ، ماڭا گۇمانلىق كىشىلەر تۇتۇلغان ئۆيگە كىرىشىمنى ئېيتتى. [شۇنىڭدىن كېيىن] مەن كىملىكىمنى ئىشلىتىشتىن قورقىدىغان بولدۇم.**[174]

ئىلگىرى شىنجاڭدا تۇرغانلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلارنىڭ كىملىكلىرىگە «بەلگە» قويۇلغان بولۇپ ، بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن قويۇلغانلىقىنى بىلمەيدىكەن ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ مەلۇم رايونلارغا بېرىشى ياكى مەلۇم بىنالارغا كىرىشى مەنئىي قىلىنغان. «ئەگەر تەكشۈرۈش پونكىتى سىزگە بۇنداق بەلگىنى بېرىپ قويسا ، بۇ بەلگە سىز بىلەن قالىدۇ... ماڭا بەلگە قويۇلغاچقا ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشتىن ۋە دوختۇرخانىغا كىرىشىمدىن چەكلەندىم».[175]

يورۇش چەكلىملىرى ھەممىلا يەرگە تارقالغان ئېلېكترونلۇق نازارەت تورى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدىكەن. ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ئىچىدە يۈرسە ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كوچا بۇلۇڭلىرىدىكى ۋە چىراق ئورنىدا ئورنىتىلغان ئەڭ ئىلغار كۆزىتىش كامېرا تورلىرى ئارقىلىق كۆزىتىپ تۇرىدىكەن ھەم تېلېفون ئارقىلىق ھەر ۋاقىت ئىزىنى قوغلايدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىراي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن.[176]

مۇخبىرلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى مەخسۇس «ئۇيغۇرلارنى بايقاش ، ئىز قوغلاش ۋە نازارەت قىلىش» ئۈچۈن ئالاھىدە پروگراممىلىنىپ لايىھەلەنگەن.[177] ئىسمائىل مۇنداق دېدى: «ھەر بىر ساقچى پونكىتىنىڭ ئۆگزىسىدە ياكى تەكشۈرۈش توساقلىرىدا كامېرالار بار. ھەربىر بۇلۇڭدا ، ھەربىر قىزىل چىراغدا نۇرغۇن كامېرالار باركى ، ساناپ بولالمايسىز. شۇنچىلىك كۆپ... ئۇلار ئۇيغۇرلار توپلىنىپ ياشايدىغان ھەممە جايلارنىڭ ھەر بىر كىرىش ئېغىزلىرىدا بار».[178] ئىبراھىمنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، ئۇ لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىغا بىر كامېرا ئورنىتىلغان.[179] يەركىنبەكنىڭ ئېيتىشىچە ، خادىملار ئۇنى سوراق قىلغان ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى شۈبھىلىك دەپ ئەيىبلەپ ، ئىش ئورنىغا بىر كامېرا ئورنىتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.[180] ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن ئىككى شەخسنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، ھۆكۈمەت خادىملىرى نازارەت قىلىنغان ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ سىرتىغا كامېرا ئورناتقان.[181] ئايمان مۇنداق دېدى: «[نازارەت قىلىش ئۈچۈن] نۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ دەرۋازىلىرىغا كامېرالار ئورنىتىلغان... مەن ئۇنى ھەممە يەردە كۆردۈم».[182]

171 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
172 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
173 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
174 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
175 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
176 توم فىلىپس ، `مۇھاپىزەتچىلەر` گېزىتى ، «ختاي يۈز تونۇش نازارەت سىستېمىنى شىنجاڭدا سىناق قىلىۋاتىدۇ ؛ دوكلات: نازارەت قىلىش تىزىملىكتىكى گۇماندار ئۆيىدىن ياكى ئىش ئورنىدىن ئايرىلغاندا ، سىستېما دائىرىلەرگە سىگنال بېرىدىكەن» ، 2018-يىلى 18-يانۋار ، www.theguardian.com/world/2018/jan/18/china-testing-facial-recognition-surveillance-system-in-XUAR-report;
پاۋل موزېر ۋە ئارون كرولىك ، نيۇيورك ۋاقتى گېزىتى ، «بىر نازارەت قىلىش تورى ختاي شەھەرلىرىنى قاپلىغان ، ساقچىغا ئەڭ كۆپ ھوقۇقلار بەرگەن: دائىرىلەر سىزنىڭ تېلېفونىڭىزنى سكاننېرلىيالايدىكەن ، يۈزىڭىزنى تەكشۈرۈپ ئىز قوغلاش ئارقىلىق ، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن قاچان ئايرىلغانلىقىڭىزنى بىلەلەيدىكەن. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ جاسۇسلۇق تورلىرىدىن بىرى نورمال كىشىلەرنى نىشان قىلغان ۋە ھېچكىم بۇنى توسۇپ قالالمايدىكەن» ، 2019-يىلى 17- دېكابىر ، www.nytimes.com/2019/12/17/technology/china-surveillance.html
پاۋل موزېر ، «بىر ئايدا 500 مىڭ قېتىم يۈز سكاننېرلاش: ختاي قانداق قىلىپ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ئارقىلىق بىر ئازسانلىق مىللەتنىڭ سىرتقى شەكلىنى سىزىپ چىقماقتا: تېخنىكا دۇنياسىدىكى بىر چوڭ ئەخلاقىي ھالقىش ، ختاي ئىگىلىك تىكلىگۈچىلىرى ، ھۆكۈمەت كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنى ئىز قوغلاشقا ئىشلىتىدىغان ئالگورىزىمنى بەرپا قىلغان» ، 2019-يىلى 14-ئاپرېل ، www.nytimes.com/2019/04/14/technology/china-surveillance-artificial-intelligence-racial-profiling.html
177 ئاۋى ئاشەر شاپىرو ، رېيۇتېرس خەۋەر ئاگېنتلىقى ، «ختاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈپ ئىز قوغلىيالايدىغان تېخنىكا پاتېنت قوراللىرى» ، 2021-يىلى 13-يانۋار ؛ www.reuters.com/article/us-china-tech-uighurs/chinese-tech-patents-tools-that-can-detect-track-uighurs-idUSKBN29I300
178 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
179 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
180 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
181 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
182 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ھەمملا يەردىكى كامېرالارنىڭ نازارەتلىرىدىن سىرت ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى نۇرغۇنلىغان بىخەتەرلىك قىسىملىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كىملىك كېنىشكىلىرى دائىم تەكشۈرۈلىدۇ ، كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ تېلېفونلىرىنى تەكشۈرىدۇ. مىڭلىغان «قولايلىق ساقچى پونكىتلىرى» ۋە باشقا تەكشۈرۈش پونكىتلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىگە جايلاشقان.[183] نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، كوچىلاردىكى ساقچى سانىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. ئەزھەر مۇنداق دېدى: «ياردەمچى ساقچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئۇلار ھەممە يەردە بولۇپ ، بەلكىم سىز بىر كوچىدا بىر قانچە يەردە تەكشۈرۈلىشىڭىز مۇمكىن. سىز يەنە بىر قانچە قېتىملاپ سوئال - سوراقلارغا ئۇچۇرشىڭىز مۇمكىن».[184]

مەردان مۇنداق دېدى: «[2016- يىلىدا ۋە 2017- يىلىنىڭ باشلىرىدا] ساقچىلار ھەمملا يەرنى قاپلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ گۇدۇك ئاۋازىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاپ تۇراتتىڭىز».[185] يەركىنبەك مۇنداق دېدى: «ياردەمچى ساقچىلار بارلىق كىشىلەرنىڭ تېلېفونىنى خالىغانچە تەكشۈرۈشكە باشلىدى... تېلېفونىدا چەكلەنگەن نەرسىلەر چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى... مەن شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن تېلېفونۇمنى تازىلىۋېتەتتىم... ئەھۋال ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى...»[186]

نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر 2017- يىلىدا ناھايىتى كۆپ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ يېزا ۋە مەھەللىلىرىگە قانداق سېلىنغانلىقىنى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئاڭلاتتى.[187] ھەسەنئېلى مۇنداق دېدى: «چېن چۈەنگو [شىنجاڭغا پارتكوم سېكرېتارى بولۇپ] كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ كوچىلاردا مىڭلىغان ساقچى تەكشۈرۈش قاراۋۇلخانىلىرىنى قۇردى. ھەربىرىنىڭ ئارىلىقى 200-300 مېتىرچە. مەن ئۇرۇمچىدە بۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇردۇم. مېنىڭ ئۆيۈم كوچىنىڭ يېنىدا ئىدى. ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر - ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ كوچىغا 5-6 [قولايلىق] ساقچى پونكىتلىرى قۇرۇلدى».[188] كۇنسۇلۇ 2017- يىلدىن كېيىن ، ئۆزى ياشايدىغان يەردە بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ قانداق قىلىپ زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكىنى ۋە شۇنداقلا تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن ئۆتۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى:

> **كوچىلاردا ساقچىلارنىڭ سانى ئادەملەرنىڭ ساندىن ئېشىپ كەتتى... ھەر بىر كوچىدا ۋاقىتلىق ساقچىخانا بار ئىدى... تاللا بازىرىغا كىملىكسىز كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار كىملىكىڭىزنى تەكشۈرۈپ ۋە ئۇستى بېشىڭىزنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كىرگۈزىدۇ ... ۋاقىتلىق ساقچىخانىلاردا... مېتال تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن ۋە چىراي پەرقلەندۈرۈش ئاپپاراتىدىن ئۆتىسىز، ئاندىن كىملىك كارتىڭىزنى سكاننېرلايسىز. ئەگەر مەسىلە بولمىسا، ئۆتۈپ كېتىسىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ ئۆي ئىككى خانىغا ئايرىلىدۇ ۋە قارشى تەرەپتىكى ساقچىلار بىلەن ئەينەك ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. ئەگەر خاتالىق بولسا، سىزدىن [قارشى تەرەپتىن] سوئال سورايدۇ.**[189]

ئاھالىلەرنىڭ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا دېيىشىچە ، تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدا ، ئۇلارنىڭ كىملىكنى ، چىرايىنى ، كۆز قارىچۇقىنى سكاننېرلىشى ، تېلېفونىنى ۋە بەزىدە ئۈستى-بېشىنى تەكشۈرگۈزۈشى تەلەپ قىلىنىدىكەن.[190] يەنە زىيارەتنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار قاسساپ دۇكىنىدىن ياكى ماي قاچىلاش پونكىتىدىن نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا سكاننېرلاش تەلەپ قىلىنىدىكەن. پىچاقتەك ھەرقانداق بىرەر شۈبھىلىك نەرسە سېتىۋالغاندا ، ئۈستىدە QR كودى بولۇشى كېرەك ئىكەن.[191] رەيھانگۇل مۇنداق دېدى: «مەن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا باردىم ۋە تىككۈچىنىڭ يېنىغا كىردىم. تىككۈچىنىڭ قايچىسىدا تاياقچە كود بار بولۇپ ، ئۇلار زەنجىر بىلەن تامغا باغلاغلىق ئىدى... ساقچىلار ھەر ۋاقىت دۇكانلارنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ھەتتا ھور دەزمالمۇ تامغا باغلاغلىق ئىدى».[192] ئازات مۇنداق دېدى: «2017- يىلى ھەر بىر سودا سارىيى ، ھەتتا كىچىك كىيىم كېچەك دۇكىنىدىن تارتىپ ، كىرگەن خېرىدارلارنى تىزىملاشنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇنداق قىلغاندا ، كېيىن ئۇلارنى ساقچىلار سۈرۈشتۈرۈشتە قىلالايدىكەن».[193]

*كېيىنكى بەت: شىنجاڭ ئۇرۇمچى يويېنز ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى. خىتاي خەن مىللىتى ۋە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئايرىم — ئايرىم تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن ئۆتىدۇ. مۇسۇلمانلار ناھايىتمۇ قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ.*

شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىكى ئاھالىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، كىشىلەر يورۇش چەكلىمىلىرى بىلەن بىرگە يەنە ئىرقچىلىققىمۇ ئۇچرىغان. زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ساقچىلار كوچىدا پەقەت

---

183 شىنا چەستنات گرېيتېنز ،مېۇنخى لى ، ئەمىر يازجى ، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە مۇداپىئە خاراكتېرلىك باستۇرۇش: خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئۆزگەرتىش ئىستراتېگىيىسى» ، خەلقئارا بىخەتەرلىك ، 44- توم ، 3-سان (20\2019 قىش)،47-9 47- بەتلەر ، doi.org/10.1162/ISEC_a_00368 ئادرىيان زەنز ۋە جېيمىس لېيبولد ،جېيمېستوۋن فوندى جەمئىيتى ،«چېن چۈەنگو: بېيجىڭنىڭ تىبەت بىلەن شىنجاڭدىكى بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئارقىسىدىكى نەيرەڭۋاز ئادەم» ، خىتاي ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات ، 17-توم ، 12-سان ، jamestown.org/program/chen-quanguo-the-strongman-behind-beijings-securitization-strategy-in-tibet-and-XUAR/

184 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

185 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

186 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

187 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

188 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

189 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

190 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

191 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى ؛ بۇ مەنبەنى كۆرۈڭ ، ستېۋېن مېلېندېز ، «ئېتىۋېتىلگەن شىنجاڭ ، خىتاي ئاشخانا پىچاقلىرىنى شىفىر كودى ئارقىلىق ئىز تەكشۈرگەن» ، 20-دېكابىر 2017-يىلى، Fast Company, www.fastcompany.com/40510238/in-xinjiang-china-some-knives-branded-with-owners-qr-codes

192 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

193 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.




ئۈرۈمچى

ئېتنىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىلا توسۇپ كىملىك تەكشۈرگەن.[194] ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئىشلەيدىغان ئىككى كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۇۋاھچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، خىتايلارنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن ئۆتۈشى ھاجەتسىز ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈستى بېشى ياكى تېلېفونلىرى ئاختۇرۇلماستىن ۋە سوئالمۇ سورالماستىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن.[195] ئايشە مۇنداق دېدى: «پەقەت ئۇيغۇرلار تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتىشى كېرەك».[196] ئايدار مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدىن سەپەر قىلىدىغانلارنىڭ ئايرودروم تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى ئۈچۈن قوشۇمچە باسقۇچلىرى بار بولۇپ ، ئۇلار ئېكس نۇر بىلەن بەدىنىمىزنى ئىككى قېتىم سكانىېرلايتتى». كۈنسۇلۇ مۇنداق دېدى: «ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن 2016-يىلغىچە ، پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. 2017-2016-يىللىردا بولسا قازاقلارنىمۇ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. مەن ماشىنىدا ئىدىم ۋە [ماشىنىدىن چۈشۈپ تەكشۈرۈش پونكىتىدىن] ئۆتمىسەممۇ بولىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمما ياردەمچى ساقچى كىملىكىمنى تەكشۈرۈپ ، قازاق ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن ، ماشىنىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدۇم. خىتايلار ئۇنىڭدىن ئۆتمىسىمۇ بولىدۇ».[197] سەقىپمۇ ئېتنىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەرەللىك ھالدا ئاپتوبۇسلاردىن چۈشۈرۈلۈپ تەكشۈرۈلىدىغانلىقىنى ، ئەمما خىتايلارغا بولسا ئۇنداق ئىشلارنىڭ يولۇقمىغىنىنى بىلدۈردى.[198] دارىگا مۇنداق دەيدۇ: «سودا سارايلىرىدا ياكى دوختۇرخانىلاردا... [ھەممە ئادەم كىملىك كارتىسىنى ماشىنىغا سۈركىشى كېرەك] ... بىراق كوچىلاردا پەقەت مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلىشى كېرەك ، خىتايلار ئۇنداق قىلمايدۇ. ئەگەر بىر خىتاي كىملىك كارتىسىنى بىللە ئېلىپ يۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئۇنى ئۆتكىلى قويىدۇ».[199]

بىر قانچىلىغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئايروپورت ۋە پويىز ئىستانسىسىدا خىتايلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئايرىم - ئايرىم ئۆتىدىغان يوللار بېكىتىلگەن.[200] سەقىپ مۇنداق دەيدۇ «مەن 2019-يىلى ئۈرۈمچىگە باردىم... مەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن [پويىزغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن] ، ناھايىتىمۇ قاتتىق تەكشۈرىدىغان تەكشۈرۈش ئېغىزلىرىدىن ئۆتتۈم. ئۇلار خىتايلارنى پويىزدا بىر تەرەپكە ، مۇسۇلمانلارنى يەنە بىر تەرەپكە ئايرىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇغان ۋاقىتتا مەن پويىزدىن ئۆزۈم چۈشۈپ قالدىم... [مۇسۇلمانلار] باشقا بىر تەكشۈرۈش ئېغىزىدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتىشى [خىتايلار ئۇنداق قىلمايتتى] كېرەك ئىدى» .[201]

يىن ، مىللىتى خىتاي بولۇپ ، ئۇ شىنجاڭنى زىيارەت قىلغان. سەپەر جەريانىدا ئۆزىنىڭ كەمسىتىلىشكە شاھىد بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

> **كۆزىتىش كامېرالىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى... كەمسىتىلىش شۇ قەدەر ئوچۇق ئاشكارە ئىدى. مەن پويىزغا چىقتىم، ئۇلار مېنى ھېچقانداق تەكشۈرمىدى بىراق مېنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ پويىز بېلەتلىرىنى ۋە يانفونلىرىنى تەكشۈردى... مەن پويىز ئىستانسىسىدا تۇرغان ۋاقتىمدا، ئۇ يەردە ئىككى سەپ بارتى [بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن]، بىر سەپ بولسا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، يەنە بىر سەپ بولسا خىتايلار ئۈچۈن بولۇپ، ئۇ سەپتە چىراي تونۇش ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى، پەقەتلا مېتاللىق نەرسىلەرنى بايقاش ماشىنىسىدىنلا ئۆتەتتى. ئۇيغۇرلار تۇرغان سەپ بولسا ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى... مەن يەر ئاستى تونىلىغا [بۇ بولسا چوڭ شەھەر ئىدى] قاراپ يۈرۈپ كەتتىم بىراق ئۇيغۇرلار بولسا، مەيلى ياشانغان كىشىلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پۈتۈن بەدىنى مېتال تەكشۈرۈشتىن ئۆتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنى تونىلنىڭ ھەر ئىككىلا كىرىش ئېغىزلىرىدا تەكشۈرەتتى. مەن ئۆزۈم بىلەن بىللە بىر سەپەر سومكىسى ئېلىپ ماڭغان ئىدىم، ھېچكىم مېنىڭ سومكامنى تەكشۈرمىدى. مەن بىخەتەرلىك [تەكشۈرۈش] ئېشىكىدىن ئۆتتۈم، بىراق ھېچ كىم مېنى تەكشۈرۈش قول ئەسۋابى بىلەن تەكشۈرمىدى... چۈنكى مېنىڭ مىللىتىم خىتاي ئىدى، شۇڭا مەن تەكشۈرۈلمىدىم... مەن بىرسىدىن [ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان خادىمدىن] بۇ ھەقتە سورۇدۇم، ئۇ مۇنداق دېدى «ئۇيغۇرلارغا چوقۇم باشقىچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك چۈنكى ئۇ يەردە خىتاي تېرورىستلىرى يوق».[202]**

ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنىڭ سىرتىغا ساياھەتكە بارغاندا مېھمانخانا زاكاز قىلىش ۋە ئۆي ئىجارە ئېلىشتا قىيىنلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[203] «بېيجىڭدا ، بىز توردا زاكاز قىلغان مېھمانخانا بىزنى مېھمانخانىغا تىزىمغا ئېلىشنى رەت قىلدى... ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى بىزنىڭ ھۆججەتلىرىمىزنىڭ شىنجاڭدىن بولغانلىقى دەپ چۈشەندۈردى... مەن ، ئۇلار

194 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
195 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
196 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
197 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
198 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
199 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
200 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
201 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
202 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
203 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ساقچىلارنىڭ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىزنى رەت قىلدى دەپ ئويلىدىم... مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئۆچىنچى دەرىجىلىك پۇقرادەك ھېس قىلدىم» دېدى ئايدار.[204] «بىز دائىم مېھمانخانىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىشقا ئۇچرايمىز. ھەر قېتىم، مېھمانخانىلاردىكى كۈتكۈچى خادىملار بىزگە، بىزنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ياكى بوش ياتاق يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ... بىز مېھمانخانىنى توردا زاكاز قىلىپ بولغان بولساقمۇ، بەزىدە زاكازىمىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلدۇ. ئۇلار بىزنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ساقچىلار ھەمىشە [بىز تۇرغان ياتاققا] ئىزدەپ كېلىدۇ» دېدى زەينەپگۈل.[205]

## ختايدىن چىقىش ياكى كىرىشكە قويۇلغان چەكلىمىلەر

ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلگە چىقىشىنى ئادەتتىن تاشقىرى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى، ھەتتا ئۇنى مۇمكىن ئەمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.[206] بۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىلىرى 2016- ۋە 2017-يىللىرى[207] قوللىرىدىكى پاسپورتىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاندى، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئاساسەن پاسپورتلىرىنى قوللىرىغا قايتۇرۇپ ئالالمىدى.[208]

2017-يىلدىن كېيىن ناھايىتى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار ۋە قازاق بولمىغان مىللەتلەر شىنجاڭدىن چىقالىغان بولۇپ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مەلۇم بولغان ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەتئەللەر بىلەن كۈچلۈك دەرىجىدە ئائىلە مۇناسىۋىتى بارلار ياكى پارا بەرگەن ۋەياكى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاھىدە كۈچلۈك مۇناسىۋەتلىرى بار بولغان كىشىلەردۇر.[209] «ۋاستىچى» گە پۇل خەجلەش ئارقىلىق پاسپورتىنى قايتۇرۇۋېلىپ قازاقىستانغا بارالىغان قازاق مىللىتىدىن بولغان ئېركىنبېك، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر دوستىنىڭ ئوخشاش «ۋاستىچى» غا ئوخشاش ئىشنى قىلىشقا يول ماڭغانلىقىنى، ئەمما دائىرىلەر ئۇنىڭ دوستىغا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن پاسپورتىنى قايتۇرۇۋېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقانلىقىنى دېدى.[210]

2017-يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭدىن ئوقۇشقا چىققان ئايدار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزى ختايدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا پاسپورتىنى يەرلىك دائىرىلەرگە تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇ چەتئەلگە چىقىش ئۈچۈن پاسپورتىنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغاندا، دائىرىلەر ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلىقى ئۈچۈن پاسپورت ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ: «ئائىلەمدىكىلەر مېنىڭ پاسپورتىمنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشى كېرەك ئىدى» دېدى.[211] 2017-يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭدىن ئايرىلغان ئىسمائىل، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنى چەتئەلگە چىقالىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇيغۇر دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى:

> **2017-يىلى 2-ئايدا، ئاھالىلەر كومىتېتى [مەمۇرىي ئىشخانا] پاسپورتىمىزنى ئېلىۋېلىپ، پەقەت كۆپەيتىپ بولۇپلا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى... مەن پاسپورتىمنى قايتۇرۇۋالالايدىغانلىقىمدىن گۇمانلانغان ئىدىم، ئەمما پاسپورتىمنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالدىم [ئاندىن دۆلەتتىن ئايرىلدىم]. مەن 2017-يىلى 5-ئايدا، ھەممە ئادەملەرنىڭ پاسپورتىنى يەنە يىغىۋالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ھېچقايسى قايتۇرۇۋالالماپتۇ. مەن كەتكەندىن كېيىن چەتئەلگە چىقالىغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن يوق. مەن ئەڭ ئاخىرىدا چىقالىغانلارنىڭ بىرى.**[212]

ئۇندىن باشقا، كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ سۆزلىرى، شۇنىڭدەك مۇخبىرلارنىڭ دوكلاتلىرى ۋە ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىش، چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىشقا يول مېڭىش ياكى چەتئەلدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش قاتارلىق ئىشلار تۇتۇلۇش ۋە يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىشىنىڭ ئاساسى بولغان (3.1-بۆلەككە قاراڭ).

---

204 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
205 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
206 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «بىر پاسپورت، ئىككى سىستېما: ختاينىڭ تىبەتلەر ۋە باشقىلارنىڭ چەتئەل ساياھىتىنى چەكلىشى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ، 2015-يىلى 7-ئاينىڭ 13-كۈنى، www.hrw.org/report/2015/07/13/one-passport-two-systems/chinas-restrictions-foreign-travel-tibetans-and-others; ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى: «قورالغا ئايلاندۇرۇلغان پاسپورت - ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتسىزلىك كرىزىسى»، 2020-يىلى 4-ئاي، docs.uhrp.org/pdf/Weaponized_Passports.pdf
207 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى؛ شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «ختاي: شىنجاڭدا پاسپورت خالىغانچە يىغىۋېلىنىدۇ» ناملىق دوكلاتىغا قاراڭ، 2016-يىلى 11-ئاينىڭ 21-كۈنى، www.hrw.org/news/2016/11/22/china-passports-arbitrarily-recalled-XUAR ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى: «قورالغا ئايلاندۇرۇلغان پاسپورت - ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتسىزلىك كرىزىسى»، 2020-يىل 4-ئاي، docs.uhrp.org/pdf/Weaponized_Passports.pdf; ئېدۋارد ۋۇڭ، نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى، «ساقچىلار ختاينىڭ غەربىدىكى شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا پاسپورتنى يىغىۋالدى»، 2016-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى، www.nytimes.com/2016/12/01/world/asia/passports-confiscated-XUAR-china-uighur.html
208 Catherine Putz, The Diplomat - كاتېرىن پۇتز: «قازاقىستان، شىنجاڭدىكى قايتا تەربىيەلەش لاگېرىدىكى قازاقلار ئۈچۈن ختاي بىلەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارشىلاشتى: ئاستانە ھەتتا شىنجاڭ قايتا تەربىيەلەش لاگېرىغا قامالغان ئۆز پۇقرالىرىغا ۋاكالەتەن بېيجىڭغا بېسىم قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ»، «دىپلومات» ژۇرنىلى، 2018-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنى، thediplomat.com/2018/06/carefully-kazakhstan-confronts-china-about-kazakhs-in-xinjiang-re-education-camps
209 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى؛ شۇنداقلا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى (UHRP) نىڭ «ئۇيغۇرلار ختايغا: 'تۇغقانلىرىمىزنىڭ پاسپورتىنى قايتۇرۇپ بەر!'» ناملىق دوكلاتىغا قاراڭ، 2020-يىلى 8-ئاي، uhrp.org/report/uhrp-briefing-uyghurs-china-return-our-relatives-passports-html/; ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى (UHRP): «قورالغا ئايلاندۇرۇلغان پاسپورت - ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتسىزلىك كرىزىسى»، 2020-يىلى 1-ئاپرېل، docs.uhrp.org/pdf/Weaponized_Passports.pdf
210 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
211 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
212 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

# 3 خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش

**«مەن شۇ يەردە ئىدىم... ئۇلارنىڭ قوللىرى كەينىگە قايرىلىپ، كويزا سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار ئىدى... ساقچىلار كىشىلەرنى ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى... ھەممە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قارا خالتا كىيدۈرۈلگەن ئىدى... شۇ كۈنى كەچتە بىز 60 ئادەمنى تۇتۇپ كەلدۇق».**

يېركىنبېك، شىنجاڭدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشقا قاتناشقان ھۆكۈمەت كادىرى.

## 1.3 خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش

2017-يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان غايەت زور ساندىكى ئەر-ئاياللار تۇتقۇن قىلىنغان.[213] بۇ تۇتقۇن قىلىش تۈرمىلەرگە سولانغان كەم دېگەندە نەچچە يۈز مىڭ كىشىلەرنى ۋە شۇنىڭدەك يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان نەچچە يۈز مىڭ، بەلكىم 1 مىليون ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[214]

2017-يىلى، كۆپلىگەن يىغىۋېلىش لاگېرلىرى، تۇتقۇنلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ياكى ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق بىخەتەرلىك سىستېمىلىرى ئورنىتىلغان ئىلگىرى مەكتەپ ياكى ھۆكۈمەت بىنالىرى بولغان ئورۇنلارنى ئىشلەتكەن ئىدى.[215] 2018-يىللىرى، دەسلەپكى لاگېرلاردىكى تۇتقۇنلار مەخسۇس تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى قىلىپ ياسالغان چوڭراق ئورۇنلارغا كۆپلەپ يۆتكەلدى. (لاگېرلارنىڭ تاقىلىشى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ ھالىتى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى بىلمەكچى بولسىڭىز، «يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسى» ناملىق تېكىست رامكىسىغا قاراڭ).

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا بىر مەزگىل تۇرغان، كېيىن قويۇپ بېرىلگەن 55 نەپەر ئادەم (39 ئەر ۋە 16 ئايال) نى زىيارەت قىلدى. بۇ سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىگە بارلىق مۇۋاپىق ئۆلچەملەر بويىچە قارىغاندا، ئۇلار پۈتۈنلەي قانۇنلۇق قىلمىشلاردەك كۆرۈنىدىغان ئىشلار سەۋەبىدىن، يەنى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ھېچقانداق جىنايى ئىشلار سادىر قىلمىغان بولسىمۇ خالىغانچە تۇتۇپ كېتىلگەن. ئۇلارنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇشى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ نۇرغۇن نېگىزلىك قائىدىلىرىگە خىلاپ

---

213 نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى: «خىتايدىكى تۈرمىلەر مۇسۇلمان تۇتقۇنلار بىلەن تولۇپ تاشتى: شىنجاڭدا تۇتقۇن قىلىش، سوتلاش ۋە تۈرمە جازالىرى بېرىش ھەددىدىن زىيادە كۆپەيدى، ئۇيغۇر ۋە قازاقلارمۇ قايتا تەربىيىلەشكە دۇچ كەلدى»، 2019-يىلى 8 - ئاينىڭ 31-كۈنى، www.nytimes.com/2019/08/31/world/asia/xinjiang-china-uighurs-prisons.html; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «خىتاي: شىنجاڭدا ئاساسسىز قاماش كۆپەيدى - ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتا قاتتىق، ناھەق جازالار»، 2021-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى، www.hrw.org/news/2021/02/24/china-baseless-imprisonments-surge-xinjiang#

214 شىنجاڭدىكى تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ سانى توغرىسىدىكى مۆلچەرگە قارىتا، كۋارتزنىڭ پاترىك دېخاننىڭ (Patrick deHahn, Quartz) ماقالىسىگە قاراڭ: «خىتايدا 1 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان تۇتقۇن قىلىندى، ئەمما بىز بۇ سانغا قانداق ئېرىشتۇق؟»، 2019-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى، qz.com/1599393/how-researchers-estimate-1-million-uyghurs-are-detained-in-xinjiang/ amp/; جەسسىكا باتكې (Jessica Batke): «شىنجاڭدىكى لاگېرلارغا سولانغانلار بىر مىليون دېگەن سان نەدىن كەلگەن؟»، 2019-يىل 8-يانۋار، www.chinafile.com/reporting-opinion/features/where-did-one-million-figure-detentions-xinjiangs-camps-come; خىتاي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار (CHRD) ۋە باراۋەر ھوقۇق تەشەببۇسى (ERI)، «خىتاي: زور ساندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر قايتا تەربىيەلەش پروگراممىسىغا زورلاندى»، 2018-يىل 8-ئاينىڭ 3-كۈنى، www.nchrd.org/2018/08/chinamassive-numbers-of-uyghurs-other-ethnic-minorities-forced-into-re-education-programs; خىتاي كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى(CHRD): «CHRD تەخمىنەن بىر مىليون ئۇيغۇرلار تۇتقۇن قىلىندى دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ»، 2020-يىلى 8-ئاينىڭ 3-كۈنى، www.nchrd. org/2020/08/chrd-stands-firmly-by-estimate-of-one-million-uyghurs-detained/; ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz): «خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (XUAR) دىكى سىياسىي قايتا تەربىيەلەش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ئىسپاتى»، «خىتاي قىسقىچە مەلۇماتلار»، 18-توپلام، 10-سان، 2018-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى، jamestown.org/program/evidence-for-chinas-political-re-education-campaign-in-XUAR; ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz)، «سىياسىي خەتەر» ژۇرنىلى، «`مېڭە يۇيۇش، قەلبلەرنى تازىلاش`: شىنجاڭنىڭ قانۇندىن ھالقىغان قاماش ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە دائىرىسى توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىن ئىسپاتلار»، 2019-يىلى 11-ئاي، www.jpolrisk.com/wash-brains-cleanse-hearts

215 نايتېن رۇسېر (Nathan Ruser)، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسى تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى: «شىنجاڭنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش سىستېمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش: دۇنيادىكى ئەڭ ئەتراپلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى - 380 دىن ئارتۇق ئورۇنلار» xjdp.aspi.org.au/explainers/exploring-xinjiangs-detention-facilities/

كېلىدۇ. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەسلەپكى تۇتۇلۇش جەريانىدا ۋە تۇتۇلغاندىن كېيىن قانۇندا بەلگىلەنگەن دەۋا رەسمىيىتى رەت قىلىنغان. ھېچكىمنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. تۇتۇش بۇيرۇقى بېرىش ياكى كىشلەرنى تۇتقۇن قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارا قانۇن بويىچە ئېتىراپ قىلىنىدىغان جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە ئائىت ھېچ قانداق ئىشەنچلىك ئەيىبلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەۋەبلەر بېرىلمىگەن.[216]

كىشىلەرنى يىغىۋېلىش لاگېرىدا تۇتۇپ تۇرۇش، خىتاي جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسى ياكى دۆلەتنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىچكى قانۇن دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنىدۇ. ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ باياناتلىرىغا ئاساسلانغاندا، لاگېرلار قانۇنىي تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ئەمەس، لاگېردىكى كىشىلەر ئۆز «ئىختىيارى» بىلەن كەلگەن، ئۇلار جىنايەتچى ئەمەس، شۇڭلاشقا جىنايى ئىشلار قانۇن مىزانلىرىنى قوللىنىش مۇۋاپىق بولمايدۇ. ھۆكۈمەت ئاشكارا ھالدا بۇ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ (ھۆكۈمەت بۇلارنى «كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى» ياكى «تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش مەركىزى» دەپ ئاتايدۇ) دۆلەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى ياكى رادىكاللىقنى تۈگىتىش پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا، لاگېرلارغا قامالغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تۇتقۇنلارنىڭ جىنايەتچى ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇش بۇيرۇلغان ئىدى.[217] 2019-يىلى 3-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باشلىقى شۆھرەت زاكىر لاگېرلارنى «ياتاقلىق مەكتەپ» دەپ تەسۋىرلىگەن ۋە 2019-يىلى 12-ئايدا لاگېرلارغا قاتنىششىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدىغانلىقى، «قاتناشقۇچىلار خالىغان ۋاقىتتا بۇ پروگراممىغا قاتناشسا ياكى چېكىنسە بولىدۇ» دەپ ئېيتقان.[218]


ھۆكۈمەتنىڭ ئاشكارا باياناتىنىڭ ئەكسىچە، ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى بۇ ئورۇنلارغا ئەۋەتىلگەن كىشلەرنىڭ «جازالانغانلىقى» نى كۆرسەتتى.[219] تۆۋەندىكى گۇۋاھلىق ۋە باشقا دەلىل-ئىسپاتلاردا كۆرسىتىلگەندەك، لاگېرلاردا تۇرۇش ئىختىيارىي بولغان ئەمەس، شۇنداقلا لاگېرلاردىكى شارائىت كىشلەرنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت-ھۆرمىتىگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقتۇر.

## دەسلەپكى تۇتقۇن قىلىنىش

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان سابىق يىغىۋېلىش لاگېرى تۇتقۇنلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمايلا تۇتقۇن قىلىنغان. نۇرغۇن كىشلەر يېرىم كېچىدە ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كېتىلگەن.[220] يەنە بەزىلىرى ساقچىلار ياكى ئۇلارنىڭ كەنت باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، ساقچىخانىغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشى بۇيرۇلغان، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ پاسپورتلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار كەلگەن ھامان تۇتقۇن قىلىنغان.[221] چەتئەلدە ئىشلەيدىغان، ئوقۇيدىغان ياكى ياشايدىغان نۇرغۇنلىغان كىشلەر نەچچىلىگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ياكى ئىش ئورۇنلىرىدىكى خوجايىنلىرى تەرىپىدىن قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن بېسىم قىلىنغان ھەم ئۇلار قايتىپ كېلىشكىلا، ئايروپورت ۋە قۇرۇقلۇق چېگرالىرىدا قولغا ئېلىنغان.[222]

شىنجاڭدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشقا قاتناشقان ئايمان ئىسمىلىك بىر ھۆكۈمەت كادىرى، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا 2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ساقچىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيلا كىشلەرنى ئۆيىدىن قانداق ئېلىپ كەتكەنلىكى، تۇتۇلغان كىشلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى ۋە ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ بۇ جەرياندا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

> **مەن شۇ يەردە ئىدىم... ساقچىلار كىشلەرنى ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى... ئۇلارنىڭ قوللىرى كەينىگە قايرىلىپ، كويزا سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار ئىدى... ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قارا خالتا كيدۈرۈلگەن... ساقچىلارنىڭ قولىدا [تۇتۇشقا تېگىشلىك كىشلەر] تىزىملىك بار ئىدى... ھېچكىم قارشىلىق كۆرسەتمەيتتى. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. تۇيۇقسىز بىر توپ [ساقچىلار] ئۆيىڭىزگە باستۇرۇپ كىرىدۇ، قولىڭىزغا كويزا سالىدۇ، بېشىڭىزغا [قارا خالتا] كيدۈرىدۇ... [تۇتۇلغان كىشلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى] نېمىشقا تۇتىسلەر دەپ سورايدۇ... بىز [ساقچىلارغا] ھەمراھ بولۇپ بىللە**



*كېيىنكى بەتتە: بىر ئانا بالىسى بىلەن بىللە يولدىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدىن يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن ۋاقىتتىكى ئازاب ئىچىدە قاراپ تۇرغان كۆرۈنىشى.*

216 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «شىنجاڭدىكى `سىياسىي تەربىيە` نىڭ تۇتقۇنلىرى ئازات قىلىنسۇن: مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئايلارچە قانۇنسىز ئورۇنلاردا تۇتۇپ تۇرۇلماقتا» ناملىق دوكلاتقا قاراڭ، 2017-يىلى 10-سېنتەبىر. www.hrw.org/news/2017/09/10/china-free-xinjiang-political-education-detainees; خىتاي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار «شىنجاڭدا جىنايى ئىشلار بىلەن تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ نىسبىتى خىتاي بويىچە 21% نى ئىگىلىدى: خىتاينىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى، شىنجاڭدىكى ئېتنىك ۋە دىنىي ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قارا-قويۇق زەربە بېرىشنى نىشان قىلغان»، 2018-يىلى 25-ئىيۇل، www.nchrd.org/2018/07/criminal-arrests-in-xinjiang-account-for-21-of-chinas-total-in-2017/

217 «شىنجاڭ ھۆججەتلىرى»: ئۇستىن رامزىي ۋە ۋىرس باكلېي، « `قەتئىي مېھرى-شەپقەت قىلماسلىق`: ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنى قانداق ۋاستىلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلغانلىقىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسەتتى: خىتاينىڭ 400 بەتلىك ئىچكى ھۆججىتى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىسلى كۆرۈلمىگەن باستۇرۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارە قىلدى» نيۇ يورك ۋاقتى، 16-نويابىر 2019-يىلى. www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-xinjiang-documents.html

218 شىنخۇا ئاگېنتلىقى، «شىنجاڭدىكى تەربىيلەنگۈچىلەر تەربىيلەش پروگراممىلىرى بويىچە رەسمىي ئوقۇشنى پۈتتۈردى»، 2019-يىلى 9-دېكابىر، www.xinhuanet.com/english/-201912/09/c_138617314.htm

219 نيۇ يورك ۋاقتى، ئۇستىن رامزىي ۋە ۋىرس باكلېي، «ھۆججەت: خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى ئاتا-ئانىلىرى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇسمۇرلەرگە نېمىلەرنى ئېيتتى»، 16-نويابىر 2019-يىلى، www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-detention-directive.html

220 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

221 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

222 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.





**باردۇق، كادىرلار ئۇ يەردە كىشىلەرنى تۇتۇش ئىشلىرىنى قىلمىدى. بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز [تۇتۇلغانلارنىڭ] تۇغقانلىرىنى تىنچلاندۇرۇش، تەسەللى بېرىش ۋە ئۇلارغا بۇ ئىشلارنىڭ ھەر ۋاقىت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىش... بۇ بەك ئېچىنىشلىق... [كېيىن] مەن يىغلىۋەتتىم... شۇ كۈنى كېچىدە بىز 60 ئادەمنى تۇتۇپ كەلدۇق... بۇ [نۇرغۇن كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان رايونلار ئىچىدىكى] پەقەت بىرلا جاي ئىدى... ئۇلار ھەر كۈنى ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى تۇتاتتى.**[223]

كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن مەزگىلىدە، ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن مەرىيەمگۈلمۇ كۆرگەنلىرىنى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق تەسۋىرلەپ بەردى: «نۇرغۇن ئائىلىلەردە پەقەت ئاياللارلا قالدى. بەزى ئۆيلەردە ئىشىك قۇلۇپلاقلىق چۈنكى ئاتا-ئانا ھەر ئىككىلىسى يوق بولۇپ، بالىلار ياتاقلىق مەكتەپكە ئېلىپ كېتىلدى».

ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن ئىلياس، 2017-يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تېلېفون ئالاقىلىرىغا قاتناشقان. تېلېفوندا ئەمەلدارلار دائىم ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق رايوندىن لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ سانىنى دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئىلياس كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، كۆپ قېتىملىق تېلېفون ئالاقىلىرىدە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى.

## خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ۋە خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئاساسەن، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار.[224] قولغا ئېلىش ياكى سولاپ قويۇش پەقەت مەلۇم سەۋەبلەر ھەمدە قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن رەسمىيەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.[225] قولغا ئېلىش ۋە سولاپ قويۇشقا رۇخسەت قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاساسى ۋە رەسمىيىتى بەلگىلەنگەن ئىچكى قانۇن چوقۇم خەلقئارا ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.[226] جىنايى جاۋابكارلىق دائىرىسىنىڭ سىرتىدا كىشىلەرنى ھەرقانداق بىر ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش، مۇۋاپىق قوغداش بولمىغان شارائىتتا جىنايى جازاغا باراۋەر كېلىدىغان جازا بېرىش قىلمىشلىرى بولسا جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسىنى تەتبىقلاشنى ئاجىزلىتىدۇ.[227]

ب د ت نىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مىزانىغا ئاساسلانغاندا، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- ئېنىق قانۇني ئاساس بولماي تۇرۇپ شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى مەھرۇم قىلىدىغان ئەھۋاللار؛
- كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكى ياكى پىكىر ئەركىنلىكى، ۋىجدان ۋە دىن ئەركىنلىكى قاتارلىق بەزى ھوقۇقلىرىنى تىنچ يۇرگۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا قولغا ئېلىنغان ئەھۋاللار؛
- ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقىغا پۈتۈنلەي رىئايە قىلماسلىق ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلىش دېلولىرى؛ ھەمدە
- ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، تىلى، دىنى ياكى كۆز قارىشى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كەمسىتىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىنىڭ مەھرۇم قىلىنىشى قاتارلىق خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار.[228]

دۆلەت ئىچكى قانۇنىدا، ئالىلقاچان قانۇنسىز دەپ قارىلىدىغان خالىغانچە قولغا ئېلىش ياكى تۇتۇپ تۇرۇش ئوخشاشلا خەلقئارالىق قانۇنلار ۋە ئۆلچەملەر بويىچە ھەر ۋاقىت مەنئى قىلىنىدۇ.[229] خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشنىڭ مەسىللىرى بولسا ئەيىبلەشمۇ، سوتلاشمۇ يوق مەخپىي ھالدا ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇش، دېلوغا قاراپ چىقمىغان ھالدا ئۇزۇن مۇددەت قاماش ياكى مۇددەتسىز تۇتۇپ تۇرۇش، ھەمدە تۇتۇپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى قەرەللىك ھالدا قايتا باھالىمىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى تۇتۇپ تۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[230] ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، ھېچقانداق بىر خاتا ئىش قىلمىغان ئەمما جىنايى ئىشلار بىلەن ئەيىبلىنىپ تۇتقۇن قىلىنغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ «خاتا ھالدا خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشنىڭ قورقۇنۇچلۇق مەسىللىرى» ۋە مەجبۇرى غايىب قىلىۋېتىشتىكى «خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئېغىر شەكلى» دەپ قارايدۇ.[231] مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نامۇۋاپىق ھالدا سولاپ قويۇشمۇ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشنى شەكىللەندۇرىدىغان بولۇپ، تۇتقۇنلارنىڭ ئادۋوكات ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلىش، ئەركىنلىك ھوقۇقىقا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.[232]

---

223 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
224 ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى (UDHR)، 3-ماددا؛ پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى 9 ،(ICCPR)-ماددا (1).
225 پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى (ICCPR)، 9-ماددا (1)، بارلىق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش خەلقئارا ئەھدىنامىسى ، (CERD) 17-ماددا (2) (a).
226 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، «ئادىل سوتلاش قوللانمىسى»، 2014-يىل ،www.amnesty.org/download/Documents/8000/pol300022014en.pdf
227 كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى تەشكىلاتى (HRC)، ئومۇمىي باھا 35-باب 14-پاراگراف.
228 خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش مەسىلىلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى، خەلقئارا قائىدىلەر قانۇن بويىچە ئەركىنلىكتىن خالىغانچە مەھرۇم قىلىنىشنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە دائىرىسى توغرىسىدىكى 9-نومۇرلۇق كېڭەش. UN doc. A/HRC/22/44
229 ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 9-ماددىسى، پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى (ICCPR) نىڭ 9-ماددىسى 1-تارمىقى؛ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، خەلقئارالىق ھەر تۈرلۈك ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسىنىڭ 9-ماددىسى 1-تارمىقىدىكى «خالىغانچە» دېگەن ئاتالغۇنى نامۇۋاپىقلىق، ئادالەتسىزلىك، ئالدىن پەرەز قىلىشنىڭ كەملىكى ۋە تېگىشلىك قانۇني رەسمىيەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، شۇنداقلا مۇۋاپىقلىق، زۆرۈرىيەتلىك ۋە نىسبەتنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كەڭ مەنىدە چۈشۈنۈشنىڭ زۆرۈرلىكى، ھەمدە «2-ماددىنىڭ 1-تارمىقى، 3- ياكى 26-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىدىغان كەمسىتىش سەۋەبىدىن تۇتقۇن قىلىش [قولغا ئېلىش] پرىنسىپ جەھەتتىن خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش بولىدۇ» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئومۇمىي ئىزاھاتى 35، §§12، 17؛ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئىزاھاتى 36، §61 گە قاراڭ. قانۇندىن ھالقىش، تويلاپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ياكى خالىغانچە ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ بەرگەن دوكلاتى، ب د ت ئومۇمىي مەجلىسگە دوكلات، A / 69/265، 47-پاراگراف، ۋە كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشگە دوكلات، A / HRC / 26/36، 74-پاراگراف.
230 كىشىلىك ھوقوق كېڭەشى ئومۇمىي ئىزاھاتى 35، 11-، 12-پاراگراف.
231 كىشىلىك ھوقوق كېڭەشى ئومۇمىي ئىزاھاتى 35، 16-، 17-پاراگراف.
232 كىشىلىك ھوقوق كېڭەشى ئومۇمىي ئىزاھاتى 35، 59-پاراگراف.

خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش بولسا قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرنى، مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش ۋە تۈرلۈك خورلاش قاتارلىق قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىلدىكى خورلاش قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولسا، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىشنىڭ كېلىپ چىقىش ئاساسلىرى ۋە ئىجرا قىلىنىش جەريانلىرىنى ھەر ۋاقىت خەلقئارالىق ئۆلچەملەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىش مەۋقەسىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

ئىرقىي ياكى ئېتنىك ئارقا كۆرۈنۈشكە ئاساسەن قولغا ئېلىش ۋە سولاپ قويۇشقا يول قويىدىغان سىياسەت ياكى قىلمىشلار قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.[233] بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنى نىشان قىلغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى كەمسىتىش خاراكتېرلىك بولۇپ، مۇنداق بىر قانۇننىڭ قوللىنىلىشىغا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشنى چەكلەشمۇ خەلقئارالىق ئادەتكە ئايلانغان قانۇن قائىدىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ب د ت نىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى - بۇ چەكلەشنىڭ خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى نورمال رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يەنى بۇ دېگەنلىك، چەكلەش-مەزكۇر كېلىشىمنىڭ بەزى ماددىلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق ياكى ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چەكلەش قائىدىلىرىغا ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىشى كېرەك، بۇ ھەتتا ئۇرۇش مەزگىلى ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي ۋەزىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[234]

ھەر قانداق كىشى قولغا ئېلىنغاندا ياكى سولاپ قويۇلغاندا، ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى ياكى سولاپ قويۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئادۋوكات ئىشلىتىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى ئۇقتۇرۇلۇشى كېرەك.[235] شۇنىڭدەك ئۇلارغا قىلىنغان ئەيىبلەشلەرمۇ دەرھال ئۇقتۇرۇلۇشى كېرەك.[236] بۇ ئۇچۇرلار كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنىش ياكى سولاپ قويۇلۇشىنىڭ قانۇنلۇقلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

خەلقئارا ئۆلچەملەر تۇتۇلغان ياكى سولاپ قويۇلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن خەۋەردار بولۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقلاردىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر ئۇچىنچى كىشىگە ئۇقتۇرۇش قىلىش، قانۇن مەسلىھەتچىسى ئېلىش، داۋالاش ياردىمى ئېلىش، سولاپ قويۇلۇشنىڭ قانۇنلۇقلىقىغا قارىتا ئېتىراز بىلدۈرۈش، ئۆزىنى ئەيىبلىمەسلىك (سۈكۈتتە تۇرۇش ھوقۇقىنى ئىچىگە ئالىدۇ)، شۇنداقلا ناچار مۇئامىلە ياكى شارائىتلار ھەققىدە شىكايەت قىلىش ۋە ياردەم تەلەپ قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[237]

مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش: بارلىق كىشىلەرنى مەجبۇرىي غايىب قىلىشتىن قوغداش ئەھدىنامىسى (CPED) بولسا، بۇ جىنايەتنى «دۆلەتنىڭ ۋاكالەتچىلىرى ياكى دۆلەتنىڭ ھوقۇق بېرىشى، قوللىشى ياكى سۈكۈتتە يول قويۇشى ئارقىلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان شەخس ياكى كىشىلەر توپى تەرىپىدىن قولغا ئېلىش، قاماش، ئالداپ ئېلىپ قېچىش ياكى باشقا شەكىلدىكى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش، شۇنداقلا ئەركىنلىكنىڭ مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىش ياكى غايىب بولغان كىشىنىڭ تەقدىرىنى ۋەياكى ئىز-دېرىكىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق بۇ خىل كىشىلەرنى قانۇننىڭ قوغدىشى سىرتىدا قالدۇرۇش» دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ.[238] دۆلەت ئورگانلىرىدىن مەجبۇرىي غايىب قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك تەدبىر قوللىنىشى، ھەمدە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئىز-دېرىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تېز ۋە ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ كىشىنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ جەسىتى ياكى ئىز-دېرىكىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ئېنىقلانمايدىكەن، مەجبۇرىي غايىب قىلىش داۋاملاشقان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[239] مەلۇم ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىدىن ئىبارەت پاكىت، ئۇنىڭ غايىب بولغان مەزگىلدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەگەر دائىرىلەر بۇ كىشىلەرنىڭ سولاپ قويۇلۇشىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلسا ياكى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما تۇتقۇنلارنىڭ قەيەردىلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاشنى رەت قىلسا ھەمدە ئۇلارنى قانۇننىڭ قوغدىشىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئۇنۇمى بىلەن ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىشىنى رەت قىلسا، ئۇ ھالدا سولاپ قويۇش مەزگىلىدىكى مەلۇم ۋاقىت ياكى پۈتكۈل جەريان مەجبۇرىي غايىب قىلىش دەپ قارىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، بۇ جىنايەت ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (7.1-بۆلەككە قاراڭ).[240] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش قىلمىشىنى چەكلەشنى بولسا، ئومۇمىي خەلقئارا قانۇننىڭ بىر مەجبۇرىي يولغا قويۇلىدىغان قانۇنى مىزان (jus cogens) دەپ قارايدۇ.

مەجبۇرىي غايىب قىلىشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار غايىب بولغان ئادەملا ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىي غايىب قىلىشنىڭ بىۋاستە زىيىنىغا ئۇچرىغان ھەر قانداق شەخسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[241] غايىب بولغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە تولۇق ئۆھپە قوشۇش ھوقۇقى بار بولۇپ، ھەل قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى قارارلاردا ئۇلارنىڭ ھوقۇقى تولۇق ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك. ئۇنىدىن باشقا، مەجبۇرىي غايىب قىلىشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى بىلىش ھوقۇقىنى رەت قىلىش بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە يېقىن تۇغقانلىرىغا قىلىنغان رەھىمسىز ۋە قەبىھ مۇئامىلە قىلىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[242]

233 قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ (CERD) ئومۇمىي تەۋسىيىسى 36 (2020-يىلى)، CERD/C/GC/36 40- ۋە 53-پاراگراف.

234 كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە دوكلات قىلىش، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش مەسىلىلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى، ب د ت. (2012) A / HRC / 22/44 76-37-، پاراگرافلار. يەنە HRC 4 ئومۇمىي ئىزاھاتى 24، 8-پاراگراف، HRC ئومۇمىي ئىزاھاتى 29، 11-پاراگراف.

235 خەلقئارالىق ھەر تۈرلۈك ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى (ICCPR) 9-ماددا (2).

236 خەلقئارالىق ھەر تۈرلۈك ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى (ICCPR) 9-ماددىنىڭ 2-تارمىقى ۋە 14-ماددىسىنىڭ 3-تارمىقى.

237 ب د ت نىڭ بارلىق كىشىلەرنى ھەرقانداق شەكىلدىكى تۇتقۇن قىلىنىش ياكى تۈرمىگە سولىنىشتىن قوغداشقا مەسئۇل ئورگىنى، گ. res. 43/173، (1988)، 13 ۋە 14 پرىنسىپلار؛ قانۇن ياردىمى پرىنسىپلىرى كۆرسەتمىسى 2 §42 (c) ۋە 3 §43 (i)

238 بارلىق كىشىلەرنى مەجبۇرى يوقىتىۋېتىشتىن قوغداش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى (CPED) نىڭ 2-ماددىسى؛ گەرچە خىتاي CPED غا قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خەلقئارا قانۇن ۋە قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى بويىچە مەجبۇرىي غايىب بولۇشنى چەكلىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا، مەجبۇرىي يوقىتىۋېتىش بولسا خەلقئارا قانۇنلارنىڭ مەجبۇرىيەتكە ئايلانغان نورمال قائىدىلىرى (jus cogens) بولۇپ، بۇ قانۇنلار بارلىق دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىي يوسۇندا بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

239 بارلىق كىشىلەرنى مەجبۇرى يوقىتىۋېتىشتىن قوغداش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى، 8-ماددا (1) (b).

240 بارلىق كىشىلەرنى مەجبۇرى يوقىتىۋېتىشتىن قوغداش خەلقئارالىق ئەھدىنامىسى، (5-ماددا) مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ.

241 CPED، 24-ماددا (1).

242 كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، ئېدرىس ئېل خاسسى لىۋىيە ئەرەب جاماھىرىيە بىلەن 2005/1422 نومۇرلۇق ئالاقە 6.11; شۇنىڭدەك مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارسىز يوقىتىۋېتىش مەسىلىلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى، مەجبۇرىي يوقىتىۋېتىش مۇناسىۋىتىدىكى ھەققەتنىڭ ئومۇمىي ئىزاھاتى، A/HRC/16/48، 4-پاراگرافقا قاراڭ.



## تۇتقۇن قىلىش سەۋەبلىرى

زىيارەتنى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم سابىق تۇتقۇنلار ، دەسلەپكى تۇتۇلغان ۋاقىتتا ئۇلارغا تۇتۇلۇشىنىڭ سەۋەبى چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ ، نۇرغۇن كىشىلەر يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئەۋەتىلگەنگە قەدەر ھېچقانداق سەۋەب چۈشەندۈرۈلمىگەن ، ھەمدە ئۇلار قويۇپ بېرىلىشتىن سەل بۇرۇن «جىنايەت» نى «ئىقرار قىلىش» قا مەجبۇرلانغانغا قەدەر ھېچقانداق سەۋەبى چۈشەندۈرۈلمىگەن.[243] بىر قانچە كىشى تۇتۇلغاندا ئۇلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى چۈشەندۈرۈلگەن ، ئاندىن ئۇلار قويۇپ بېرىلگەندە باشقىچە سەۋەب چۈشەندۈرۈلگەن.[244] بەزىلىرىگە بولسا ھېچقانداق سەۋەب بېرىلمىگەن.[245] مەنسۇر ھەسرەتلىنىپ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنگە قەدەر ، ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا لاگېرغا تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن».[246]

سابىق تۇتقۇنلارنىڭ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر كۆپىنچە ھالدا كونكرېت ھەرىكەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن. تۇتقۇنلارغا ئۇلارنىڭ «گۇمانلىق» ، «ئىشەنچسىز» ياكى «تېررورچى» ياكى «ئاشقۇن» دېگەن تۈرگە ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.[247] بۇنداق تۈرگە ئايرىشنىڭ ئېنىق ئۆلچىمى مەلۇم ئەمەس. ۋاھالەنكى ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق ئاتالغۇلارنى ، بولۇپمۇ «تېررورچى» ۋە «ئاشقۇن» دېگەن ئاتالغۇلارنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇش ساھەلىرىدە ھەددىدىن زىيادە كەڭ مەنىدە قوللانغان.[248]

كونكرېت ھەرىكەتلەر تىلغا ئېلىنغاندا ، ئۇلار ئادەتتە بىر قانچە چوڭ كاتېگورىيەگە ئايرىلىدىكەن. بىر كاتېگورىيە بولسا چەتئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلار چەتئەلدە ياشىغانلىقى ، چەتئەلگە ساياھەت چىققانلىقى ياكى چەتئەلدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن.[249] كۆپىنچىلىرى ھەتتا پەقەت چەتئەلدە ياشىغان ، ساياھەت قىلغان ، ئوقۇغان ياكى چەتئەلدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلغان كىشىلەر بىلەن «باغلىنىشى» بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇتۇپ كېتىلگەن.[250]

تۇتقۇنلارنىڭ يەنە بىر كاتېگورىيىسى ، رۇخسەتسىز يۇمشاق دېتال ياكى رەقەملىك ئالاقە تېخنىكىسىنى ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر سەۋەبلىك تۇتۇلغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلار تېلېفونلىرىدا چەكلەنگەن يۇمشاق دېتال پروگراممىلىرىنىڭ بولغانلىقى ياكى شۇنداق دېتاللارنى ئىشلەتكەنلىكى ، بولۇپمۇ ۋاتسئەپ (WhatsApp) ئالاقە دېتالىنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبىدىن تۇتۇلغان.[251]

يەنە بىر ئورتاق كاتېگورىيە بولسا دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سابىق تۇتقۇنلار مەسچىتتە ئىشلەش ، ناماز ئوقۇش ، ئۆيدە جايناماز بولۇش ، دىنىي تېمىدىكى رەسىم ياكى ۋىدىيولارنى ساقلاش قاتارلىق ئىسلامىي ئېتىقاد ياكى ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەردىن تۇتۇلغان.[252]

باشقا سابىق تۇتقۇنلار بولسا ، كۆپ بالىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى خىتاينىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغان.[253] بىر سابىق تۇتقۇن ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتتە ئىشلەشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقىنى ئېيتتى.[254] قاماق جەريانىدا باشقا نۇرغۇن كامېرداشلىرىنىڭ «جىنايەتلىرى» نى تاپشۇرۇش تەلەپ قىلىنغان ، «ئىقرارنامە» جەدۋىلىنى تولدۇرۇشقا ياردەم بەرگەن ئەلنارا ، ئۇنىڭ كۆزىتىشىدىكى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى «كۆپ نوپۇسقا ئالدۇرۇش» ئىكەنلىكىنى ، بۇنىڭ خىتاي قانۇنىدا چەكلەنگەنلىكىنى ئېيتتى.[255] (ئىقرارنامە جەدۋىلىگە مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلار ئۈچۈن 4.3-بۆلەككە قاراڭ). قويۇپ بېرىلىشتىن سەل بۇرۇنلا ، مۇشۇنداق جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر سابىق تۇتقۇن كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ كۆپ نوپۇسقا ئالدۇرۇشنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزى چوڭ بولغان ئائىلىدە نوپۇسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكىتى كىشىلەرنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن بىر باھانە قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ ، دەپ قارايدىكەن.[256]

*قارشى تەرەپتىكى بەت: تۇتقۇنلار يىغىۋېلىش لاگېرىغا قاراپ كېتىۋاتماقتا.*

بىر قانچە سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ تۇتۇلىشىغا سەۋەب بولغان ئىشلار بولسا ، ئۇلار شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا دائىرلەردىن ئېنىق رۇخسەت ئالغان بولسىمۇ ئاقىۋەتتە تۇتقۇن قىلىنغان. ئايبېك كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ ھەتتا دۆلەت ئىچىدە سەپەر قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ تەستىقىنى ئالغان بولسىمۇ ، كېيىن يەنىلا تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى.[257]

---

243 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
244 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
245 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
246 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
247 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
248 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «خىتاي: كەڭ دائىرىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان ھۇجۇم» ، 2015-يىلى 4-مارت ، www.amnesty.org/en/latest/news/2015/03/china-draconian-anti-terror-law/
249 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
250 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
251 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
252 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
253 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
254 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
255 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
256 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
257 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

بولات كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ ھەتتا ھەر ئىككى قېتىمدا مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ سەپەرگە چىققان تۇرۇپمۇ ھەر ئىككى قېتىمدا تۇتۇلغانلىقىنى ئېيتتى.

**مەن [ئىككىنچى قېتىم تۇتۇلغاندىن كېيىن] يېزا باشلىقىدىن [نېمىشقا مېنى تۇتقانلىقىنى] سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىۋاتىمىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىزمۇ بىلمەيمىز. چەتئەلگە ساياھەتكە چىققانلارنىڭ ھەممىسى لاگېرغا كىرىدۇ. سوئال سوراش ھوقۇقىڭىز يوق. نېمىشقا دەپ سورىسىڭىز، ئۇ قارشىلىق دەپ قارىلىدۇ. بۇ سىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. لاگېرغا بارغاندا شۇ يەردە جاۋابقا ئېرىشىسىز».[258]**

سابىق تۇتقۇنلارنىڭ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا تەمىنلەنگەن تۇتۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر ژۇرنالىستلار ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرگۈچىلىرى توپلىغان گۇۋاھلىقلار ھەم ھۆججەتلىك ئىسپاتلار بىلەن بىردەك بولغان.[259] ئەڭ مۇھىمى ، بۇ يەردە بايان قىلىنغان سەۋەبلەر بىلەن قاراقاش ۋە ئاقسۇ تىزىملىكىدە بېرىلگەن كىشىلەرنى تۇتۇش ۋە قاماشتىكى رەسمىي سەۋەبلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە بىردەك بولغان.[260]

ئاقسۇ تىزىملىكىدە بولسا `ھەممە ساھە بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش سۇپىسى `(Integrated Joint Operations Platform- IJOP) تەرىپىدىن بەلگە ئورۇلغاندىن كېيىن ، بۇ ۋىلايەتتىكى 2000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ تۇتۇلغانلىقى ۋە قامالغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمەت خاتىرىلىرى بار. بۇ تىزىملىككە قارىغاندا ، تۇتۇلۇش ۋە سولاپ قويۇلۇشقا دائىم سەۋەب بولىدىغان «گۇمانلىق» قىلمىشلارنىڭ قۇرئان ئوقۇش ياكى دىنىي كىيملەرنى كىيىش قاتارلىق دائىملىق دىنىي پائالىيەتلەردىن ئىبرەت ؛ خىتاينىڭ سىياسىتىدە رۇخسەت قىلىنغان ساندىن كۆپ باللىق بولۇش ؛ Skype ياكى VPN غا ئوخشاش بەزى ئالاقە يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلىتىش ؛ چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىش ياكى رۇخسەتسىز ھالدا دۆلەت ئىچىدە ساياھەت قىلىش ؛ «ئاشقۇن ئىدىيە» بولۇش ؛ ئىشەنچسىز بولۇش ياكى ياش بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى.[261]

قاراقاش تىزىملىكى بولسا 3000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھۆكۈمەت خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ ، بۇ خاتىرىلەردە كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە تۇتۇپ تۇرۇلىشىدىكى رەسمىي سەۋەبلەردىن باشقا ، يەنە بەزى تۇتقۇنلارنىڭ لاگېردىن قويۇپ بېرىلىشى ياكى قويۇپ بېرىلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەرمۇ بار. ھۆججەتتە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورىغا ئائىت تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى قانداق توپلىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار ئاشكارىلاندى.[262] سەۋەبلەرنى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچسىزلىك ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ، چەتئەلگە چېتىشلىق ئىشلار قاتارلىق ئۆزئارا چەتكە قاقمايدىغان سەككىز كاتېگورىيەگە ئايرىلىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. تۇتۇلۇشتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەب بولسا ، خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.[263]

ئاشكارىلانغان يەنە بىر ئىچكى ھۆججەت ، يەنى ئاتالمىش «خىتاي تېلېگراممىلىرى» (China Cables) غا ئاساسلانغاندا ، نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشىلەر مەلۇم كۆچمە تېلېفون ئەپلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلغان. ھۆججەتلەردە يەنە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا چەتئەل ۋەتەنداشلىقىنى ئالغان ئۇيغۇرلارنى تۇتۇش ۋە چەتئەلدە ياشايدىغانلارنى خىتايغا قايتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەش توغرىسىدا ئېنىق يوليورۇق بېرىلگەن.[264] ژۇرنالىستلار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئادەم تۇرۇش ۋەزىپە نورمىسىنى ئورۇندىشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى ۋە بەزىدە كىشىلەرنىڭ ماھىيەتتە خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.[265]

---

258 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

259 «تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلى ، خىتاينىڭ جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلىشىنىڭ 48 خىل ئۇسۇلى: شىنجاڭدا بىر قىسىم قورقۇنۇچلۇق ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ» 2018-يىلى 3-سېنتەبىر ، https://foreignpolicy.com/2018/09/13/48-ways-to-get-sent-to-a-chinese-concentration-camp/

260 ئادرىيان زېنز ، «سىياسىي خەتەر» ژۇرنىلى ، «قاراقاش تىزىملىكى: بېيجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئاناتومىيەسىنى ئانالىز قىلىش» ، 2020-يىل 2-ئاي ، www.jpolrisk.com/karakax; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «خىتاي: چوڭ سانلىق مەلۇمات پروگراممىسى نىشانلىغان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى - ئاشكارىلانغان 2000 دىن ئارتۇق تۇتقۇنلارنىڭ تىزىملىكى ئاپتوماتىك باستۇرۇشنى نامايان قىلدى» ، www.hrw.org/news/2020/12/09/china-big-data-program-targets-XUARs-muslims#

261 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «خىتاي: چوڭ سانلىق مەلۇمات پروگراممىسى نىشانلىغان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى - ئاشكارىلانغان 2000 دىن ئارتۇق تۇتقۇنلارنىڭ تىزىملىكى ئاپتوماتىك باستۇرۇشنى نامايان قىلدى» ، www.hrw.org/news/2020/12/09/china-big-data-program-targets-XUARs-muslims#

262 ئىۋان ۋاتسون ۋە بېن ۋېستكوت (Ivan Watson and Ben Westcott) : «كۆزىتىلگەن ، باھالانغان ، قولغا ئېلىنغان: ئاشكارىلانغان خىتاينىڭ ھۆكۈمەت خاتىرىسىدە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ نازارەت قىلىنغانلىق تەپسىلاتلىرى ۋە بېيجىڭنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنىڭ يوللۇقلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلىي دوكلاتى ئاشكارىلاندى».
www.cnn.com/interactive/2020/02/asia/xinjiang-china-karakax-document-intl-hnk/;
Isobel Yeung and Nicole Bozorgmir, Vice News ۋايىس خەۋەرلىرى ، «خىتاي مۇسۇلمانلارنى `قايتا تەربىيەلىمەكتە` ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۈستىدىن جاسۇسلۇق قىلماقتا: مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھجابلىنىش ، «قويۇق ساقال» ئۆستۈرۈش ، چەتئەل تور بېتىنى زىيارەت قىلىش ياكى پاسپورتقا ئىلتىماس قىلىشتەك ئادەتتىكى ئىشلار بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان ، 2020-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى ، www.vice.com/en/article/epgadw/leak-secret-documents-show-how-china-targets-muslims-for-re-education-camps-and-spies-on-their-families;
كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ،(Maya Wang) مايا ۋاڭ: «خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى دەھشەتلىك زىيانكەشلىكلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىسپاتى» ، 2020-يىلى 2-ئاينىڭ 20-كۈنى ، www.hrw.org/news/2020/02/20/more-evidence-chinas-horrific-abuses-xinjiang

263 ئادرىيان زېنز ، «سىياسىي خەتەر» ژۇرنىلى ، «قاراقاش تىزىملىكى: بېيجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئاناتومىيەسىنى ئانالىز قىلىش» ، 2020-يىل 2-ئاي ، www.jpolrisk.com/karakax

264 «خىتاي تېلېگراممىلىرى»: بەيتانىيا ئاللېن-ئىبراھىميان (Bethany Allen-Ebrahimian) ، خەلقئارالىق تەھقىقلىگۈچى ژۇرنالىستلار بىرلەشمىسى ، «ئاشكارىلاندى: خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە ئالگورىزىم (ھېسابلاش قائىدىسى) بويىچە قولغا ئېلىش مەشغۇلات قوللانمىسى. خىتاينىڭ يېڭىدىن ئاشكارىلانغان مەخپىي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە شىنجاڭدىكى كەڭ -كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش لاگېرلار باشقۇرۇش قوللانمىسى ھەم رايوندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەڭ دائىرىدىكى كۆزىتىش سىستېمىلىرىنىڭ مېخانىزملىرى ئاشكارلاندى». 2019-يىلى 11-ئاينىڭ 24-كۈنى ، www.icij.org/investigations/china-cables/exposed-chinas-operating-manuals-for-mass-internment-and-arrest-by-algorithm/

265 بەلگىلەنگەن سان توغرىسىدىكى دوكلات ئۈچۈن ، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا قاراڭ: «خىتاي: چوڭ سانلىق مەلۇمات پروگراممىسى نىشانلىغان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى - ئاشكارىلانغان 2000 دىن ئارتۇق تۇتقۇنلارنىڭ تىزىملىكى ئاپتوماتىك باستۇرۇشنى نامايان قىلدى ، www.hrw.org/news/2020/12/09/china-big-data-program-targets-XUARs-muslims#
ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى: «شىنجاڭنىڭ خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرىغا نىشانلاندى» ، 2017-يىلى 10-ئاينىڭ 9-كۈنى ، www.rfa.org/english/ news/uyghur/camps-10092017164000.html
ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى: «شىنجاڭ دائىرىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ياشايدىغان رايونلىرىدا تۇتقۇن قىلىشنى كۆپەيتكەن» ، 2018-يىلى 19-مارت ، www.rfa.org/english/news/uyghur/detentions-03192018151252.html

شنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا سابىق يىغىۋېلىش لاگېرى تۇتقۇنلىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە باشقا گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى خاتىرىلەنگەن.[266] گەرچە بۇ پروجېكت توپلىغان سانلىق مەلۇماتلار تۇتۇلغان بارلىق كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، ئەمما نەچچە مىڭلىغان گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، تۇتقۇن قىلىشقا كۆرسىتىلگەن ئەڭ كۆپ سەۋەبلەر- دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئامىللار، چەتئەلگە چىقىش، تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە تۇتقۇنلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 1500 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ تۇتۇلۇشىدىكى رەسمىي سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلغاندا، باشقا كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەبلەر بولسا «بۆلگۈنچىلىك»، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە «ئاشقۇنلۇق» بىلەن گۇمان قىلىنىش ھەم شۇنداقلا ئىشەنچسىزلىك ياكى جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش دېگەندەك مۇجمەل سەۋەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[267]

## ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا باغلاپ گۇناھكار قىلىش

ئاقسۇ ۋە قارىقاش تىزىملىكى ۋە باشقا ژۇرنىلىستلارنىڭ يىغقان گۇۋاھلىق ۋە باياناتلىق ئىسپاتلىرى بىلەن بىللە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتى يىغقان گۇۋاھلىقلار شۇنى كۆرسىتىدىكى، كۆپ قىسىم شىنجاڭدىكى ئاز-سانلىق مىللەتلەر پەقەتلا «ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا باغلاپ گۇناھكار قىلىش» تۈپەيلىدىن تۇتقۇن قىلىنغان. كۆپ قىسىملىرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئاتالمىش دوستلۇق ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىق، تونۇشلۇق مۇناسىۋەتلىرى سەۋەبلىكلا تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى بولسا خەلقئارا بويىچە ئېتىراپ قىلىنىدىغان ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن. ئىلگىرىكى تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گۇمانلىق ياكى ئىشەنچسىز دەپ قارالغان تۇغقانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋە ياكى «رادىكال» «بۆلگۈنچى» «تېرورىست» دەپ ئەيىبلەنگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن ئىلگىرى ئالاقىلاشقانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغان.[268]


خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئىلگىرى شىنجاڭدا تۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى دەپ قارىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى. شامىل چەتئەلگە چىقىپ ۋاقتىدا قايتالمىغان بولۇپ، ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا دادىسىنى مۇشۇ سەۋەبتىن لاگېرغا كىرىپ كەتتى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى.[269] قۇناشمۇ چەتئەلگە چىقىپ ۋاقتىدا قايتالمىغان بولۇپ، ساقچى ئۇنىڭ خىتايدىكى ئۆز ئۆيىدىن تېلېفون قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆزىدىن چەتئەلدىن دەرھال قايتىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر كەلمىسە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ لاگېرغا سولىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ئائىلىدىكىلىرى بىلەن ئالاقە قىلالمىغان. «مەن باللىرىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن» دېدى قۇناش.[270] ئەزھەر لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنلا دادىسىنىڭ، ئۇنى چەتئەلگە چىقىرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن لاگېرغا سولانغانلىقىنى دېدى. ئۇ :«دادام سولىنىپ كېتىش ئالدىدا، ساقچى ماڭا تېلېفون قىلىپ، دەرھال [خىتايغا قايتىپ] كېلىشىمنى، ھەمدە كەلسەملا دادامنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى».[271]

تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن دائىم يېتەرلىك سەۋەبلەر بولۇشتىن سىرت يەنە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا باغلاپ گۇناھكار قىلىش، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ھاياتىغا كەڭ-كۆلەملىك سىڭىپ كىرگەن بىر تېما بولۇپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئاھالىلىرىگە يۈرگۈزگەن ئىجتىمائىي كونتروللىقىنىڭ بىر قورالى بولۇپ قالغان. بۇ دوكلاتتا باشتىن ئاخىرى ھەر تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈلگەندەك، بۇ ئاز-سانلىق ئېتنىك مىللەتلەر ئەزالىرىنىڭ ھەر بىر ئىش پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە، جەمئىيىتىگە، ھەتتاكى بىر پۈتۈن مىللەتكە تەسىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە قارىتىلغان بۇنداق ئېغىر تەھدىت، ئۇلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

# 2.3 ساقچىخانىدىكى سوراقلار

كۆپ ساندىكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغانلار، تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن ساقچىخانىدا قاتتىق سوراق قىلىنغان.[272] ئاز قىسىملىرى سوراق قىلىنماي ئۇدۇللا لاگېرغا تۇتۇلۇپ كېتىلگەن. بۇ سوراقلارنىڭ كۆپىنچىلىرى تۇتقۇن قىلىنغۇچىنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقىنى شەرھلەشكە مەركەز قىلىنغان. بۇ سوراقلار ئادەتتە نەچچە سائەت داۋاملاشقان. بىر قانچە تۇتقۇن قىلىنغانلار سوراق جەريانىدا بۇلانغانلىقىنى ئېيتقان بولۇپ، سوراق قىلغۇچىلار ئۇلارغا پارا بەرسىلا لاگېرغا سولانمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.[273]

266 شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرى، https://shahit.biz/eng/#home
267 شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرى، https://shahit.biz/eng/#stats
268 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
269 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
270 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
271 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
272 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
273 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.



*بۇ ئادەم يېغۋېلىش لاگېرىغا قاملىشتىن بۇرۇن ، ساقچىخانىدا سوراق قىلىنماقتا.*

بۇ سوراق قىلىشنىڭ مەزمۇنى ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەرنىڭ لاگېر ئىچىدە ۋە قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇچرىغان سۇئال-سوراق قىلىش بىلەن جەريانلىرى ناھايىتى ئوخشاش بولغان. نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇن قىلىنغانلار سولاقتا تۇرغان ۋاقىتتىكى ئايلار ۋە يىللار جەريانىدا ، ئۆزلىرىدىن ئوخشاش بولغان سوئاللار ئوخشىمىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن تەكرار- تەكرار سورالغانلىقلىرىنى ئېيتقان.[274]

نۇرغۇنلىغان تۇتقۇنلار لاگېرلارغا يۆتكىلىشتىن بۇرۇن سوراق قىلىنىش جەريانىدا قىيناشلارغا ۋە ھەر خىل خورلۇقلارغا ئۇچرىغان.[275] سوراقلار ۋە قىيناشلارنى ئادەتتە لاگېر ئىچىدىكى بىخەتەرلىكنى قوغداش ساقچىلىرى ، يەنى «گوباۋ» دەپ ئاتىلىدىغان ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان.[276] بەزىدە بۇنداق قىلمىشلار يەرلىك ساقچىلار تەرىپىدىنمۇ ئېلىپ بېرىلغان. سابىق تۇتقۇن قىلىنغانلار« يولۋاس ئورۇندۇق» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇندۇقتا سوراق قىلىنغان. بۇنداق ئورۇندۇقتا پاچاقتىن كىشەنلەيدىغان تۆمۈر ۋە بەدەننى ئىنتايىن ئاغرىتىدىغان ھالەتتە سىيلىنىدىغان كويزا بار بولۇپ ، ئاغرىق سەۋەبىدىن بەدىنىنى مىدىرلىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.[277] بەزىلىرى سوراق جەريانىدا ئۇستى بېشىغا خالتا كىيگۈزۈلۈپ ، زەنجىر بىلەن كىشەنلەنگەن.[278] قازاقىستانغا بارغانلىقى ئۈچۈن بىر يىل لاگېردا تۇتۇلغان قانات ئۆزىنىڭ سائەت-سائەتلەپ يولۋاس ئورۇندۇقتا سوراق قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ: «مەن بىر مېتال ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم ، قوللىرىم ۋە پۇتلىرىم كىشەن ۋە كويزىلار بىلەن باغلانغان ھالەتتە سوراق قىلىندىم. ئۇ ئورۇندۇق ئالدىدا قولىڭىز كويزۇلانغاندىن كېيىن قويىدىغان بىر تاختاي بار. ئاستىدا پۇتىڭىزنى كىرگۈزىدىغان تومۇر قېلىپ بار ، [سوراق يېرىم كېچىدە باشلىنىپ] كەچ سائەت 3 كىچە داۋاملىشاتتى» دېدى.[279]

---

274 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
275 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
276 دۆلەت بىخەتەرلىكنى قوغداش قىسمى ، بۇ قىسىم دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي تەھدىتلەرگە قارشى تۇرۇشقا مەسئۇل مەخپىي قىسىمدۇر.
277 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
278 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
279 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

نۇرغۇن سابىق تۇتقۇنلار خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، لاگېرغا يۆتكىلىشتىن بۇرۇن ئىنتايىن قىستا - قىستاڭ شارائىتتا تۇرغانلىقىنى ئېيتقان. نۇرسالام لاگېرغا يۆتكىلىشتىن بۇرۇن تۇتۇپ[280] تۇرۇش مەركىزىدە ئۈچ ھەپتە تۇرغان. ئۇ بۇ جەرياندا كىچىك بىر كامېردا باشقا 50 كامېرداشلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان. « بىز كاللىلارنىمۇ مۇنداق شارائىتتا قويمايمىز ، بىز ئۇخلىغاندا بەدەنلىرىمىز بىر-بىرىمىزگە تېگىشىپ تۇراتتى» دېدى نۇرسالام.[281]

سەقىپنىمۇ لاگېرغا يۆتكىلىشتىن بۇرۇن تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدە بىر قانچە ھەپتە تۇرغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزى ياتقان كۆنەكنىڭ ھەددىدىن زىيادە سوغاق ۋە قىستا- قىستاڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ پەرەز قىلىنىشىچە ، 30 كۋادرات كېلىدىغان بىر كامېردا 60 كە يېقىن ئادەم تۇرغان.

**كامېردا بىر چوڭ كارۋات بولۇپ، ئىچىدىكى ئادەملەر كارۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇراتتى. بىراق يېتەرلىك بوشلۇق بولمىغانلىقتىن ياشقا چوڭراق ئادەملەرنى ئولتۇرغۇزاتتۇق. قالغانلىرىمىزغا ئولتۇرىدىغان ۋە ئۇخلايدىغان جاي بولمىغانلىقتىن، دەملىشىپ ئوخلايتتۇق. يەر بەك سوغاق ۋە نەم، مەن پالاز ۋە كۆرپە بولمىغان داق يەردە نەچچە ھەپتە ئۇخلىدىم. ئۇ ۋاقىتلار قىش مەزگىلى بولۇپ بىزنىڭ كىيىملىرىمىز بەك نېپىز ئىدى. بەكلا توڭلايتتۇق. كۆنەكنىڭ ئىچى ھەم بەك سېسىق پۇرايتتى.**

سەقىپنىنىڭ يەنە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، ئۇ تۇرغان كامېرنىڭ ئۈستى قەۋىتىدىكى كامېردىن ئايال تۇتقۇن قىلىنغۇچىنىڭ يېرىم كېچىدە چىقىرىغان ، يىغلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: « ئۇلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بىزمۇ يىغلاپ كېتەتتۇق ، ئۇلاردىن بەكلا ئەنسىرىدۇق».[282]

ژۇرنىلىستلار ۋە باشقا ئورگانلار تەخمىنەن ئون نەچچىلىگەن مۇشۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان دەلىللەرنى ، ساقچىخانا ۋە تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە تۇتقۇنلارنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچراش ، قىستاڭ ياشاش شارائىتلىرى ھەم ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىيناشلار ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى خورلاش ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلغان.[283]

## 3.3 تىببىي تەكشۈرۈش ۋە بىئولوگىيىلىك ئۇچۇر يىغىش

لاگېرغا يۆتكىلىشتىن بۇرۇن ھەممە تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار تىببىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن. سابىق تۇتقۇن باقېت بىر دوختۇر ئىدى. ئۇ ، لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈلگەن ئادەملەر بارغان دوختۇرخانىدا ئىشلىگە بولۇپ ، نۇرغۇن تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغانلىقىنىڭ ۋە تىببىي تەكشۈرۈش جەريانلىرىنىڭ شاھىدى بولغان.

**مەن تۇرغان شەھەردە تۆت دوختۇرخانا بار، يۇقۇملۇق دوختۇرخانىسى، ھەربى دوختۇرخانىسى، ئەنئەنىۋى دوختۇرخانا ۋە ئادەتتىكى دوختۇرخانىلار. 2017-يىلدىن باشلاپ بۇ دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسى قايتىدىن تەربىيىلەش لاگېرلىرغا ئەۋەتىلىدىغان ئادەملەر ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن. باشتا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلار ئېلىپ كېلىنەتتى . ئۇلار ئادەتتىكى گۇناھسىز ئادەملەر ئىدى، بىراق ساقچىلار ئۇلارغا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. [تىببىي تەكشۈرۈشكە ئېلىپ كېلىنگەن] بىر كىشىنى ئالتە مۇۋاپىزەتچىلەر نازارەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېتىلگەن [بېشىغا خالتا كىيگۈزۈلگەن]، قوللىرىغا كويزا سېلىنغان ھالدا [دوختۇرخانىغا] ئېلىپ كېلىنەتتى. بارلىق تىببىي تەكشۈرۈشلەر قەتئىي مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان... [دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان خادىملار] ئۇلارنىڭ**

280 تۇتقۇن قىلىنغانلار ئاساسلىقى ساقچىخانىلاردا تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان بولۇپ ، ئۇلار لاگېر ۋە تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىگە ئاپىرىپ سولىنىشتىن بۇرۇن ، ئۇ يەرلەردە ناھايىتى ئاز ساندا تۇتقۇنلار تۇراتتى.
281 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
282 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
283 كىشىلىك ھوقوقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىنى كۆرۈڭ ، «ئىدىئولوگىيەلىك ۋىرۇسلارنى يوقىتىش: خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش ھەركىتى» ، 2018-يىلى 9-سېنتەبىر ،www.hrw.org/report/2018/09/09/eradicating-ideological-viruses/chinas-campaign-repression-against-xinjiangs; يەنە شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى كۆرۈڭ: «باقىيتالى نۇر» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=7075; «ئەرباقىت ئورتاباي» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=453; «مەردان غاپپار» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=12952; «تۇرسۇنبەك قابى» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=277; «ئۆمەت بەكرى» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=3623 ؛ «ئابدۇۋېلى ئايۇپ» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=4616; «ئابدۇخەبىر رەجەپ» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=10553; «كوك يۇئەنفېك» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=5279; «قەستەر مۇساخان» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=5419; «مېھرىگۇل تۇرسۇن» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=2110; «ئۆرۈنبېك كۆكسەبەك» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=1725; «مەمەتتۇرسۇن ئۆمەر» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=5282




*خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتقۇنلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئاپىرىپ سولاشتىن بۇرۇن ، ئۇلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئۇچۇرلىرىنى يىغقان. بۇ ئۇچۇرلار بولسا سۈرەتكە ئېلىش ، بارماق ئىزلىرىنى ئېلىش ۋە كۆز قارچۇقلىرىنى سكاننېرلاشلاردىن ئىبارەت.*

**جىسمانى جەھەتتىن ساغلام ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلىشى كېرەك ئىدى. [دوختۇرلار] ئۇلارنىڭ قېنىنى ئېلىپ تەكشۈرۈپ، ساغلاملىقىدا مەسىلە يوق ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياشلار، مەن ئۇ يەردە... (بۇ يەر چېقىنۇېتىلگەن) ياردەملەشكەن. (شۇ مەزگىللەردە مەن ئىشلىگەن دوختۇرخانىدا) مەن تەكشۈرگەن ئادەملەر ئاساسلىقى [چەتئەلدە] يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ياش تۇڭگانلار ئىدى.[284]**

ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا تىببىي تەكشۈرۈشنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن باشقا يەنە ، ئۇلار ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ، ئۆزلىرىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئۇچۇرلىرىنى يىغىۋېلىشقا يول قويۇشىغا مەجبۇر قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئۇچۇرلار ئاساسلىقى بىر قانچە سۈرەتلەر ، بارماق ئىزى ، كۆز قارىچۇقى سىكاننېرى ، ئاۋاز لېنتىسى ، قولىيازما ئۇسلۇبلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق بىئولوگىيىلىك ئۇچۇرلار ئادەتتە ساقچىخانىدا يىغىۋېلىنىدۇ. ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغانلار ، قان نۇسخىسىنىڭمۇ ئېلىنغانلىقىنى ئېيتقان. باقىت كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، تۇتۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەپ بەرگەندە مۇنداق دىدى: « ئاندىن بىز ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىلدۇق ، بىلىشىمچە بىزدىن د ن ئا نۇسخىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ قېنىمىزنى ئېلىپ ، بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ پلاستىك بىلەن يۆگىدى».[285]

سالامەتلىك تەكشۈرۈش ۋە بىئولوگىيىلىك ئۇچۇرلارنى يىغىۋېلىشقا ئائىت مەلۇماتلار ، باشقا جايلاردا زىيارەت قىلىنغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى بىلەن بىردەك چىققان ۋە بۇنداق بىئولوگىيىلىك ئۇچۇرلارنى يىغىش كەڭ- كۆلەملىك تەشكىللەنگەن ھەرىكەت بولۇپ ، لاگېرلارغا تۇتۇلغان كىشىلەرلا ئەمەس بەلكى يەنە شىنجاڭدىكى بارلىق ئاھالىلەر نىشان قىلىنغان.[286]

تىببىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ بىئولوگىيىلىك ئۇچۇر يىغىلغاندىن كېيىن ، بارلىق تۇتقۇن قىلىنغانلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئەكېتىلگەن. نۇرغۇنلىرىغا يۆتكىلىش جەريانىدا كۆيزا سېلىنغان ، بېشىغا خالتا كىيدۈرۈلگەن ، پۇتلىرى زەنجىرلەنگەن.[287] ئېلنارە مۇنداق دېدى: «بېشىڭىزغا كىيگۈزۈلگەن خالتىدىن ھېچنىمىنى كۆرەلمەيسىز ، نەدىلىكىڭىزنى بىلەلمەيسىز... نەگە ئەكىتىلىپ بارغىنىمنى ئويلاپ قورقۇپ تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى».[288]

كۆپ ساندىكى تۇتقۇنلار لاگېرلارغا كىچىك يۈك ماشىنىلىرى ياكى ئاپتوبۇسلار بىلەن نۇرغۇنلىغان تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار بىللە ئاپىرىلغان.[289] قازاقىستانغا بارغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغان قايىنا ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا لاگېرغا يۆتكىلىش جەريانىنى سۆزلىگەندە مۇنداق دېدى: «ئۇلار بىزنىڭ كامېرلىرىمىزغا ئەتىگەندە كىرىدۇ ، بىر ساقچى بىزنىڭ تۇرغان كامېرغا كىردى (ساقچىخانىدىكى كامېر) ۋە بىر قارا خالتىنى (بېشىمغا) كىيگۈزدى. قوللىمغا كۆيزا سالدى ، ئاندىن ئاپتوبۇسقا سۆرەپ ئېلىپ چىقىرىپ ، بىزنى لاگېرغا ئەكەلدى».[290] زەينەپگۈل ئىسىملىك ياشقا چوڭ ئايال ناماز ئۆتىگىنى ئۈچۈن لاگېرغا سولانغان بولۇپ ، ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ يېرىم كېچىدە ساقچىخانىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ۋە قولىغا يەنە بىر ئايال بىلەن بىللە كۆيزا سېلىنغان ھالەتتە يەنە 20 دەك باشقا تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ يېزىسىدىن يۈك ماشىنىسى بىلەن لاگېرغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئېيتقان.[291]

284 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى ؛ ئۇلار نېمىنى كۆردى: سابىق تۇتقۇنلارنىڭ خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى قورقۇنۇچلۇق ئەھۋاللىرى ، 2020-يىلى 27-ئاۋغۇست ، www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/china-ex-prisoners-horrors-xinjiang-camps-uighurs

285 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

286 ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، خىتاي: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ د ن ئا نۇسخىللىرى يىغىلماقتا ، ساقچىلار بولسا `ئاممىۋى ساغلاملىق پروگراممىسى` نامىنى سۈئىستىمال قىلىپ كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئۇچۇرلىرىنى توپلىماقتا ، www.hrw.org/news/2017/12/13/china-minority-region-collects-dna-millions; نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى ، خىتاي كىشىلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن د ن ئا ئۇچۇرلىرىنى ئىشلەتمەكتە. 2019-يىلى 21-فېۋرال ، www.nytimes.com/2019/02/21/business/china-XUAR-uighur-dna-thermo

287 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

288 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

289 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

290 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

291 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

## خەلقئارالىق قانۇندىكى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ شەرتلىرى

ئەركىنلىكى مەھرۇم قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئىنسانلىق بىلەن ۋە ئادەمىي قەدىر -قىممەت ئۆلچەملىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشقا ئېرىشى ھوقۇقى بار.[292] ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ، بۇ ھوقۇقنىڭ بىر نېگىزلىك ۋە بارلىق خەلقئارالىق قانۇنلاردا بىردەك ئۇنۋېرسال قوللىنىلىدىغان قانۇن ئىكەنلىكىنى ، بۇ قانۇننىڭ ئىشلىتىشىنى مەيلى جىددىي ئەھۋاللاردا بولسۇن ، ھەر قانداق ۋاقىت ۋە شارائىتلاردا ئاجىزلىشتۇرماسلىقنى تەكىتلەيدۇ.[293] بۇ ھوقۇقنى يەنىمۇ تەپسىلى شەرھلەپ شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈردىكى ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىلەر «ئەركىنلىكى مەھرۇم قىلغاندىن باشقا ، ئۇلار ھېچ قانداق ئېغىر ئەھۋاللارغا ياكى باشقا تۈرلۈك چەكلىمىلەرگە ئۇچرىماسلىقى ، ئۇلارنىڭ ئىززەت ۋە غۇرۇرى خۇددى ئەركىن ئەدەملەرگە ئوخشاش ھۆرمەت قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى كېرەك ».[294] بۇ ھوقۇقلار يەنىمۇ ئېنىق بايان قىلىنىپ ، كىشىلەر چوقۇم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىدىغان تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلىشى ۋە دۆلەتنىڭ ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ مەخپىي تۇرمىلەردە تۇتۇپ تۇرۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.[295] دۆلەتلەر تۇتقۇنلارنىڭ دىنىي ئىبادەت قىلىشىغا ۋە چەتئەللىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى بار .

خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ تەستىقلىغان خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسى بويىچە ، تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتلىرى چوقۇم بىر دۆلەتنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان (سولاقتىكى ) ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ، ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدىكى جىسمانى ۋە روھى ساغلاملىققا ئېرىشىش ھوقۇقى بار.[296] خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىدە ، دۆلەتلەر چوقۇم تۈرمىدىكى ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتىكى باشقا ئاھالىلەرگە ئوخشاش ، ساغلاملىق مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلىنىشىگە ئېرىشىش ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك دەپ بايان قىلغان. ھۆكۈمەت چوقۇم سولىنىپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ، شۇ تۇتۇپ تۇرۇش مەزگىللىرىدىكى ۋاقتىدا مۇۋاپىق سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈش ، داۋالىنىش ھەمدە يېتەرلىك ساغلاملىق مۇلازىمەتلىرىگە دەل ۋاقتىدا ۋە قەرەللىك ئېرىشىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.[297]

ساغلاملىق ھوقۇقى قەرەللىك ۋە يېتەرلىك ساغلاملىق مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي ، يەنە ئەڭ ئاساسى تۈپكى ساغلاملىق ئۆلچىمى ، يەنى يېتەرلىك ، تولۇق ۋە مۇۋاپىق يېمەكلىك ، سۇ ، پاكىزلايدىغان تازلىق ئەسلىھەلىرى ،[298] كارىۋات ، ساپ ھاۋا ، تەبىئىي يورۇقلۇق ھەم مەلۇم تۈردىكى بەدەن چېنىقتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[299] ھۆكۈمەت دائىرلىرى چوقۇم ھەممە تۈرمە شارائىتىدا يېتەرلىك ۋە ئۈنۈملۈك تازلىق ئەسۋابلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ، ھەمدە بۇنداق ئەسلىھەلەر ۋە مۇلازىمەتلەر شەخسىيەتلىكنى ۋە ئىجتىمائىي ، مەدەنىيەت كۆز قاراشلىرىنى كۆزدە تۇتقان بولىشى كېرەك. تار ، قىستا-قىستاڭ ، مەينەت تۇرالغۇ جاي ۋە تۈرمىدىكى شەخسىيەتلىك كەمچىل بولۇش ، ئادىمىيلىككە يات مۇئامىلە ياكى خورلاشقا تەۋە بولۇپ ، دۆلەتنىڭ تەمىنلىشىگە تىگىشلىك ساغلاملىق مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلىيەلمەسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[300] قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ۋە تۈرمە دائىرلىرى ، تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ساغلاملىقنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.[301]

تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە يوقلاشنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بار. بۇ كىشىلىك ھوقۇق بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسى ھېسابلىنىدۇ ئەمما چەكلىمىلەر چوقۇم مۇۋاپىق شارائىتتىكى قانۇننى مەقسەتكە ماس كېلىدىغان بولۇشى كېرەك.[302] تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن [ھەرقانداق بىر كىشى بىلەن ئالاقە قىلىشى چەكلەنگەن ] ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇش- خارلاش ۋە قىيناشلارغا ، مەجبۇرى غايىب قىلىۋېتىش قاتارلىق قىلمىشلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ ، ھەمدە بۇنىڭ ئۆزىلا جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ.[303] تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇش ، ئائىلە ئەزالىرىغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.[304] خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى شۇنى ئېنىق قېيىت قىلىدۇكى ، تۇتقۇنلارنىڭ ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا ، ھەتتاكى جىددىي ئەھۋال ئاستىدىمۇ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ، ھەرىكەتلىرى چەكلەنگەن ھالەتتە ئۇزۇن مەزگىل تۇتۇپ تۇرۇلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.[305]

---

292 خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسى ، 10- ماددا

293 كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئومۇمىي چۈشەنچە 21 ، 4 § ؛ كىشىلىك ھوقوق كومىتېتتى ئومۇمىي چۈشەنچە 29 ، (ئا) 13 § ؛

294 كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئومۇمىي چۈشەنچە 21 ، 3 § ؛

295 خەلقئارالىق بارلىق ئىرقىي كەمسىتىلىشنى يوقۇتۇش ئەھدىنامىسى ، 17-ماددا.

296 خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى كومىتېتى ئومۇمىي چۈشەنچە 14 § ، 34 §، 11، 4، 43 ۋە 44.

297 بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ `مەھبۇسلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم (نەنسېن ماندېلا ئۆلچىمى ) نى كۆرۈڭ -- UN DocA/RES/70/175; undocs.org/A/RES/70/175; قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارلار ئۈچۈن ب د ت نىڭ 6- ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن ئەمەل قىلىدىغان تۈزۈملەر قوللانمىسى. خەلقئارالىق بارلىق ئىرقىي كەمسىتىلىشنى يوقۇتۇش ئەھدىنامىسى ماددىلىرى شۇنى ئېنىق شەرھلەيدىكى ، بارلىق دۆلەتلەر مەھبۇسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ساغلام بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيەتلىرى بار (ئومۇمىي چۈشەنچە 14-ماددا ، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ساغلاملىققا ئېرىشىش ئۆلچەملىرى 12-ماددا) ، UN Doc. E/C.12/2000/4 (2000), 34- پاراگراف.

298 تەن جازاسىغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي دوكلاتى ، CPT/Inf (93) 12, §5

299 نەنسېن ماندېلا ئۆلچىمىنى كۆرۈڭ ، بەلگىلىمىلەر 13-23 ؛ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، تەن جازاسى ۋە خورلاشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكەت قوللانمىسى (Index: POL 30/4036/2016) www.amnesty.org/download/Documents/POL3040362016ENGLISH.PDF

300 Weerawansa v Sri Lanka, HRC, UN Doc CCPR/C/95/D/1406/2005 (2009) §§2.5 and 7.4; ب د ت نىڭ تەن جازاسى ۋە باشقا نائىنسانىي خورلاش ياكى جازالاشلارغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى ، 1.ماددا ؛ خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقوقلىرى كومىتېتى ، ئومۇمى چۈشەنچە 14-ماددا ، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ساغلاملىققا ئېرىشىش ئۆلچەملىرى UN Doc. E/C.12/2000/4 (2000), 34- پاراگراف.

301 ب د ت ئالاھىدە دوكلاتچىسىنىڭ قانۇننى سۇيىئىستېمال قىلىش ۋە خالىغانچە توپلىما ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىش ، COVID-19 ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان يەرلەردە ياشاش ھوقۇقىنى قوغداش ھەققىدىكى دوكلاتى.

302 خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى كومىتېتى ، 17-ماددا (2) (d) ماندېلا ئۆلچىمى ، ئۆلچەم 58 ؛ ب د ت نىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى بولغان مەھبۇسلارغا مۇئامىلە قىلىش ۋە ب د ت نىڭ ئايال مەھبۇسلارغا مۇئامىلە قىلىش ، ئايال جىنايەتچىلەرنى تۈرمىگە قامىماسلىق تەدبىرلىرى (باڭكوك ئۆلچىمى ) ، ئۆلچەم 26 ؛ ب د ت تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرى ، پرىنسىپ 19.

303 ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ تەن جازاسى ھەققىدىكى دوكلاتى ، 14§ (2001) UN Doc. A/56/156

304 Bashasha v Libyan Arab Jamahiriya, HRC, UN Doc CCPR/C/100/D/1776/2008 (2010) §§7.4-7.5; كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ خۇلاسە باھالىرى: USA, UN Doc. CCPR/C/USA/CO/3/Rev.1 (2006) §12; خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ سۇدان ھەققىدىكى دوكلاتى (48/90, 50/91, 52/91 and 89/93)، ، ئافرىقا كومىسسىيونىنىڭ 13 نۆۋەتلىك يىللىق دوكلاتى 54§ (1999).

305 خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى ، 76§ (2004) UN Doc. E/CN.4/2005/6; ، مۇلاھىزە No.9, UN Doc. A/HRC/22/44 (2012).

# 4 يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ئىچىدىكى ھايات

**«مەنچە تەربىيىلەشنىڭ (دەرسلەرنىڭ) ئاساسى مەقسىتى بىزنىڭ دىنىمىزنى يوقىتىپ، بىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىش... ئۇلار جۈمەگە بارساڭلار بولمايدۇ، سىلەرگە ھەممە نەرسىنى ئاللاھىڭلار بەرمىگەن، شىجىنپىڭ بەرگەن دەيتتى».**

يىرۇلان ئۆزىنىڭ نىمىشقا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى تەربىيىلەشنىڭ پىلانلىق ھالدا، تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ دىنغا ئىشىنىشى ۋە دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەش ئۈچۈن يولغا قويۇلغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېگەن.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى جەمئىي 55 ئادەمنى زىيارەت قىلغان، ئۇلاردىن 39 نەپىرى ئەر، 16 نەپىرى ئايال بولۇپ، ئۇلار 2017-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان. بۇ تۇتقۇنلار لاگېرلار ئىچىدىكى ھاياتنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا بىزنى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى لاگېرلاردا 9 ئايدىن 18 ئايغىچە تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە كۆپىنچىلىرى ئىككىدىن ئارتۇق لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، سابىق تۇتقۇنلار مەلۇم قىلغان لاگېرلارنىڭ ئورنىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىنى دەلىللىدى. 2016-يىلدىكى سۈرەتلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ۋە بۇ سۈرەتلەرنى 2017-يىلدىن 2021-يىل 5-ئايغىچە بولغان ئارلىقتا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى جەمئىي 18 سابىق تۇتقۇن تۇتۇپ تۇرۇلغان 22 لاگېرنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئورنىنى تولۇق جەزملەشتۈردى. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنىدەك، شۇ ئورۇنلاردىن تارتىلغان سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىك كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق، ئۇ يەرلەردىكى ئېچكى رېشاتكا، تېشىدىكى ئېگىز تاملار، مۇھاپىزەت مۇنارلىرى، مۇۋاپىزەتچىلەر قاراۋۇلخانىلىرى، بىر توپ ئادەملارنىڭ تىزىلغان ھالەتتە تۇرۇشى، نۇرغۇنلىغان ماشىنا ۋە ئاپتوبۇسلار ۋە باشقا يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋاقىتلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىلى بۇلاتتى. (يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ باشقا سۈنئىي ھەمراھ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن 6.5- تارمىقىغا قاراڭ.)

## 1.4 تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتلىرى

تۇتقۇنلار لاگېرلارغا ئېلىپ كېلىنگەندىن باشلاپلا، ئۇلارنىڭ ھاياتى ناھايىتى قاتتىق تۈزۈم ئاستىدا، ئىنسانىي ئىززىتى ھاقارەت قىلىنغان شارائىتتا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر بىر ئىشلىرى ئۇلار ئۈچۈن بەلگىلىنىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان. لاگېر ئىچىدىكى باشقۇرغۇچىلار بەلگىلەپ بەرگەن ھەركەت قوللانمىسىغا ئازراقلا خىلاپلىق قىلغان تۇتقۇنلار، گەرچە قارىماققا ئۇ ئىش ئىنتايىن كىچىك، زىيانسىز ئىش بولسىمۇ، كامېردىكى باشقا ئەزالار بىلەن تەڭ تەنبىھ ۋە تەن جازاسى بېرىلەتتى.

تۇتقۇنلارنىڭ ھېچقانداق شەخسىيىتى يوق. مەيلى ئۇلار تاماق يېگەندە، ئۇخلىغاندا، ھەتتا ھاجەتخانىدا بولسۇن، ئۇلار ھەر ۋاقىت نازارەت ئاستىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئەركىن گەپ قىلىشىمۇ چەكلەنگەن. ئۇلار باشقۇرغۇچىلىرىغا، مۇئەللىملىرىگە گەپ قىلىشى رۇخسەت قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ چوقۇم خىتاي تىلىدا گەپ قىلىشى تەلەپ قىلىناتتى. تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئىچىدىكى كۆپىنچىلىرى بولۇپمۇ، ياشقا چوڭلار ۋە يېزىلاردىن كەلگەنلەر خىتاي تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيتتى ۋە چۈشەنمەيتتى.


9181

[306] بەزىلەر خىتاي تىلىدىن باشقا تىلنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن تەن جازاسىغا ئۇچرىغان.[307] بۇ لاگېر ئىچىدە ھېچقانداق دىنى ئىبادەت قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ ، ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغانلار ھەر قانداق شەكىلدىكى دىنى ئىبادەتلەر ئۈچۈن قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئەزىزبەگ بۇ توغرۇلۇق بۇنداق دەيدۇ: «بىز قورقۇپ يۈزىمىزنىمۇ تۇتالمايتتۇق ، چۈنكى ئۇلار بىزنى دۇئا ئوقۇۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىدىن قورقاتتۇق».[308]

تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئۈزلۈكسىز باھالىنىپ تۇراتتى. ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئېيتىشىچە ھەم ئاشكارلىنىپ كەتكەن «تېلېگرام» دەپ ئاتىلىدىغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىن كۆرۈلىشىچە ، تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارغا داۋاملىق نومۇر قويۇلغان ۋە بۇ نومۇرلار ئۇلارنىڭ «ئىدىلوگىيىلىك ئۆزگىرىشى ، ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىشى ، تۈزۈملەرگە بوي سۇنۇشى» قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى نۇمۇرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، نومۇرى لاگېردا قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىشىنى بەلگىلەيدۇ ، يەنى مۇكاپاتلىنىش ، جازالىنىش ، ئائىلىسىنىڭ يوقلاش پۇرسىتى ۋە قويۇپ بېرىلىش ۋاقتى قاتارلىقلار.[309]

تېلېگرامغا ئاساسلانغاندا ، تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئۆيدىكىلىرى بىلەن قەرەللىك ھالدا ئالاقە قىلالىشى كېرەك ئىدى.[310] بەزەن ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ھەقىقەتەنمۇ ھەپتىدە ياكى ئايدا بىرەر قېتىم ئۆيدىكىلىرىگە تېلېفون قىلالىغان.[311] ئاز قىسىملىرى بولسا تۇتۇلۇپ تۇرۇش جەريانىدا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشەلىگەن.[312] بىراق بەزىلىرى ئۆيدىكىلىرىگە تېلېفون قىلىش ياكى كۆرۈشۈش قەتئىي مۇمكىن بولمىغان.[313] بارلىق تېلېفون ۋە ئالاقىلەر نازارەت قىلىنغان ۋە ئاۋازغا ئېلىنغان.[314] لاگېر خىزمەتچىلىرى تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىغا نېمە دېيىشى كېرەكلىكى ئۆگىتىلگەن.[315]

كەچۈرۈم تەشكىلاتى يىغقان بارلىق سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ، ھەم ژورنالىستلار ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ دوكلاتلىرى ، سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتقان كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىردەك بولغان.[316]

## لاگېرلارغا يېتىپ كېلىش

لاگېرلارغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار بېشىدىن ئايىغىغىچە ئاختۇرۇلىدۇ ، ئۇلارنىڭ بارلىق شەخسى بۇيۇملىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىدىكى ھەر قانداق قورال قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ياكى ئۆزىگە زىيانكەشلىق قىلىدىغانغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئاياغ يىپى ، ئىشتان تاسمىسى ، تۈگمە قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىۋېتىلىنىدۇ. ئادەتتە مەھبۇسلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قارشىلىق بىلدۈرەتتى.[317] بەزەن ئايال تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار لاگېرغا كەلگەندىن كېينلا چېچى كېسىۋېتىلگەن ، بەزەن ئەرلەرنىڭ چېچى ۋە ساقاللىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن.[318]

ئاختۇرۇلۇپ بولغاندىن كېينلا ، تۇتقۇنلار كامېرلارغا ئەكىرىلىدۇ. لاگېرلاردىكى كامېرلار ئادەتتە تەخمىنەن 8 دىن 20 گىچە ئادەم پاتىدىغان كىچىك ئۆيلەر بولۇپ ، ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ كامېرلىرى ئايرىۋېتىلگەن. بۇ كۆنەكلەر ئىچىدە ئادەتتە ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەتلىك ئۇلاقلىق كارىۋات ۋە يۆلەنگۈچى يوق كىچىك ئورۇندۇقلار بار. كۆپىنچىلىرى ئايرىم كارىۋاتتا ياتقان ، بەزەنلىرى باشقا تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار بىلەن بىللە ياتقان. بىر قانچە سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار تۇرغان كامېردا «كاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بولۇپ ، تۇتقۇنلار مۇرىلىرى بىر - بىرلىرىگە تېگىشكەن ھالەتتە قىستىلىپ ياتقان. بىر قانچىلىغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە ، كامېردىكى ئادەم سانى كارىۋاتتىن كۆپ بولغان ۋاقىتتا ، بەزىلىرى يەردە ئۇخلاشقا مەجبۇر بولغان. كامېردا ئادەتتە بىر تېلېۋىزور ، تامدا خىتاينىڭ بايرىقى ئېسىلغان.

*قارشى تەرەپتىكى بەت: يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى بىر تۇتقۇن.*

306 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
307 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
308 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
309 تېلېگرام (بۇرۇن قەيىت قىلىنغان) ، 2-پاراگراف.
310 تېلېگرام (بۇرۇن قەيىت قىلىنغان) ، 13-پاراگراف.
311 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
312 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
313 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
314 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
315 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
316 يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى باشقا تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتقانلىرى ، مەنبەدىن كۆرۈڭ- Killing and Megha Rajagopalan, BuzzFeed News, ئۇلار نېمىنى كۆردى: سابىق مەھبۇسلارنىڭ خىتاينىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكى قورقۇنۇچلۇق ئەھۋاللىرى ، 2020-يىلى 27-ئاۋغۇست ، www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/china-ex-prisoners-horrors-xinjiang-camps-uighurs;
نيۇ يورۇكلىقلار ، شىنجاڭنىڭ تۈرمە دۆلىتىدە: خىتاينىڭ جازالاشلىرىدىن ھايات قالغان تۇتقۇنلار قاباھەتلىك قىسمەتلەرنى ئاشكارىلىدى. 2021- يىلى 26- فېۋرال ، www.newyorker.com/news/a-reporter-at-large/china-xinjiang-prison-state-uighur-detention-camps-prisoner-testimony; لوس-ئانجېلىس ۋاقتى ، `ئۇلار بىزنى ياشىغلى قويامدۇ ؟ `
شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى - خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن ئامان قالغانلارنىڭ ئېيتقانلىرى ، 17-دېكابىر 2020- يىلى ، www.latimes.com/world-nation/story/-20-201217/china-xinjiang-uighurs-muslim-minority-camps;
ئېتىقاد قىلغۇچىلار ، ھاۋارايى مەلۇماتى: شىنجاڭدىن كەلگەن چۇقان - خىتاينىڭ گۇلاگ تۈرمىللىرىدىن كەلگەن ئېيتىلمىغان ھېكايىلەر ، 1- ئۆكتەبىر 2019- يىلى.
Globe ۋە Mail ، Nathan Vanderklippe, believermag.com/weather-reports-voices-from-xinjiang/; « `مەن ئۆزۈمنى قۇلدەك ھېس قىلدىم `: خىتاينىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئومۇمىي يۈزلۈك تۇتقۇن قىلىش ۋە كونترول قىلىش سىستېمىلىرى — سابىق تۇتقۇن قازاقىستاندا ئۆزىنىڭ سىياسىي مېڭە يۇيۇش ، مەجبۇرى ئەمگەك قىلىش ۋە تەقىبلىنىش قاتارلىق ناھايىتى قەبىھ مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى» ، 31- مارت 2019- يىلى. www.theglobeandmail.com/world/article-i-felt-like-a-slave-inside-chinas-complex-system-of-incarceration/;
شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرى ، «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كەڭ-كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىش ۋە ناھايىتى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلىماقتا» ، 2021-يىلى 9-ماي. www.shatit.biz/eng/#home; تېخىمۇ كۆپ مەنبەلەرنى شىنجاڭ ھۆججەتلىرى پروجېكتىدىن كۆرۈڭ ، جانلىق شاھىد: دەسلەپتىكى گۇۋاھلىقلار ، xinjiang.sppga.ubc.ca/lived-experiences/primary-accounts/
317 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
318 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.





ئەگەر كامېردا دېرىزە بولۇپ قالسا تۆمۈر رېشاتكا بىلەن توسۇپ پۇتۇنلەي ئېتىۋېتىلگەن. ھەر بىر كۆنەكتە بىردىن كاناي بولۇپ ، لاگېردا ئىشلەيدىغانلار تۇتقۇنلارغا شۇ كاناي ئارقىلىق سۆزلەيتتى. ھەر بىر كامېرغا ئادەتتە تۆتتىن سىملىق تېلېۋىزور كامىرالىرى ئورنىتىلغان. كامېرنىڭ تاملىرىدا ئادەتتە بىر قاتار كامېر نىزامنامىسى ۋە «جىنايەت» كە ياتىدىغان ئىش ۋە بەلگىلىمىلەر چاپلانغان. كۆپىنچە تۇتقۇن قىلىنغانلار كامېر چىرىغىنىڭ كېچە-كۈندۈز يېنىق تۇرىدىغانلىقىنى دېگەن.

كامېرنىڭ ئىشكلىرىدە ئادەتتە ئىككى تۆشۈك بار ، بىرى كارىدوردىكى مۇھاپىزەت قىلغۇاتقانلارنىڭ ھەر قانداق ۋاقىتتا كۆزىتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ، يەنە بىرى تاماق سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كامېر ئىشكى يېنىدىكى باشقا كامېرلارنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ لايىھەلىگەن. كامېرغا كىرىدىغان ئىشىك تامغا زەنجىر بىلەن ئورنىتىلغان .[319] نۇرىسالام خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ھەر قېتىم كامېردىن كىرىپ- چىققاندا ، زەنجىر ئاستىدىن ئۆتىشنى نەقەدەر نومۇسلۇق ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: « ئۇ ئىشىك يېرىم ئېچىقلىق بولۇپ ، زەنجىر بىلەن تامغا ئۇلاقلىق ، بىز خۇددى ئىتتەك زەنجىر ئاستىدىن ئۆملەپ ئۆتەتتۇق».[320]

## تۇتقۇنلارنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىشى

ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە ۋە ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىگە ئاساسلانغاندا ، تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئۈچ دەرىجىنىڭ بىرىگە ئايرىلغان: «نورمال باشقۇرۇش» ، «قاتتىق باشقۇرۇش» ۋە «دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق باشقۇرۇش».[321] ئوخشىمىغان دەرىجىگە ئايرىلغان تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار بىر لاگېر ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان ، لېكىن ئوخشاش دەرىجىگە ئايرىلغان تۇتقۇنلار بىر كامېر ئىچىدە تۇرغان.[322] ئۇلارغا ئايرىلغان دەرىجىسىگە قاراپ ئوخشىمايدىغان فورما كەيدۈرۈلگەن. كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا ، «نورمال باشقۇرۇش» كاتېگورىيىسىگە ئايرىلغان تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار كۆك فورما كىيگەن ، «قاتتىق باشقۇرۇش» كاتېگورىيىسىگە ئايرىلغان تۇتقۇنلار سېرىق فورما كىيگەن ، «دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق باشقۇرۇش» كاتېگورىيەسىدىكىلەر قىزىل فورما كىيگەن.[323] تۇتقۇن قىلىنغۇچىنىڭ دەرىجىسى ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ۋە ئېرىشكەن نومۇرىغا قاراپ ئالمىشىپ تۇرغان.[324] ئاشكارلىنىپ كەتكەن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا ، «نورمال باشقۇرۇش» گۇرۇپپىسىغا كىرىش ، لاگېردىن چىقىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەن ( لاگېردىن قويۇپ بېرىلىش شەرتلىرى توغرىسىدا ، 6.1 قىسمىغا قاراڭ ).[325]

تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ قايسى كاتېگورىيەگە ئايرىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى سابىق تۇتقۇنلارغا ئانچە ئېنىق بولمىغان ، بىراق كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان سابىق تۇتقۇنلار بۇ توغرىسىدا بىر ئورتاق چۈشەنچىدە بولغان ، يەنى دىنغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق سەۋەب بىلەن تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئىككى قاتتىقراق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىغا ئايرىلىش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ يۇقىرى ئىكەن.[326] بۇرۇن لاگېردا ئىشلەپ باققان بىر سابىق تۇتقۇن ئېيتىشچە ، نورمال باشقۇرۇش كاتېگورىيەسىدىكىلەر «ئادەتتىكى جىنايەت» لەرنى ئۆتكۈزگەن ، مەسىلەن تېلېفونغا چەكلەنگەن يۇمشاق دېتالى چۈشۈرۈشكە ئوخشاش. قاتتىق باشقۇرۇش كاتېگورىيەسىدىكىلەر بولسا دىنغا مۇناسىۋەتلىك «جىنايەتچىلەر» ، دەرىجىدىن قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلار بولسا ئىماملار ۋە بۇرۇن ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ئادەملەر ئىكەن.[327] بەزى ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ بۇ دەرىجىگە ئايرىلىشى ، سىستېمىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ مىللىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىش نىسبىتى چوڭ ئىكەن.[328]

ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئوخشىمىغان گۇرۇپپىغا ئايرىلغان تۇتقۇنلارنىڭ ئوخشىمىغان مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقىغان. ئەيسا مۇنداق دەيدۇ:[329] «مەن بىر قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىدىكى ئەرلەرنى كۆرۈپ قالغانتىم ، ئۇلارنىڭ چىرايى بەكلا قورقۇنۇچلۇق بولۇپ كېتىپتۇ... مەن پۇتىنىڭ تىرناقلىرى تارتىپ ئېلىۋېتىلگەن بەزى ئادەملەرنى كۆردۈم». مەلۇم ۋاقىت لاگېردا پراكتىكا قىلىپ ئىشلەپ باققان ئارنۇر ، تۇتقۇنلارنىڭ بىر-بىرلىرىدىن پەرقلىق مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىشى بولسا ئۇلارنىڭ لاگېر ئىچىدىكى يورۇش - تۇرۇشى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بولۇشى قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن.

**قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىدىكى كۆپىنچە ئادەملەر ، دىنىي تەقۋادارلار بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى مەلۇم دىنى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغان. مەن ئىشلىگەن لاگېردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشخانىسىدا (تۇتقۇن**

319 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
320 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
321 ژۇرنالىستلارنىڭ ماقالىلىرى ئۈچۈن گېبرىي شىھ ، بىرلەشمە ئاگېنتلىق ، «خىتاينىڭ كەڭ — كۆلەملىك مىڭغە يۇيۇش لاگېرلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئەسلىتىدۇ» ، 2018-يىلى 17-ماي ، apnews.com/article/kazakhstan-ap-top-news-international-news-china-china-clamps-down-6e151296fb194f85ba69a8babd972e4b; Alison Killing and Megha Rajagopalan, BuzzFeed News, ئۇلار نېمىنى كۆردى: سابىق مەھبۇسلارنىڭ خىتاينىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكى قورقۇنۇچلۇق ئەھۋاللىرى ، 2020-يىلى 27-ئاۋغۇست ، www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/china-ex-prisoners-horrors-xinjiang-camps-uighurs; تېلېگرام (بۇرۇن قەيت قىلىنغان ) ، 14-پاراگراف نى كۆرۈڭ.
322 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
323 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
324 تېلېگرام (بۇرۇن قەيت قىلىنغان ) ، 14-پاراگراف.
325 باشقا «باھالاشلار» ھەققىدىكى دوكلات- بىرلەشمە ئاگېنتلىق ، «خىتاينىڭ كەڭ - كۆلەملىك مىڭغە يۇيۇش لاگېرلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئەسلىتىدۇ» ، 2018-يىلى 17-ماي ، apnews.com/article/kazakhstan-ap-top-news-international-news-china-china-clamps-down-6e151296fb194f85ba69a8babd972e4b;
326 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
327 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
328 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
329 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**قىلىنغۇچىلار) سوراق قىلىناتتى [مەنمۇ شۇ يەردە ئىدىم] ... نورمال باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىدىكىلەر خىتاي تىلى ئۆگىنەتتى ۋە ئارقا مەيداندا مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىناتتى. قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلار كارۋاتلىرىدا [بەزى چاغلاردا] ئولتۇراتتى [رۇخسەت قىلىناتتى]، دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلار كامېرلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆگىنەتتى، [كامېردىن] سىرىتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى، ساپ هاۋادىن نەپەس ئالالمايتتى... نورمال باشقۇرۇلىدىغانلارغا هەپتىدە بىر قېتىم تېلېفون قىلىشقا يول قويۇلاتتى، قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلار ئىككى هەپتىدە بىر قېتىم تېلېفون قىلالايتتى ۋە ئايدا بىر قېتىم يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشەلەيتتى... دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق باشقۇرۇلىدىغانلارنىڭ بولسا هېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋە ئالاقە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى.**[330]

كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان ئىككى ئادەمدىن باشقىلىرى لاگېرغا يېڭى كەلگەندە نورمال باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىغا ئايرىلغان.[331] نەتىجىدە ، بۇ دوكلاتتىن چىقارغان خۇلاسە شۇكى ، ژورنالىستلار ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ لاگېرلار توغرىسىدا يىغقان بارلىق ئىسپات ۋە گۇۋاهلىقلىرى نورمال باشقۇرۇش كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغان سابىق تۇتقۇنلار تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن. بىراق ، ئىككى قاتتىقراق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ گۇۋاهچىسى بولغان ، سابىق تۇتقۇنلار ۋە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن خىزمەتچىنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا ، قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىدىكى تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئىنتايىن ناچار مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغان ۋە لاگېردىن چىقىش مۇمكىنچىلىكىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ ، ئۇلار كۆپ هاللاردا لاگېردا داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلغان ياكى تۈرمىلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن.

باۋۇرجان ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى پاراڭلاشقان ئىككى قاتتىق باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدا تۇرغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بىرسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتا سېرىق فورما كىيدۈرۈلگەن. ئۇنىڭ جىنايىتى دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ لاگېردىكى ۋاقىتلىرىدا ، قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان كاتېگورىيەگە ئايرىلغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭغا لاگېردا قىلىنغان مۇئامىلىلەر قارىماققا نورمال باشقۇرۇلغان تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن نەچچە هەسسە ناچار بولغانلىقىنى ئاسانلا بىلگىلى بولاتتى. ئۇ ئىككى يىل سولانغان بولۇپ ، بىر قېتىممۇ ئۆيدىكىلىرىگە تېلېفون قىلالمىغان ، بىراق دىنى سەۋەبتىن تۇتۇلمىغان باشقا تۇتقۇنلار ئائىلىسىگە تېلېفون قىلالىغان. ئۇنىڭ ئۆزى ياتقان كامېردىن سىرىتقا چىقىشقا يول قويۇلمىغان. ئۇنىڭ پۇتى بىر نەچچە ئاي كىشەنلەنگەن هالەتتە تۇرغان. باۋۇرخان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: «ئۆتكەنكى ئىككى يىلدا ئۆيدىكىلىرىم مېنىڭ هايات ياكى ئۆلگەنلىكىمدىن خەۋەرسىز يۈردى».[332]

## 2.4 كۈندىلىك هايات تەرتىپلىرى

لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ هاياتى ئىنتايىن قاتتىق باشقۇرۇش ئاستىدا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئەهۋالى خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدىنمۇ ئۆتەر ناچار ئىكەنلىكى كۆپ تەرەپلەردىن مەلۇم. ئاز بىر قىسىم سابىق تۇتقۇنلاردىن باشقىلىرى ، ئۆزلىرىنىڭ 2017- يىلىدىن بۇيان لاگېرلارغا قانداق سولانغانلىقى ۋە ئۇ يەردە قانداق ياشىغانلىقى ، كامېرلارنىڭ ئىچىدە قايسى شەكىلدە ئولتۇرغۇزۇلغانلىقى ۋە تۇرغۇزۇلغانلىقى ، قەيەرگە قارىشى بېكىتىلگەنلىكى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى لاگېردا هەر كۈنى بولۇپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق ئەهۋاللارنى تەپسىلى بايان قىلدى.[333] . قائىنە ئۆزىنىڭ يانفۇنىدا ۋاتسئەپ دېتالى بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ، لاگېردىكى كۈنتەرتىپنىڭ ئىنتايىن قاتتىقلىقى ۋە جىسمانى جەهەتتىن چىدىغۇسىز ئىكەنلىكى قاتارلىق ئەهۋاللارنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**ئۇ يەر تۈرمە هاياتىغا ئوخشايدۇ... [هەر كۈنى] ئەتىگەن سائەت بەشتە ئورنىمىزدىن تۇرىشىمىز ۋە كارۋىتىمىزنى رەتلىشىمىز كېرەك. كارۋاتلار مۇكەممەل شەكىلدە رەتلىنىشى كېرەك. كېيىن بايراق چىقىرىش ۋە قەسەم بېرىش مۇراسىمى بار. بۇ ئىشتىن كېيىن ناشتا قىلىش ئۈچۈن تاماق زالىغا بارىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرسكە كىرىمىز، ئاندىن چۈشلۈك تاماققا بارىمىز ۋە ئارقىسىدىن دەرسكە كىرىمىز. چۈشتىن كېيىنلىك دەرستىن كېيىن كەچلىك تاماق ۋە كېيىن يەنە سىنىپقا بېرىپ دەرس ئوقۇيمىز ۋە بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئۇخلايمىز. هەر كۈنى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئىككى كىشى [باشقا تۇتقۇنلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن] ئىككى سائەتتىن نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ. پۈتۈن بىر كۈندە ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ بوش ۋاقتىڭىز بولمايدۇ. بىز ناهايىتى كۆپ چارچايمىز.**[334]

ئايتوغان ئۆزىنىڭ ساياهەت قىلىش ئۈچۈن قازاقىستانغا بارغانلىقىنى ۋە دىنى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن تېررورچى قالپىقى كىيگۈزۈلگەنلىكى ۋە 2017- يىلىنىڭ بېشىدا قولغا ئېلىنغانلىقىنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا سۆزلەپ بەردى. ئايتوغاننىڭ ئېيتىشىچە ، 2017- يىلىنىڭ

330 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
331 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
332 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
333 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
334 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.



قاراۋۇللار تۇتقۇنلارنى يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئېلىپ ماڭماقتا.



ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يىغىۋېلىش ئورنىدىكى باشقۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولۇپ كەتكەن بولۇپ ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ قانداق ئارام ئېلىشىدىن تارتىپ ، قەيەرگە قاراپ تۇرۇشىغىچە بولغان ھەرىكەتلىرى قاتتىق كونترول قىلىنغان:

**2017-يىلى ئۆكتەبىردىن بۇرۇن، سىنىپلاردا بىرئاز بولسىمۇ ئەركىن ھېس قىلالايتتۇق. بىز تاماق يېيىش ئۈچۈن تاماق زالىغا ئۆزىمىز بارالايتتۇق ۋە سىنىپتا راھەت ئولتۇرالايتتۇق. لېكىن 2017-يىلى ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەتلىك بىخەتەرلىك يىغىنىدىن كېيىن، لاگېر ھاياتى بەكلا چىدىغۇسىز بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز كېچىدە نازارەتچىلىك قىلىدىغان، ئاشخانىغىمۇ ياللاپ ئېلىپ چىقىلىدىغان بولدۇق. ئائىلىمىز بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلدى... بىز ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا مىدىرماستىن ئولتۇرۇشىمىز كېرەك، ھەتتا تېلېۋىزور كۆرگەندىمۇ بېشىمىزنى باشقا تەرەپكە بۇرىيالمايمىز. [باشقۇرۇش تۈزۈملىرى قاتتىقلاشقاندىن كېيىن] بىز ئەتىگەندە سائەت بەشتە ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا باشلىدۇق، ۋە سائەت يەتتىدە ناشتىلىق قىلىمىز ۋە دەرس سەككىزدە باشلىنىدۇ. دەرسكە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپقا ئۈستى تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ئىككى مېترلىق رېشاتكىلاردىن [مېڭىپ] ئۆتىشىمىز كېرەك، بۇ تۆمۈر رېشاتكا خۇددى بىر قەپەسكىلا ئوخشايتتى، بىزنى سىنىپقا قوللىرىدا كالتەك تۇتقان ئىككى لاگېر مۇھاپىزەتچى [ياللاپ] ئېلىپ ماڭاتتى. سىنىپنىڭ ئارقا تەرىپىگە [كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان] بىر چېلەك قويۇلغان ئىدى. تەرەت [چوڭ تەرەت] قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ رۇخسەت ئېلىشىمىز كېرەك. كېيىنكى ۋاقىتلار [چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن] ئارام ئېلىشىمۇ مەجبۇرى، ئارام ئالغان ۋاقتىڭىزدا ئىككى سائەت بېشىڭىزنى چوقۇم ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇشىڭىز كېرەك، ئەگەر بېشىڭىزنى كۆتۈرسىڭىز جازالىنىسىز.**[335]

## مىدىر- سىدىر قىلماستىن ئولتۇرۇش

نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ، تەربىيىلەش دەرسگە قاتنىشىشتىن بۇرۇن بىر نەچچە كۈن ياكى بىر قانچە ھەپتىلەپ ، بەزىدە بىر نەچچە ئايلار تۇتقۇنلارنىڭ ھېچ بىر ئىش قىلىشىغا يول قويۇلماي ، پەقەت ۋە پەقەت ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىر-سىدىر قىلماستىن كۈن بويىي ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. ئۇلار ئۈچۈن بىردىن- بىر ئارام ئېلىش بولسا ، تاماق يېيىش ۋە ئۇخلاش بولغان. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سائەتلەپ ئولتۇرۇشقا ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلانغان.[336] دۆلەت ، ئۆزىنىڭ لاگېردىكى كەچۈرمىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ «بىزگە يۆلەنچۈكى يوق ئورۇندۇقلار بېرىلدى ، بىزنى ئىككى قۇرغا تىزدى ۋە دۈمبىمىزنى تىك تۇتۇپ ، قوللىرىمىزنى تىزىمىزغا قويۇلغان ھالدا پۈتۈن كۈن ئولتۇرۇشىمىزغا زورلىدى. ئەگەر [كامېردا] ئارىمىزدىكى بىرەرسى مىدىرلاپ كەتسە ، لاگېر تۈرمىلىرىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان قاراۋۇللار كالتەكلىرى بىلەن كامېر ئىشىكىنى ئۇرۇپ ۋارقىرىشاتتى».[337]

نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار بۇ خىل شەكىلدە ئولتۇرغاندىن كېيىن پۇت - قوللىرى ۋە بەدىنىنىڭ باشقا ئەزالىرى قاتتىق ئاغرىغان. بىر قىسىم تۇتقۇنلار گېموررويي ۋە باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان.[338] مەرىيەمگۈل مۇنداق دېدى: «بىز مىدىر-سىدىر قىلماستىن تۈز ئولتۇرۇشىمىز كېرەك ، بىرىنىڭ ئارىمىزدا ياشانغان ئاياللارمۇ بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ پۇت ۋە قوللىرى ئىششىپ كېتەتتى».[339] بىزگە مەلۇم قىلىشىچە ، لاگېردىكى نۇرغۇنلىغان تۇتقۇنلار تۈز ئولتۇرمىغانلىقى ياكى ئولتۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن جىسمانى جازالاشقا ئۇچرىغان.[340] ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، تۇتقۇنلار پەقەت ئالدىنقىلا قاراپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلانغان بولۇپ ، باشقا يەرلەرگە قارىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان.[341] مەرىيەمگۈلنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەگەر نازارەتچىلەر تۇتقۇنلارنى كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىدىن كۆزىتىۋاتقاندا ، ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ مىدىرلىغىنىنى كۆرۈپ قالسىمۇ ، شۇ سەۋەپتىن تۇتقۇنلارنىڭ نومۇرى تارتىلىدىكەن.[342]

سابىق تۇتقۇنلار دائىم ختاي كومپارتىيىسى ۋە ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى مەدھىيىلەيدىغان «قىزىل» ناخشىلارنى ۋە باشقا ئىنقىلابى ناخشىلارنى ئېيتىشى كېرەكلىكىنى ، ۋەياكى تۇتقۇنلار تۈپ-تۈز ئولتۇرۇشقا زورلانغان ۋاقتىتا ختايچە ئاددى سۆزلەرنى يادىلايدىغانلىقىنى ، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا مىدىرلىماي جىمجىت تۇرۇپ ، ختاي كومپارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات فىلىملىرىنى كۆرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە قىسىم تۇتقۇنلارنىڭ كىچىك ئورۇندۇقلاردا ياكى كامېردا مىدىر-سىدىر قىلماستىن تىك ئولتۇرۇشتىن باشقا بىر ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.[343]

335 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
336 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
337 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
338 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
339 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
340 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
341 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
342 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
343 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ئەلدىيار ئىسمىلىك بىر سابىق لاگېر تۇتقۇنى لاگېر ھاياتىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «مەن ئەتىگەندىن كەچ سائەت 11 گىچە جەمئىي ئۈچ ئاي يۆلەنچۈكى يوق كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم ، مېنى دەرسكىمۇ كىرگۈزمىدى ، ئولتۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىش قىلمىدىم.»[344]

قازاقىستاننى زىيارەت قىلغانلىقنى ئۈچۈن لاگېرغا سۇلانغان ئىبراھىم ، ئۆزىنىڭ لاگېر نازارەتچىلىرى تەرىپىدىن دەرسكە ئېلىپ كىرىلىشىدىن بۇرۇن بىر نەچچە ئاي لاگېردا ئولتۇرغۇزۇلغانلىقى ھەققىدە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

> **ھەر كۈنى كۈندۈزى دەرس [باشلاش] تىن بۇرۇن [كۈن بويى] كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرىشىمىز كېرەك. بىر كۈندە 16 سائەت ئىككى قولىمىزنى تىزىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرىمىز. بىز ئەتىگەندە سائەت 6 دە تۇرىمىز، ئاندىن كېيىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرىمىز كېيىن ناشتىلىق قىلىمىز... يەنە چۈشلۈك تاماققىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرىمىز. بەزى ۋاقىتلاردا بىزگە [ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن] كىتاب بېرىدۇ. بىز باشقا كىشىلەرگە گەپ قىلالمايمىز. بىز چۈشلۈك تامىقىمىزنى شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يەيمىز. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بىر سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىت ئازراق ئۇخلىۋالىمىز، بەزى ۋاقىتتا ئۇخلىيالمايمىز... ئۇنىڭدىن كېيىن بىز تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملىق شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىمىز.** [345]

رامىزانمۇ قازاقىستاننى زىيارەت قىلغانلىقنى ئۈچۈن لاگېرغا سۇلانغان بولۇپ ، لاگېرغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپتىكى ئىككى ئاي ئىچىدە ، ئۆزىنىڭ ھەر كۈنى بىر قانچە سائەتلەپ راھەتسىز شەكىلدە ، جىمجىت ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلانغانلىقنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

> **ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن بىز كارۋاتتا قوللىرىمىزنى تىزىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاندىن گەۋدىمىزنى كۆتۈرۈپ، تۈز ھالەتتە ئولتۇرىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئولتۇرالماي مىدىرلاپ كەتسەك، كامېرلاردىكى كانايدىن لاگېر كۆزەتكۈچىلەر «مىدىرلىما» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سائەت 11:30 ياكى سائەت 12 لەردە، ئۇلار بىزنى چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن لاگېر تاماقخانىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ. سائەت 12:30 دىن ئىككىگىچە بىز [كارۋىتىمىزدا] يېتىشىمىز كېرەك ئىدى. سائەت ئىككىدىن باشلاپ ئۇلار بىزنى تەكرار ئەتىگەنكى ئولتۇرۇش شەكلىدە ئولتۇرۇشىمىزنى ئېيتىدۇ. بىز شۇ ئولتۇرغىنىمىزچە تاكى كەچلىك تاماققىچە ئولتۇرىمىز. ئۇلار بەزىدە كارناي ئارقىلىق بىزنىڭ ھەرىكەت قىلىشىمىز، يېتىۋېلىشىمىز ياكى كىچىك تەرەت قىلىشىمىز ئۈچۈن بەش مىنۇت ۋاقىت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ... سائەت يەتتىلەردە بىز كەچلىك تاقاق يەيمىز، كېيىن بىز [تەلەپ قىلىنغان ئولتۇرۇش شەكلىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ] تېلېۋىزور كۆرىمىز... كەچ سائەت توققۇزلاردا ئۇلار بىزنى ئۇخلاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇلار بىزنى كۈندۈزلىرى تاھارەت قىلىشقا سىرتقا ئېلىپ چىققاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، بىز لاگېرغا سولانغان دەسلەپتىكى ئىككى ئاينى كامېرداىن سىرتقا چىقماي ئۆتكۈزدۇق. ئۇلار بىزنى كۈندە ئىككى قېتىم ھاجەت قىلىشقا ئېلىپ چىقاتتى... بىز لاگېرنىڭ سىرتىغا پەقەت چىقىپ باقمىدۇق.**[346]

سابىق تۇتقۇننىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسلانغاندا ، تۇتقۇنلارنى مىدىر-سىدىر قىلماستىن ئولتۇرغۇزۇش ياكى تۇتقۇنلارنى ھېچ بىر ئىش قىلدۇرماسلىق- قەستەنلىك بىلەن تۇتقۇنلارنى خۇنۈكلەشتۇرۇش ياكى لاگېرغا يېڭى كەلگەن تۇتقۇنلارنىڭ روھىنى چۈشكۈنلەشتۇرۇش مەقسىتىدە ۋەياكى ھۆكۈمەت يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى قۇرغان ۋاقىتتا تېخى رەسمىي شەكىلدىكى باشقۇرۇش كۆرسەتمىلىرى بېكىتىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن مۇشۇنداق بولدىمۇ ، بۇ ئىشلار ئېنىق ئەمەس ئەمما شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى ، دائىرلەرنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرى بەزى لاگېرلاردا قەستەنلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولسا ، يەنە بىر قىسىم لاگېرلاردا ئۇنداق تۈزۈم ۋە ئىشلار بولمىغان.

## تازىلىقنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى، كىچىك ۋە چوڭ تاھارەت قىلىشقا چەك قويۇلىشى، يېتەرلىك تاماق ۋە سۇ بېرىلمەسلىك

تۇتقۇنلار ئادەتتە سائەت بەش ياكى ئالتىلەردە يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي ياكى ئىشكىلەرنىڭ قاتتىق چېكىلىشى بىلەن ئويغۇتۇلغان. ئۇلاردىن تىزلىك بىلەن كارىۋاتتىن تۇرۇشى ، يوتقانلىرىنى رەتلىشى ، چىشلىرىنى چوتكىلىشى ۋە يۈزلىرىنى يۇيۇشى تەلەپ قىلىنغان. كامېرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا يۈز يۇيۇش كۆلچىكى بولمىغان. تۇتقۇنلار كامېر ئىشىكىدىن تامغا تارتىلغان زەنجىرنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىنغان ۋە قاراۋۇلنىڭ ھەمراھلىقىدا تازىلىق ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلگەن.[347] تۇتقۇنلارنىڭ

*كېيىنكى بەت: ئەر تۇتقۇنلار كامېرلىرىدا تىپ تېنچ ئولتۇرماقتا.*

344 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
345 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى..
346 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
347 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.





يۇيۇنۇشىغا ئاساسى جەھەتتىن يول قويۇلمىغان. بەزى تۇتقۇنلار ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنغان. بەزىلىرى كامېرغا كەلگەندىن كېيىن ھەپتىلەپ ياكى ئايلاپ يۇيۇنالمىغان.[348] بىر قانچە تۇتقۇنلارنىڭ كامېردا يۇيۇنغانلىقى ۋە يۇيۇنۇش جەريانىدا كامېرا بىلەن كۆزىتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.[349] «يىگى كامېردا ھاجەتخانىنىڭ يېنىدا مۇنچا ۋە يۈز يۇيۇش كۆلچىكى بار ئىدى. مۇنچىنىڭ ئەتراپى ئانچە ئېگىز بولمىغان پاكار توسۇق بىلەن توسۇلغان. ئەگەر سىز مۇنچىنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ يۇيۇنسىڭىز، ئۇلار سىزنى كامېرادىن كۆرەلەيدۇ» دېدى ئائولبەك.[350]

تۇتقۇنلار ھاجەتخانىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان.[351] بەزى كامېرلارنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىدىغان ھاجەتخانا، بەزىلىرىنىڭكىدە چېلەك بار ئىدى. «ھەتتا چېلەككە [كامېر ئىچىگە قويۇلغان] كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈنمۇ، ئاۋال مۇھاپىزەتچىلەردىن رۇخسەت ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى» دېدى ئىبراھىم.[352] تۇتقۇنلار ھاجەتخانىنى ئىشلىتىۋاتقاندا كامېرا بىلەن كۆزىتىلىپ تۇرغان. ئەگەر تۇتقۇنلار تىزلىك بىلەن تازىلىق ئۆيىگە كىرمىسە، قاراۋۇللار دائىم ئۇلارغا ۋارقىرىغان.[353] سۇقراپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار بىزگە [چېلەككە] تەرەت قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر مىنۇت ۋاقىت بېرەتتى، كېچىكىپ قالساق بىزگە ۋارقىرايتتى».[354]

سابىق تۇتقۇن ئايبەك كامېرلاردا ھاجەتخانىنى پەقەت بەزى ۋاقىتلاردا ئىشلىتىشكە يول قويۇلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ كامېردا ئۇزۇن ۋاقىت ھاجەتخانىغا بارالمىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

> **ئۇلار بىزنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە، بىر- بىرلەپ يۈزىمىزنى يۇيۇشىمىزغا ۋە ھاجەتخانىنى ئىشلىتىشىمىزگە يول قوياتتى. كامېردا بىر چېلەك بار ئىدى... ھەتتا ئەتىگەنلىرى [ھاجەتخانىغا كىرىپ] تەرەت قىلىشىمىزمۇ كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ھاجەتخانىغا بېرىشىمىزگە رۇخسەت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن 24 سائەتنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتۇق... چېلەك [كىچىك تەرەت بىلەن] توشۇپ كېتىدۇ. ئەگەردە سىز [چوڭ تەرەت] قىلماقچى بولسىڭىز كامېر ئىچكى تېلېفوننى ئىشلىتىسىز، ئاندىن ئۇلار ئىككى قاراۋۇلنى ئەۋەتىدۇ... كېيىن زەنجىرلەنگەن توساقلاردىن ئۆتىسىز. سىز [كامېردىن چىقىدىغان ۋاقتىڭىزدا] قوللىرىڭىزنى بېشىڭىزغا قويۇپ زوڭزىيىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك... بۇ جەريانلار ئەينەن تۈرمىگە ئوخشايدۇ.[355]**

تۇتقۇنلار ھاجەتخانىغا بېرىپ يۈز كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن، يا كامېردا ياكى لاگېر ئاشخانىسىدا ناشتا قىلغان. تۇتقۇنلارنىڭ ناشتا قىلىش ئۈچۈن بەك قىسقا ۋاقىت بېرىلگەن. كۆپلىگەن كىشىلەر تاماق يېيىش ۋاقتىنىڭ بەك قىسقا ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلغان.[356] ئالىيە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى «ئۇلار بىزگە كېچىلىرى ئىچىدىغان سۇ بەرمەيتتى. مەن ھەمىشە ئۇسساپ كېتەتتىم. تاماق ۋاقتىدا بىزگە پەقەت يېرىم ئىستاكان سۇ بېرىلەتتى».[357]

بىزگە دائىم تاماقتىن بۇرۇن ۋە كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا كۇنبويى دېگەندەك «قىزىل» ناخشا ئېيتقۇزاتتى (بېرىلگەن مەنبەگە قاراڭ).[358] ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن تۇتقۇنلار بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشقان.[359] بۇ مۇراسىم جەريانىدا، تۇتقۇنلار دىققەتتە تۇرغان ۋە دۆلەت شېئىرى ئوقۇغان.[360]

## يېتەرسىز ھەركەت، ساپ ھاۋا ۋە قۇياش نۇرى

كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلار سىنىپلىرى باشقا بىنادا بولغان ۋاقىتلاردا، كامېردىن سىنىپقا چىققان ۋاقىتلاردىن باشقا، سىرتقا چىقىشقا ئاساسى جەھەتتىن يول قويۇلمايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.[361] ئاز بىرقىسىم تۇتقۇنلارغا «ھەربى مەشىق» قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى قىسقا ۋاقىت بېرىلگەن.[362] يىغىۋېلىش لاگېردا بەزى تۇتقۇنلارنىڭ بىرقانچە ئايغىچە كامېرنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا يول قويۇلمىغان. كېيىن ئۇلارغا كامېر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا بىرقانچە مىنۇت سىرتقا چىقىشىغا يول قويۇلغان.[363] بەزى تۇتقۇنلارغا ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم سىرتقا چىقىشقا يول قويۇلغان.[364] سابىق تۇتقۇن ۋە يىغىۋېلىش لاگېر قاراۋۇلى ئاناربەك، يىڭى تۇتقۇنلارغا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۈچ ئايغىچە سىرتقا چىقىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۈندە يېرىم سائەت ۋاقىت بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى.[365] سىياسى تۇتقۇن

348 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
349 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
350 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
351 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
352 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
353 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
354 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
355 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
356 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
357 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
358 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
359 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
360 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
361 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
362 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
363 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
364 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
365 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.



ئايال تۇتقۇنلار ئىشىك بىلەن تامغا ئورنىتىلغان زەنجىرلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ كامېرلاردىن چىقماقتا.

تالگات، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ تۇتقۇن جەريانىنىڭ دەسلەپكى يېرىم يىلىدا، سىرتقا چىقىشىغا يول قويۇلمىغانلىقىنى ئەمما كېيىنكى يېرىم يىلدا يول قويىغانلىقىنى ئېيتتى.

**[دەسلەپكى ئالتە ئايدا] بىز ھېچ قۇياش نۇرىنى كۆرمىدۇق. بىز ھەممىشە كامېرىمىزدا تۇراتتۇق. پەقەت سوراق جەريانىدا [كامېردىن ئايرىلاتتۇق]. كامېرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر دېرىزە بار ئىدى ئەمما ئۇ بىر قارا تور ئارقىلىق توسۇۋېتىلگەن. بىز پەقەت ئاسماننىڭ كىچىكىنە بىر پارچىسىنىلا كۆرەلمەيتتۇق... بىز پۈتۈن كۈن مىدىرلىماي تۇراتتۇق. كامېردا تاماق يەيتتۇق... كارۋاتلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئۆيدە ئىدى. ھاجەتخانىنىڭ يېنىدا [ساپ ھاۋا ئېلىش ئۈچۈن چىقىدىغان] بىر ئىشىك بار ئىدى، [ھاۋا ئالىدىغان يېرىمىز] تۆمۈر تور بىلەن قورشالغان كىچىك بىر يەر ئىدى. بۇ يەردە [توساقلارنىڭ سىرتىدا] بىز بىر سائەت تۇراتتۇق. 2018- يىلىدىن بۇرۇن بىز مىدىرلىماي ئولتۇراتتۇق. 2018- يىلىدىن كېيىنمۇ مىدىرلىماي ئولتۇردۇق ئەمما بۇ ھاۋا ئالىدىغان يەرگە چىقىشىمىزغا يول قويۇلدى.**[366]

366 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

باشقا بىنادىكى دەرسكە مېڭىپ چىقىدىغان تۇتقۇنلار ئۈچۈن ، بۇ كامېردىن ئايرىلىدىغان بىردىن بىر ۋاقىت ئىدى[367]. مەرىيەمگۈل «ئىككىنچى جازا لاگېرى تېخىمۇ ناچار ئىدى. چۈنكى [دەرسلەرنى كامېرىمىزدا ئوقۇيتتۇق] دەرسكە مېڭىپ چىقىش پۇرسىتىمىز يوقتى ، شۇڭلاشقا ھېچ سىرتقا چىقمايتتۇق» دېدى.[368] بىر قانچە سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ بىردىن - بىر سىرتقا چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ ، كىچىك تەرەت چېلىكىنى تۆككىلى چىقىدىغان ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.[369] تېلېفۇندا ۋاتسئەپ بولغانلىقى ئۈچۈن يىغىۋېلىش لاگېرىغا سولانغانلىقىنى بىلدۈرگەن جاينا ، چېنىقىش ئۈچۈن ، قۇياش نۇرى ئېلىش ئۈچۈن ياكى ساپ ھاۋا ئېلىش ئۈچۈن ھېچ سىرتقا چىقىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى.

**كامېردا ساپ ھاۋا يوق، قۇياش نۇرى يوق، دېرىزىلەر توسۇقلۇق. سىرتقا چىقىدىغان بىردىن بىر پۇرسىتىمىز ئەخلەت تۆككىلى چىقىش ئىدى. كامېردا دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى بىرقانچە كىشى تۇرغان ۋاقتىمىزدىن باشقا، بىز ھېچ سىرتقا چىقىپ باقمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ كۆپ تۇتقۇنلار كەلدى. تۇتقۇنلارنىڭ سانى كۆپەيگەچكە، ئۇلار بىزنى ئاشخانىغا ئېلىپ بېرىشنى توختاتتى ۋە كامېرىمىزغا تاماق ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى.**[370]

دىنى سەۋەپتىن تۇتقۇن قىلىنغان ئاۋۇلبەك ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، تۇتقۇن قىلىنغان ئۈچ ئاي جەريانىدا بىردىن - بىر سىرتقا چىققان ۋاقتىنىڭ «يەر تەۋرەش مەشىقى» قىلىش جەريانى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. «بىز لاگېرى قورۇسىغا چىققان ۋاقتىمىزدا ، خۇددى ئۇرۇشتىكى دۈشمەنلەردەك ، نۇرغۇنلىغان ساقچىلارنىڭ بىزگە قوراللىرىنى تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق» دېدى.[371]

سابىق تۇتقۇنلار كامېرلىرىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.[372] شىنجاڭنىڭ سوغۇق قىسمىغا جايلاشقان لاگېرىغا سولانغان ئابزال ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا قىشنىڭ بىر قىسمىنى پار يوق كامېردا ئۆتكۈزگەنلىكىنى ، بەرگەن ئاياغلارنىڭ بەك نېپىز ئىكەنلىكىنى ۋە پۇتىنى ئىسسىق تۇتالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ « كامېر بەك سوغۇق ئىدى» دېدى.[373]

كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلار ، كامېرلاردا قۇياش نۇرىنىڭ ھېچ يوقلىقىنى مەلۇم قىلدى.[374] «كامېرلاردا ئادەتتە دېرىزە يوقتى ياكى توسۇۋېتىلگەن كىچىك بىر دېرىزە بارئىدى.[375] دېرىزىنىڭ ئۈستىدە تۆمۈر تور بولغاچقا بارماقلىرىمىزنى دەرىزىگە تەككۈزەلمەيتتۇق ۋە دېرىزە [ سىياسى] شوئار بىلەن توسۇۋېتىلگەن ئىدى. سىرتنى كۆرەلمەيتتۇق. دېكابىردىن- ئاپرېل غىچە پۈتۈن كۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتۇق. بۇ تۆت ئاي جەريانىدا بىز ھېچ قۇياش نۇرى كۆرمىدۇق» دېدى ئايبەك.[376]

## كېچىدىكى مەجبۇرىيەت

كېچە سائەت توققۇز ياكى ئون ئەتراپىدا ، تۇتقۇنلارنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇۋېلىشى ۋە ھاجەتخانىغا كىرىۋېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ۋاقىت بېرىلگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇخلىغان. كېچىدە ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشى چەكلەنگەن. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، كېچىدە ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا پاراڭلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن ، ئۇلارنى بىر- بىرلىرىنىڭ بېشىغا پۇتىنى توغرىلاپ ئۇخلاتقۇزغان.[377] « سىز پاراڭلىشالمايسىز. ئۇلار بىزنىڭ قانداق يېتىشىمىزنى [ئۇخلىغاندا قايسى تەرەپكە قاراپ يېتىشىمىزنى] ئورۇنلاشتۇرغان ، شۇڭا بىز پاراڭلىشالمايتتۇق. سىزنىڭ بېشىڭىز يېنىڭىزدىكى بىرسىنىڭ پۇتىغا يېقىن [قويۇلغان] بولۇشى كېرەك» دەپ ئېيتتى زەرىنە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا.[378]

ھەممە تۇتقۇنلاردىن كېچىدە بىر ياكى ئىككى سائەت كامېرداشلىرىنى نۆۋەت بىلەن كۆزىتىشى تەلەپ قىلىنغان.[379] بۇ نۆۋەتچىلىك قىلىش بولسا ، داۋاملىق كامېرنىڭ ئىچىدە ئالدى-كەينىگە ماڭغان ياكى كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا جىمجىت ئولتۇرغان. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەگەر تۇتقۇنلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۇخلىغان ۋاقىتتا يۈزى ئوچۇق قالغان بولسا ياكى كامېراغا قاراپ ئۇخلىمىغان بولسا ، شۇ كىشىگە بېشىنى توغرىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ تۇرغان.[380] بەزى سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ، بۇ تۈزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالماسلىقى ئۈچۈن بېكىتىلگەنلىكىنى ئېيتتى.[381] يەنە بەزىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق نۆۋەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

*قارشى تەرەپتىكى بەت: ئىككى ئايال تۇتقۇن«ۋەزىيە» ئۆتەۋاتقان بولۇپ ، كامېرداشلىرى ئۇخلاۋاتقاندا ، ئۇلارنى نازارەت قىلىۋاتاتتى.*

367 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
368 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
369 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
370 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
371 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
372 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
373 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
374 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
375 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
376 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
377 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
378 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
379 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
380 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
381 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.



ئايداي ، ئۇ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ساياھەت قىلىش رۇخسىتى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ ، تۇتقۇنلارنىڭ كېچىدە بىر-بىرلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا ، كامېردا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىدا كۆرۈنۈپ تۇرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دېدى:

**چىراغلار [كامېر ئىچىدىكى] ھەمىشە يېنىقلىق تۇراتتى. كەچ سائەت 10 دا بىز كارىۋاتتا يېتىپ بولاتتۇق. ئىككى تۇتقۇن كېچىدە بىرگە قارايتتى. سائەت 10 دىن 12 گىچە ،12 دىن 2 گىچە ، 2 دىن 4 كىچە ، 4 تىن 6 گىچە ... شۇ ئىككى كىشى[ھەمىشە] دېرىزە بىلەن ئىشىك ئارىسىدا مېڭىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى بولسا بىزنى كۆزىتىش ئىدى. بىز كېچىدە كامېراغا بېشىمىزنى توغرىلاپ، يۈزىمىزنى ئېتىۋالماي ئۇخلاشقا مەجبۇر قىلىناتتۇق. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، ئۇلار بىزنى ئويغىتاتتى ۋە بىزنىڭ ئورنىمىزنى توغرىلايتى.**[382]

نۆۋەتچىلىك قىلمىغان ۋاقتىدىمۇ ئۇخلىيالمىغان چۈنكى كامېردا كانايدىن دائىم ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرغان ، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە ، كامېر ئىچىدىكى چىراغلار داۋاملىق ياندۇرۇپ قويۇلغان.[383] سەقىن كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېردا كېچىلىرى ئىنتايىن ئاز ئۇخلىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**ئادەتتە، بىز كەچ سائەت 10 دىن ئەتىگەن سائەت 5 كىچە ئۇخلايمىز. بىز يەنە ھەر كېچە ئىككى سائەتتىن كۆزەتچىلىك قىلىمىز... كادىر بىلەن ساقچىلار بىزنىڭ كامېراغا [ھەپتىدە بىر قانچە قېتىم يېرىم كېچىدە] كېلىپ، گۇناھلىرىمىزنى تونۇش تەكشۈرۈشنامىسى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ... كامېردىكى چىراغلارمۇ ھەر ۋاقىت كېچە ۋە كۈندۈز يورۇق تۇرىدۇ. بۇ چىراغلارنىڭ نۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا بىزنىڭ ئۇيقۇمىزنى بۇزۇۋېتىدۇ. بىز ھېچ بىر ۋاقىت قانغۇدەك ئۇخلىيالمايمىز... ئۇلار بۇ يەرنى شۇنداق [مەكتەپ] دەپ ئاتايدۇ... بىراق ئۇلار سىزنى ئۇخلاتمىسا، سىز قانداقمۇ بىر نەرسە ئۆگىنەلەيسىز؟**[384]

# 3.4 يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ‹ تەربىيلەش›

لاگېرىغا كېلىپ مەلۇم بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، بارلىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاستىدىكى يۈزتۇرانە ياكى سىن ئارقىلىق ۋەياكى ھەر ئىككىلا خىل شەكىلدىكى دەرسلەرگە قاتنىششقا مەجبۇرلانغان. بۇ دەرسلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي تىلى ، تارىخ ، قانۇن ۋە «ئىدېئولوگىيە» ئائىت. بەزى تۇتقۇنلارغا قىزىل ناخشىلارنى ئەسلەتكۈزگەن ۋە يادلاتقۇزغان. كۆپۈنچە ئەھۋاللاردا ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كيىن ئۈچ ياكى تۆت سائەت دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇتقۇنلار چۈشلۈك تاماق يېگەن. ئۇلارغا قىسقا «ئارام ئېلىش» ۋاقتى بېرىلگەن. بۇ ئارام ئېلىش بولسا تۇتقۇنلارنىڭ كىچىك ئورۇندۇقتا مىدىرلىماي ئولتۇرۇشى ياكى بېشىنى پارتا ئۈستىگە قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللاردا بولغان.[385] چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يەنە ئۈچ ياكى تۆت سائەتلىك دەرس بار بولۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەچلىك تاماق بېرىلگەن ؛ كېيىن تۇتقۇنلار بىر قانچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ، ۋەياكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، شۇ كۈنلۈك دەرسلەرنى ئۇن - تىنسىز «تەكرارلىغان» ياكى « تەربىيىۋى» سىن فىلىملىرىنى كۆرگەن.[386] دەرسكە قاتناشقان ۋاقىتتا تۇتقۇنلارنىڭ ھەر ۋاقىت دېگۈدەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئالدىغا قاراپ تۈپ-تۈز تۇرۇشى ۋە سىنىپداشلىرى بىلەن ئۆز ئارا سۆزلەشمەسلىكى تەلەپ قىلىنغان.

دەرسلەر ھەمىشە كامېر سىرتىدا ئۆتۈلەتتى. ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كامېلاردىكى تۇتقۇنلار يىغىلغان 50 ئەتراپىدىكى ئادەملەر بىر چوڭ سىنىپقا توپلىناتتى. يەنە سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ كامېرلىرىدا دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەتىگەندە كامېردىن دەرسخانىغا بېرىش ئۈچۈن ، تۇتقۇنلار دائىم دېگۈدەك سائەتلەپ ئۆچىرەتتە تۇرغان ياكى ئۆزلىرىنىڭ دەرسخانىغا ئاپىرىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان. چۈنكى مىڭلىغان ئادەملەرنى بىرلا ۋاقىتتا دەرسكە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئارقا سەپ خىزمىتى قىيىن بولغان ، بولۇپمۇ تۇتقۇنلارنىڭ كامېرلىرى جايلاشقان بىنادىن دەرسخانىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىناغا بېرىشى ئۈچۈن ، ئۇلار تار تۆمۈر رېشاتكىلار بىلەن قورشاۋلىق سېپىلەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان.[387] ئايبەك كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ بىر كۈننىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دەرسكە ئاپىرىلىش بىلەن ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «دەرسكە بېرىشىمىز باشلانغاندىن كېيىن ، بىز ئەتىگەن سائەت 6 دىن باشلاپ ھەركەت قىلاتتۇق. ھەممە كامېرداشلارنىڭ دەرسكە ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقىت كېتەتتى. بۇ دەرسخانىلار 1 كىلومېتىر

382 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
383 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
384 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
385 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
386 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
387 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

يىراقلىقتا ئىدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ دەرسكە بېرىشى ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ ، سىم- تورلۇق يول ياتاقتىن [باشلىنىپ] دەرسخانىغىچە باراتتى. بۇ يول بەك تار بولغاچقا ، ئۇنىڭدا پەقەت بىرلا ئادەم ماڭالايتتى».[388]

دەرسكە بېرىش ياكى لاگېرنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە بېرىش بولسۇن ، تۇتقۇنلارنىڭ يەرگە سىزىلغان سېرىق سىزىقنىڭ ئىچىدە مېڭىشى كېرەك ئىدى .[389] ئەگەر ھەرقانداق بىر تۇتقۇن شۇ سىزىقتا دەسسىسە ياكى ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئاتلاپ ئۆتسە ، جىسمانىي جەھەتتىن جازالىنىشقا ئۇچرايتتى. مەريەمگۈل ھۆكۈمەتكە ئىشلەشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا سولانغان. مەريەمگۈل كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، بىر ھۆكۈمەت خادىمىنىڭ لاگېردىكى ئىككى سېرىق سىزىق ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتتى. قاراۋۇل خادىم مۇنداق دېگەن «سىلەر يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتىڭلار ، شۇڭا بۇ يەردە يولنىڭ ئىچىدە قانداق مېڭىشنى ئۆگىنىسلەر».[390]

تۇتقۇنلارنى دەرسكە قوغدىغۇچى قاراۋۇللار يالاپ ئاپارغان. بەزى قاراۋۇللار قالقان كيگەن ۋە قولدا توك كالتىكى تۇتقان.[391] تۇتقۇنلار كامېردىن دەرسخانىغا بېرىش يولدا بەزى ۋاقىتلاردا باشقا بىنالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن بولۇپ ، ئۇ يەرلەرمۇ ئوخشاشلا تۆمۈر رېشاتكىلار بىلەن توسۇۋېتىلگەن. «ياتاقتىن دەرسخانىغا بارىدىغان يوللار سىم توساقلار بىلەن قورشالغان بولۇپ ، ئۇ يەردىكى قوراللىق قاراۋۇللار خۇددى سىزنى ئېتىپ تاشلاشقا ھازىر بولغان بىر ھالەتتە تۇراتتى» دېدى ئايبەك.[392] تۇتقۇنلارنىڭ دائىم دەرسخانىغا بېرىش يولدا ، ئۇلارنىڭ ھەربىيچە مېڭىشى ۋە قىزىل شۇئارلارنى توۋلىشى تەلەپ قىلىنغان .[393] مەريەمگۈلنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، كامېرداشلىرىنىڭ سىنىپقا ئاپىرىلىش يولدا «ئەسكەرلەرگە ئوخشاش» قەدەملەپ مېڭىشنى ، ھەم «تىرىشىپ ئۆگىنىش ، ئۆزىنى باھالاش ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يوقىتىش ، شىجىنپىڭ ئۇزۇن ياشىسۇن! » دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلىشنى تەلەپ قىلغان.[394]

دەرسخانىغا ئوقۇتقۇچى ۋە قوغدىغۇچىلار بىر ئىشىكتىن ، تۇتقۇنلار بولسا باشقا ئىشىكتىن كىرگەن ، بۇ كىرىش ئىشىكى كامېرنىڭ ئىشىكىگە ئوخشاش بولۇپ ، ئىشىك زەنجىر بىلەن تامغا باغلانغان. دەرس ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن باشلىنىپ ، رەھمەت ئېيتىش بىلەن ئاخىرلاشقان.[395] ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئارىلىقى ھەمىشە ئايرىۋېتىلگەن. دەرسخانىلار بىر مېتىردىن ئېگىزلىكتىكى قاتتىق پلاستىك تاختايلار ، ياغاچ ياكى مېتال توساقلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى ۋە قوغدىغۇچىلاردىن ئايرىۋېتىلگەن .[396] ئايرىلغان يەرلەرنىڭ ئۇستى سىم توسۇق ياكى مېتال تاختايلار بىلەن قاپلانغان. بىر سابىق تۇتقۇننىڭ ۋە لاگېردا قوغدىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن بىر كىشىنىڭ ئېيتىشىچە ، دەرسخانا ئىچىدە ھەمىشە بىر قانچە مۇھاپىزەتچى كۈزەتتە تۇرغان .[397] « [مېنىڭ سىنىپىمدا] ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىدا ئۈچ قوغدىغۇچى بىللە تۇردى . ئۇلارنىڭ ئۇستىدە ساقچى كىيىمى بار ئىدى... ساقچىلار ئوق ئۆتمەس جىلىتكىسى كيگەن. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان تۆمۈر قالقانلىرى ۋە ئۇزۇن نەيزىلىرى بار ئىدى» .[398]

دەرسخانىدىكى ئۇستەل ۋە ئورۇندۇقلار دائىم بىر - بىرلىرىگە چېتىۋېتىلگەن بولۇپ ، بەزىدە زەنجىر بىلەن باغلىۋېتىلگەن .[399] سابىق تۇتقۇنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، تۇتقۇنلارنىڭ خەت يېزىشى ئۈچۈن قىسقا قېرىنداش قەلەم ، قەلەم سىياسىنىڭ پلاستىك چوكىسى ياكى بىر قېتىملا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قەلەملەر بېرىلگەن چۈنكى ئەگەر نورمال قەلەملەر بېرىلسە ، ئۇلارنىڭ بىر قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.[400] قانات دەرسخانىدا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**كۆنلىرىمىز ھەر كۈنى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش ئۆتەتتى... بىز 17 سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرۇشىمىز كېرەك بولغان يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدۇق. ئۇ ئوخشاش بىنادىكى باشقا بىر ئۆي ئىدى. [سىنىپتا] بەش ياكى ئالتە قوراللىق قاراۋۇل ۋە بىر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. سىنىپقا بارىدىغان ئىشىكمۇ زەنجىرلەنگەن بولۇپ ، سىنىپقا ئۆملەپ كىرىشىمىز كېرەك... ئوقۇتقۇچى تەخمىنەن بوينىمىزغىچە كېلىدىغان توسۇقنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى. ئۇلارنى كۆرەلمەيتتۇق، ئەمما توسۇقتىن كۆرەلەيتتۇق. قاراۋۇللار ئوقۇتقۇچى تەرەپتە ئىدى. ئۇلار بىزگە كۆڭزىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىتەتتى. بىز چوقۇم ئۇ سۆزلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشىمىز ۋە نەچچە يۈز قېتىم تەكرارلىشىمىز كېرەك ئىدى. سىنىپتا يەنە يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلار بار ئىدى. بىر نەچچە قېتىم [كانايدىن] `تېخىمۇ قاتتىق بېسىم قىلىنىسۇن ` دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىدىم.**[401]

كېيىنكى بەت: تۇتقۇنلار يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى «سىنىپ» لاردا.

388 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
389 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
390 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
391 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
392 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
393 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
394 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
395 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
396 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
397 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
398 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
399 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
400 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
401 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.





تۇتقۇنلارنى پارتىلىرىدا تامامەن تۈز ئولتۇرغۇزاتتى. سابىق تۇتقۇنلار، ئەگەر تۇتقۇنلار تۈز ئولتۇرمىسا ياكى ئالدىغا قارىمىسا، ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ ئۇرۇلغانلىقىنى ياكى جازالانغانلىقىنى مەلۇم قىلغان.[402] مەرىيەمگۈل خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، پارتىدا تۈز ئولتۇرالماسلىق، تۇتقۇنلارنىڭ نومۇرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. «بىز دەرس ۋاقتىدا چوقۇم قوللىرىمىزنى ئارقىغا قىلىپ، تۈز ئولتۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. سىنىپىمىزدا ياشانغان ئاياللارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئەگەر ئۆيىمىزنى سېغىنساق، يىغلىساق ئۇلار نومۇر تارتاتتى، ئۇلار ھەممىمىزگە نومۇر قوياتتى ۋە بىزنىڭ ئىدىيىمىزدە تېخىچە مەسىلە بارلىقىنى ۋە ئىدىيىمىزنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ئېيتاتتى».[403]

## تىل ئۆگىنىش

خىتاي تىلى ئۆگىتىش بولسا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ چوقۇم قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغان ئاساسلىق «مائارىپ» ئوبيېكتىدىن ئىبارەت بولغان. باشقا ھەرقانداق بىر تىلدا پاراڭلىشىش چەكلەنگەن بولۇپ، جازالاشقا تېگىشلىك بىر جىنايەت ھېسابلانغان. تىل دەرسلىرى بىر كۈننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن قەرەللىك ھالدا تىل ئىمتىھانلىرىغا قاتناشتۇرغانلىقى ۋە ئادەتتە 3000 غا يېقىن خىتايچە خەت ئۆگىنىشى تەلەپ قىلغانلىقى مەلۇم قىلىنغان.[404] بۇ قەرەللىك ئىمتىھانلار ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئىمتىھان نەتىجىلىرىنىڭ تەربىيىلەش ۋە مائارىپ ئۈنۈمىنى باھالايدىغان، ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى جەملەيدىغان ۋە تۇتقۇنلارنىڭ (كۇرسلىرىنى) تاماملاپ ياكى تاماملىيالمىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.[405] خىتايچە سۆزلۈكلەرنى ۋە ناخشىلارنى ئېسىدە تۇتالمىغان تۇتقۇنلار دائىم جىسمانى جازالارغا ئۇچرىغان.[406]

بەزى ۋاقىتلاردا تۇتقۇنلار تىل قابىلىيىتىگە قاراپ ئايرىۋېتىلگەن. نۇرغۇنلىغان خىتاي تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئادەتتىكى سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ دەرس ئۆگىنىشىگە، ھەم سىنىپتا بىر نەچچە ئايلارغىچە ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن باشقا نۇرغۇنلىغان خىتاي تىلىنى پەقەت سۆزلىيەلمەيدىغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ، ئوخشاشلا سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرسكە قاتنىشىشىغا زورلانغانلىقىنى مەلۇم قىلغان.[407] ئەركىن، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى «دەرسلەر ئاساسى جەھەتتىن خىتاي تىلىدا بولسىمۇ، ھېچ ياردىمى بولمايتتى. ھەر كۈنى ئۇلار پەقەتلا يۇزلەرچە سۆزلۈكلەرنى دوسكىغا يازاتتى. بىز كۆچۈرەتتۇق. ھېچكىم چۈشەندۈرمەيتتى».[408] ئايتوغان، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى «بىزگە 3000 سۆز ئۆگىنىشكە بېسىم قىلاتتى. نۇرغۇنلىغان ئىمتىھانلار بار ئىدى. مەن ئارانلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولغاچقا ماڭا بەك ئېغىر كەلگەن ئىدى. دەرسلەر ياشانغانلار ۋە دېھقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ قىيىن ئىدى».[409]

قازاقىستاننى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، لاگېردا بىر يىل ياتقان دۆلەت، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا لاگېردا دەرسلەرنى يادلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

> **دەرس جەريانىدا سۆزلۈكلەرنى بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى دوسكىغا يازاتتى ۋە بىز ئۇ سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىن كۆچۈرەتتۇق... بۇ پەقەت شۇ يېزىقلا ئىدى... دەرس جەريانىدا ئۆيغۇرچە گەپ قىلىشقا يول قويۇلمايتتى. ئەگەر دە بىز [خىتاي تىلىدىن] باشقا تىلدا گەپ قىلىپ قالساق، جازالىناتتۇق. بىز يولۋاس ئورۇندۇق بار بولغان ئۆيگە ئېلىپ كېتىلەتتۇق... مەن ئىككى قېتىم ئۇ ئۆيگە ئېلىپ كېتىلدىم.[410]**

## `سىياسى تەربىيە `

كۆپ ساندىكى سابىق تۇتقۇنلار تارىخ، قانۇن ۋە سىياسى ئاڭ دەرسلىرىگە قاتناشقانلىقىنى ۋە بۇ دەرسلەرنى باشقا سابىق تۇتقۇنلار «سىياسي تەربىيە» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇ دەرسلەر تۇتقۇنلارغا كەڭ-كۆلەملىك ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ «زىيانلىق» دىن ئىكەنلىكىنى ۋە خىتاينىڭ قانچىلىك تەرەققى قىلغانلىقىنى، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە شى جىنپىڭنىڭ نەقەدەر «مېھرىبان» ئىكەنلىكىنى زورلاپ سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.[411] بۇ دەرسلەر ئادەتتە ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنىڭ ۋە دۆلەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىماملارنىڭ دىن ھەققىدىكى نۇتۇقلىرى ۋەياكى سوتچىلار ۋە ئادۋۇكاتلارنىڭ «تېرورلۇق»، «ئاشقۇنلۇق» ۋە «بۆلگۈنچىلىك» نىڭ دۆلەت تەرىپىدىن قانداق بېكىتىلىدىغانلىقىغا ئائىت ۋىدىئولۇق سۆزلىرى ۋە نوتۇقلىرى قويۇپ بېرىلگەن. بۇ ۋىدىئولارنىڭ كۆپ قىسمى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يىغىنلىرى ياكى شى جىنپىڭنىڭ نۇتۇقلىرى ۋە ياكى ئائىلىلەرنىڭ قانداق قىلىپ «تېرروزچى» غا ئايلىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىقات فىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرسلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك قىسمى خىتاي، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياكى شى

402 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
403 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
404 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
405 تېلىگرام (ئىلگىرى قەيت ئېلىنغان) 10- پاراگىراف
406 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
407 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
408 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
409 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
410 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
411 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

جىنپىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدىكى قىزىل ناخشىلارغا بېغىشلانغان.[412] بەزى تۇتقۇنلارغا كېكىردەكلىرى ئاغرىپ كەتكۈچە سائەتلەپ ناخشا ئېيتقۇزغان.[413] تۇتقۇنلار ناخشا ئېيتمىغانلىقى ياكى ناخشىنى خاتا ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈن جازالانغان.[414]

ۋاتسئەپ چۈشۈرگەنلىكى ۋە قانۇنسىز سىم كارتىسى سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغان يەرۇلان ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بۇ دەرسلەرنىڭ تۇتقۇنلارنى دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

**مەنچە [دەرسلەرنىڭ] مەقسىتى دىنىمىزنى يوق قىلىۋېتىش ۋە بىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش... بىز «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيەلمەيتتۇق ۋە قايسى مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى سورىغاندا «خىتاي» دېيىشىمىز كېرەك ئىدى... ئۇلار جۈمە نامىزىغا بارمايسەن دەيتتى... ۋە ساڭا ھەممە نەرسىنى ئاللاھ بەرگەن ئەمەس شى جىنپىڭ بەرگەن. سەن ھەممە نەرسە ئۈچۈن ئاللاھقا ئەمەس شى جىنپىڭغا رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك دەيتتى.**[415]

«گۇمانلىق» كىشى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغان ئەھمەت ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئىسلام دىنىدىن ۋە چەتئەلگە ساياھەت قىلىشتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ، كىشىلەرگە «خىتاي» مىللىتى تۇيغۇسىنى بېرىدىغان بەزى ئورتاق ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى ئۆگىنىشكە قىستاشنى ئاساسى مەقسەت قىلغان دەرسلەرگە قاتناشقانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

**ئۇلار بىزگە، باشقا دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلماسلىقنى، خىتايدا قېلىشنى ئۆگىتەتتى. چەتئەلگە چىقىشنىڭ خاتا «ئىدىيە» ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن دەيتتى. ئۇلار بىزگە تاماكا چېكىشنى ۋە ھاراق ئىچىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەگەر ھاراق ئىچمىسىڭىز ۋە تاماكا چەكمىسىڭىز، بۇ دىندار بولۇشنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلاتتى. قويۇپ بېرىلگەندە بىزگە مەسچىتلەرگە بارماسلىقنى شەرت قىلاتتى. بۇ قىلمىش يەنە 20 يىل [تۈرمىدە] يېتىشىمىزغا سەۋەپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار بىزگە كىشىلەر بىلەن پەقەت خىتاي تىلىدا سالام قىلىشنى، بالىلىرىمىزغا پەقەت خىتايچە تېلېۋىزور قاناللارنى كۆرسىتىشىمىزنى ئېيتاتتى.**[416]

دىنىغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر بىلەن لاگېرغا ئەۋەتىلگەن ئانار ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۇنىڭ دەرسلىرىنىڭ ئىسلامدىكى پەرز قىلىنغان «مەسىلىلەر» گە مەركەزلەشكەنلىكىنى بايان قىلدى.

**بىز دۆلەتنىڭ قانۇنىغا قانداق ئەمەل قىلىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا رەسمىي بىر دىنىي زاتنىڭ سىنلىرىنى كۆرەتتۇق... بىز قايتا-قايتا كۆرگەن ئۈچ-تۆت سىن بار ئىدى... سىنئالغۇدا ئۇ مۇنداق دەيتتى: «جىھات دېگەن نەرسە يوق، تېرورلۇق ئىدىيىسىگە ئەگەشمەڭ، ئۆلتۈرۈش ياكى زوراۋانلىق قىلىش قانۇنسىز». بىز ئوخشاش بىر فىلىمنى كۈندە تۆت سائەت ياكى تەكشۈرۈش بولغان ۋاقىتلاردا بولسا پۈتۈن بىر كۈن كۆرەتتۇق.**[417]

تېلېفونغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئۈچۈر يوللاش دېتالىنى قاچىلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغان كائىنا ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، چۈشتىن كېيىنلىرى خىتاينىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدىكى تەشۋىقات دەپ تەسۋىرلىگەن دەرسلەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

**لاگېردا «قانۇن» دەرسلىرى بار ئىدى، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتە قانۇن ئەمەس بەلكى ئىدېئولوگىيە دەرسلىرى ئىدى. بىر دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ بىرلا خىل تىل قوللىنىشى كېرەكلىكى... خىتاينىڭ قانداق ئۇلۇغ ۋە قالتىس دۆلەت ئىكەنلىكى، قازاقىستاننىڭ قانداق ناچارلىقى ھەققىدىكى دەرسلەر ئىدى. ھەمدە ئۇلار بىزگە خىتاي قۇرغان چوڭ كۆۋرۈكنى كۆرسىتەتتى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى سۆزلەيتتى ۋە [قايتا تەربىيىلەش] لاگېرلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تېررورچى ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى... ئۇلار بىزنى«شى جىنپىڭ خىتاينىڭ ئاتىسى، دۇنيانىڭ ئاتىسى» دېگەندەك ناخشا ئېيتقۇزاتتى.**[418]

*كېيىنكى بەت: بىر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىككى قوراللىق قاراۋۇللار يېغىۋېلىش لاگېرى «سىنىپ» دىكى تۇتقۇنلارنىڭ قارشىسىدىكى توسۇقنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى.*

نۇرغۇنلىغان لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەن كۈئانىش ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، بىرىنچى لاگېردا ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئىشلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا خىتاي ئۈچۈن قىلغان بارلىق پىداكارلىقلىرى توغرىسىدىكى سىنلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلغان.

412 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
413 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
414 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
415 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
416 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
417 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
418 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.




共产党

**ئۇلار بىزگە يەنە: «يېڭى خىتاي دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن 39 مىليون ئادەم ئۆلدى، سىلەر ئۇيغۇرلار ئاران 16 مىليون... نېمىشقا سىلەر ئۇيغۇرلار يامان ئىش قىلىشنى ئىزدەيسىلەر؟ نېمىشقا كۆرگەن كۈنۈڭلاردىن خۇزۇرلانمايسىلەر؟» دەيتتى. ئۇلار بىزگە، خىتاي بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار تەسۋىرلەنگەن فىلىملەرنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار بىزنىڭ بۇ فىلىملەرگە قانداق قارايدىغانلىقىمىز ۋە قانداق ھېس قىلغانلىقىمىز، يېڭى خىتاي قۇرۇش ئۈچۈن ئۆلگەن مىليونلىغان ئادەم ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمىز ھەققىدە ماقالە يازغۇزاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى ئوخشاش كىنولارنى كۆرسىتىشنى تەكرارلايتتى. ئۇلار بىزگە، بىزگە تاماق بەرگەن قولنى چىشلىمەسلىكىمىزنى، ئۆزىمىز ئىچىۋاتقان سۇغا ئۆزىمىز تۈكۈرمەسلىكىمىز كېرەكلىكىنى دەيتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ جىنايىتىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورايتتۇق. ئۇلار «ھازىر سىلەرنىڭ بىزگە مۇشۇنداق گەپ قىلىشىڭلارنىڭ ئۆزى بىر جىنايەت، سىلەر سۆزلىمەسلىكىڭلار كېرەك» دەيتتى . بىز جىمجىت ئولتۇراتتۇق.**

**كۈندۈزى ئۈچ ياكى تۆت ئادەم كېلىپ بىزگە دەرس ئۆتەتتى. ئۇلار بىزگە [سىياسىي] شۇئارلارنى، قانۇنلارنى يادلىتاتتى ۋە كومپارتىيىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. بىزنىڭ ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىمىز ۋە يادلىشىمىز تەلەپ قىلىناتتى... ئىككىنچى لاگېردا، ئۇلار بىزگە ئافغانىستان، ئۆزبېكىستان ۋە پاكىستانغا كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتەتتى ھەمدە «بۇ ئادەم مانچە يىل تۈرمىگە تاشلاندى، بۇ ئادەم مانچە يىل... » دەيتتى. ئۇلار: ئەگەر [چەتئەلگە] چىقساڭ، بىز سېنى تۇتۇپ ئەكىلىمىز ۋە تۈرمىگە تاشلايمىز... ئۇلار كۈننى مۇشۇنداق ئۆتكۈزىدۇ.[419]**

بۇ سابىق تۇتقۇنلارنىڭ سىياسىي تەلىم-تەربىيە سىنىپىدىكى بايانلىرى باشقا سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ژۇرنالىست ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرگۈچىلىرگە بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى بىلەن بىردەك ئىدى.[420]

## سوراق قىلىش، مەجبۇرى `ئىقرار` قىلدۇرۇش ۋە `ئۆزىنى تەنقىد قىلىش`

تۇتقۇنلاردىن قەرەللىك ھالدا سوئال سورىلاتتى ياكى سوراق قىلىناتتى. سوراق قىلىنىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە قېتىم سانى بولسا لاگېردىن-لاگېرلارغىچە ، بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگىچە كۆرۈنەرلىك پەرقلىنەتتى... بەزى سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ لاگېردا تۇرۇش جەريانىدا بىر ياكى ئىككى قېتىم سوراق قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. باشقا تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىم سوراق قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ساقچىخانىلاردا سوراق قىلىنغانغا ئوخشاش ، لاگېرلاردىكى سوراقلار تۇتقۇنلارنىڭ دىنىي ئىبادەت ئەھۋاللىرى ، چەتئەل بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ۋە «گۇمانلىق» كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق ئىشلارغا مەركەزلەشكەن.[421] نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلار ، ئۆزلىرىنىڭ سوراق قىلىنىش جەريانىدا «جىنايىتىنى» «ئېتىراپ قىلىشقا» مەجبۇرلانغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بەزى تۇتقۇنلار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزلىرى ئەيىبلىنىۋاتقان قىلمىشلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەمەلىيەتتە قىلغانلىقىنى ئېيتتى (مەسىلەن: ۋاتسئەپ دېتالىنى چۈشۈرۈش ياكى چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىش دېگەندەك ئىشلار) . شۇڭا ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنى جىنايى قىلمىش دەپ قارىمىسىمۇ ، ئەمما بەرگەن ئىقرارنامىسىنى سەممىمي دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان.[422]

دارىگا ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، تۇتقۇنلارغا قەرەللىك ھالدا تۆت خىل دوكلات يېزىشنى بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتقان:

**بىزنىڭ «قانداق ھېس قىلغانلىقىمىز» ھەققىدە دوكلات يېزىشىمىز كېرەك ئىدى، يەنى بۇلار ئاساسلىقى شى جىنپىڭنىڭ نۇتۇقلىرى، 19-پارتىيە قۇرۇلتىيى ياكى باشقا سىياسىي تەشۋىقات فىلىملىرىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىراتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك تەسىراتلار ئىدى. يەنە بىر دوكلات بولسا «تۆۋە قىلىش باياناتى» دەپ ئاتىلاتتى. بىز بۇ دوكلاتتا، بۇ خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقىمىزغا قانداق پۇشايمان قىلىدىغانلىقىمىزنى يازاتتۇق. مېنىڭ قىلمىشىم بولسا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش مۇمكىنچىلىكى بولغان ۋاتسئەپنى دېتىدلىنى قاچىلاش ئىدى. بىز يەنە كەچۈرۈم سوراش ۋە كاپالەت خېتى يازاتتۇق. بۇ خەتتە، بىز قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتۇق ۋە لاگېردىن قويۇپ بېرىلىشىمىزنىڭ شەرتلىرىگە تۈپتىن كاپالەتلىك قىلاتتۇق، ھەمدە لاگېرلار ھەققىدە ھېچ نەرسە سۆزلىمەيمىز دەپ ۋەدە بېرەتتۇق.[423]**

419 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

420 خەۋەرلىرى ، BuzzFree, Alison Killing and Megha Rajagopalan , سابىق مەھبۇسلار ، خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلدى ناملىق خەۋەرلەرگە قاراڭ. 2020-يىلى 27-ئاۋغۇست, www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/china-ex-prisoners-horrors-xinjiang-camps-uighurs; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «ئىدىيۋى ۋىرۇسلارنى يوقىتىش: خىتاينىڭ شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا قارشى باستۇرۇش ھەرىكىتى» ، 2018-يىل 9-سېنتەبىر www.hrw.org/report/2018/09/09/eradicating-ideological-viruses/chinas-campaign-repression-against-xinjiangs

421 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

422 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

423 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

نۇرغۇنلىغان سوراقلار ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئوچۇق-ئاشكارە ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىمىغان بولسا ، يەنە نۇرغۇنلىغان تۇتقۇنلار جازالىنىدىغان سوراق ئۆيلىرىگە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئۆيلەر لاگېرنىڭ يەر ئاستى خانىلىرى بولۇپ ، تۇتقۇنلار ئۇ يەردە ھەمدە قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغان. قازاقىستاندا ئىشلىگەندىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغان ئەلدىيار ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ جازا لاگېرىنىڭ يەر ئاستىدىكى بىر ئۆيدە قانداق سوراق قىلىنغانلىقى مەلۇم قىلغان:

**[مېنى [بىخەتەرلىك خادىملىرى] يەر ئاستى ئۆيىگە ئېلىپ باردى ۋە پۇتلىرىمنى تۆمۈر بالداققا قويدى. قولۇم ئورۇندۇققا كىشەنلەنگەن ئىدى. ئۇلار مەندىن تەرجىمىھالىمنى سوردى يەنى مېنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقىمنى، مەكتەپنى قاچان باشلىغانلىقىمنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن كېيىن نەگە بارغانلىقىمنى، نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىمگە ئوخشاش سوئاللارنى سوردى. مەن ئۇلارغا قازاقىستانغا بارغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار مەندىن قازاقىستاننى قانچە قېتىم زىيارەت قىلغانلىقىمنى، قەيەرگە بارغانلىقىمنى ۋە قەيەردە تۇرغانلىقىمنى سوردى. ئۇلار مېنىڭ تۇغقانلىرىمنىڭ ئىسمىنى، [تۇغقانلىرىمنىڭ] نېمە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ياكى ئوقومايدىغانلىقىنى سوردى... ئۇلار مەندىن قازاقىستاننىڭ قايسى شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلغانلىقىمنى، باشقا يەنە قايسى دۆلەتلەرگە بارغانلىقىمنى سوردى. ئۇلار يەنە قېرىنداشلىرىم توغرىسىدا سوئال سوردى. ئۇلار: «سەن قازاقىستاندا تۇرغان ۋاقتىڭدا نامازنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگەندىڭمۇ؟» دەپ سوردى.**[424]

تۇتقۇنلاردىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ «جىنايىتى» نى ئېتىراپ قىلغان «ئىقرارنامە» ياكى «ئۆزىنى تەنقىد قىلىش» خېتى يېزىشى تەلەپ قىلىنغان. بەزى سابىق تۇتقۇنلار تۇتقۇن جەريانىدا بىر ياكى ئىككى قېتىم ئۆزىنى تەنقىد قىلىش خېتى يېزىشى كېرەكلىكىنى مەلۇم قىلدى. يەنە باشقا تۇتقۇنلار بۇنى ھەپتىلىك ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم قىلىدىغان پائالىيەت بولغان دەپ مەلۇم قىلدى.[425] سابىق تۇتقۇنلار ، ئۆزلىرىگە بۇنىڭ ئىچىدىن ئىككى خىل جىنايەتنى تاللاپ «ئىقرار قىلىشى» ئۈچۈن بىر «جىنايەت» تىزىملىكى يەنى ئادەتتە ئاشقۇنلۇق ھەرىكەتلەرنىڭ 75 خىل تاشقى كۆرۈنۈش تىزىملىكى بېرىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان.[426] سابىق تۇتقۇنلار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزلىرىنىڭ ، مەلۇم جىنايەتنى بولۇپمۇ دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جىنايەتنى ئېتىراپ قىلغان ياكى ئېتىراپ قىلدۇرۇلغان تۇتقۇنلارغا تۈرمە جازاسى بېرىلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[427]

ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ، بىر تۇتقۇننىڭ «جىنايىتى» نى ئىقرار قىلغانلىقىدىن باشقا يەنە خاتا قىلمىشلىرىنى يازما شەكىلدە تەسۋىرلەپ ، بېرىلگەن تەربىيە ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتكەنلىكى ۋە ئىدىيىسىنىڭ «ئۆزگەرگەنلىكىنى» چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ۋە بۇ تەربىيىلەش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىگەن ، ھەمدە كونا ئادىتىگە قايتماسلىققا ۋەدە بېرىلگەن.[428] «ئاشقۇن» ئىدىيىسى بار كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا سولانغان ئەلنارا ، ئۆزىنىڭ «جىنايىتى» نى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان. ئەگەر ئىقرار قىلمىسا ، جازا ئۆيىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقى ئېيتقان.[429] ئىبراھىم ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا «ئايدا بىر قېتىم ئۆز-ئۆزىنى باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ ، سىزنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭىز ۋە ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ» دەپ ئېيتتى.[430] ئىبراھىم يەنە ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلىشى ئۈچۈن 75 تۈرلۈك جىنايەت تىزىملىكىدىن ئىككىنى تاللاشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**ئۇلار بىزگە تەخمىنەن 75 تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارنى ئۆگىتىشكە باشلىدى... بىز ئىسمىمىزنى، كىملىكلىرىمىزنى يېزىشىمىز ۋە كەم دېگەندە ئىككى جىنايەتنى تاللىشىمىز كېرەك ئىدى. قانچە كۆپ تاللىساق شۇنچە ياخشى بولاتتى... ئوقۇغىنىم شۇكى، ھاراق ئىچمەسلىك ۋە تاماكا چەكمەسلىكمۇ جىنايەت ھېسابلىناتتى. ھەمدە پاخال باغلايدىغان ئارغامچا توم بولۇپ كەتسىمۇ جىنايەت ھېسابلىناتتى. ئۆزىمىزدە بار بولغان جىنايەتلەرنى تاللىشىمىز كېرەك ئىدى. مەسىلەن: ئەگەر ئۆيىڭىزگە بىر قېتىمدىلا بەك كۆپ يېمەكلىك ئەكەلسىڭىز... ئەگەر باشقا ناھىيىدىكى مەسچىتنى زىيارەت قىلسىڭىز، بۇلارمۇ بىر جىنايەت ھېسابلىناتتى. مەن دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باشقا ناھىيىدىكى بىر مەسچىتكە بارغان ئىدىم. شۇڭا، مەن ئىككى جىنايەتنى تاللاپ، ئۇنىڭغا بارماق ئىزىمنى باستىم.**[431]

---

424 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى
425 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى
426 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى ؛
تۆۋەندىكى ماقالىغا قاراڭ: سەي چى ، يەر شارى ۋاقىت گېزىتى ، شىنجاڭدىكى ناھىيىلەر دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 تۈرلۈك شەكلىنى ئېنىقلاپ چىقتى. 2014-يىل 25-دېكابىر
www.globaltimes.cn/content/898563.shtml
427 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
428 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
429 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
430 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
431 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

بىر يىل لاگېردا تۇرغان ئانارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، يىغىۋېلىش لاگېرى سىرتىدا ياشايدىغان مەمۇرلارنىڭ سوراق قىلىشقا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇ ، بۇ مەمۇرلارنى دېلو باشقۇرغۇچىلارغا ئوخشاتقان ئىدى. ئۇ ھەمدە بۇ ئىشلارنى «ئۆزىنى باھالاش ۋە ئىقرار قىلىش» دەپ تىلغا ئالغان. تۇتقۇنلارنىڭ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشى تەلەپ قىلىنغان بۇ سوئال- سوراقلار ، ئۇلارنىڭ «ئىلگىرىلىشى» نى ئەكس ئەتتۇرگەن ۋە شۇنداقلا بۇ سوئال- سوراقلاردا دائىم ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلدۇرۇش توغرىسىدا بولغان.

**دەسلىپىدە [مەمۇرلار] جىنايىتىڭنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سىز «مەن ۋاتسئەپ دېتالى قاچىلاشنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە زىيان سالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ۋاتسئەپ مېڭەمنى كونترول قىلىۋالغان ئىدى، بۇ تەربىيەدىن كېيىن مەن ھازىر ساقايدىم. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەرگىزمۇ تېلېفۇنۇمغا ۋاتسئەپ دېتالى قاچىلىمايمەن... [مىنىڭ باشقا بىر جىنايىتىم قازاقىستانغا بېرىش] دەپ يېزىشىڭىز كېرەك ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىقرارنامىسىنى تۆۋەندىكىدەك يېزىشىم تەلەپ قىلىناتتى [مەن قازاقىستاندىكى ۋاقتىمدا ئاشقۇن ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان ئىدىم. ھازىر ساقايدىم. بىز خاتا ھالدا ئىسلام دىنىنى تاللاپ قالدۇق. بىز بۇ دىننى ئەمدى قايتا تاللىمايمىز... ]. بۇ يەردە يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ خىتايغا قاراتقان بىر- قاتار «خاتالىقلىرى» بارلىقىنى، مەسلەن، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ناماز قىلىش دېگەندەك. شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىمىزنى ۋە قايتا قىلمايدىغانلىقىمىزنى يېزىشىمىز كېرەك ئىدى.**

ئانارا ، خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىدىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزىنى باھالاش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ «سىز ئۆزىڭىزنىڭ خىتاي تىلى ئۆگىنىشىدە بەزى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭىزدىن باشقا ، بۇ ئىشلار ھەر ھەپتىدە ئوخشاش ئېلىپ بېرىلاتتى» دېدى.[432]

## ساقلىق ھوقۇقلىرى ۋە رازىلىق مەسىلىسى

خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنىڭ 12-ماددىسىدا ئەسكەرتىلگەن ساقلىق ھوقۇقى-كىشىنىڭ ئۆز ساقلىقىغا ، بەدىنىگە ئىگە چىقىش ئەركىنلىكى بىلەن قىيناش ، رازىلىقسىز تىببىي داۋالاش ياكى تىببىي تەجرىبەلەردىن خالىي بولۇش ھەقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[433] تۇرمىدىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق كىشىلەرنىڭ تىببىي داۋالاش ۋە تەجرىبىلەردىن خەۋەردار بولۇش ، رازىلىق بىلدۈرۈش ھەققى بار. دائىرىلەر بۇ كىشىلەرنىڭ ساقلىق ھوقۇقلىرىنى ئاكتىپ قوللىنىشىغا ۋە ساقلىق خىزمەتلىرىدىن مەخپىيلىك ، ئۆز ئىختىيارلىق ۋە خەۋەردار قىلىنىش پىرىنسىپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تىببىي ئەخلاقتا ئۇيغۇن شەكىلدە بەھرىمان بولالىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دائىرىلەر تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تىببىي خادىملاردىن كەسپىي ھۆكۈم ۋە تىببىي ئەخلاققا خىلاپ ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك.[434] خەۋەردار بولۇش ۋە رازىلىق بىلدۈرۈش بولسا ئىختىيارلىق ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە خەۋەردار بولغاندىن كېيىن قارار چىقىرىشنى ۋە داۋالاشنى رەت قىلىش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[435] رازىلىقسىز دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇش ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى ۋە خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[436]

خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنىڭ 12-ماددىسىدا ، قىيناش ۋە ھەر خىل خورلاشلارنى قەتئىي چەكلەشنىڭ «ھېچكىمنى ئۆز رازىلىقسىز تىببىي ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىق» پىرىنسىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.[437] ساقلىقنى ساقلاش ئورگانلىرىدا مەجبۇرى تۇغماس قىلىش ياكى مەجبۇرى بالا ئالدۇرۇشقا ئوخشاش يامان غەرەزلىك ئىشلارمۇ[438] ۋە بىرلىرىنى قەستەن تىببىي كۆتۈنۈشتىن مەھرۇم قويۇشمۇ ،[439] ئوخشاشلا خورلاش ياكى قىيناش قىلمىشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىيناشقا قارشى ئالاھىدە دوكلاتچىسى «دەخلى بېرىدىغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان تىببىي تەدبىرلەرمۇ ، شىپا مەقسىتى بولمىسا ، مۇناسىۋەتلىك كىشىنى خەۋەرلەندۈرمەي ۋە رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلسا ، قىيناش ۋە خورلاش جىنايىتى شەكىللىنىدىغانلىقىنى» ئەسكەرتكەن. بولۇپمۇ بۇ تۈر تەدبىرلىرى ، چەتكە قېقىلغان گۇرۇپپىلاردىكى ئاغرىقلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلسا كەمسىتىلىش خاھىشىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.[440] قىيناش ۋە بارلىق خورلاشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، پەقەت دۆلەت كادىرلىرىغىلا قارىتىلغان بولماستىن بەلكى يەنە دۆلەت تەۋەلىكىدىكى دوختۇرخانىلاردا ، خۇسۇسىي شىپاخانىلاردا ھەم تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان دوختۇرلار ۋە باشقا تىببىي خادىملارغىمۇ قارىتىلغان.[441]

---

432 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
433 ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلار ئومۇمىي پىكىر 14 ، §8
434 ئىستانبۇل كېلىشىمنامىسىگە قاراڭ: «دوختۇرلار خىزمەتلىرىدە خورلاش قىلمىشلىرى ، ناتوغرا داۋالاش ۋەياكى باشقا خىلدىكى بىمارلارنىڭ سالامەتلىكىگە خەۋپ كەلتۈرۈدىغان ئىشلارنى ئۆز خىزمەتلىرى داۋامىدا كۆزىتىش ۋە مەلۇم قىلىش مەجبۇرىيەتلىرى بار» ؛ كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كېڭەشى ئىشخانىسى ، قىيناش ۋە ھەر خىل خورلاش ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان كەمسىتىدىغان مۇئامىلە ۋە جازالارنىڭ جىددىي تەكشۈرۈلۈشى ۋە ئىسپات تۇرغۇزۇلۇشى ھەققىدىكى كىتابچە (ئىستانبۇل كېلىشىمنامىسى) ، HR/P/PT/8/Rev.1, para. 67.
435 ساقلىق ھوقۇقى ئالاھىدە دوكلاتچىسى ، روھىي ساغلاملىق دوكلاتى A/HRC/35/21 (2017), para 63 ؛ قىيناشقا قارشى ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ يىللىق دوكلاتى ؛ UN Doc. A7HRC/22/53 (2013) §28 .
436 كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ئومۇمىي پىكرى 35 ، §§5 ، 19
437 مېيىپلەر ئەھدىنامىسىنىڭ 15-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقىغا ؛ بىئوتېخنىكا ۋە كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى ئومۇمىي خىتابنامىسى 6-ماددىسىغا ؛ كەمسىتىشكە قارشى قوغداشنى جىددىي مەجبۇرىيەت دەپ تونىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلار مەركىزىنىڭ ئومۇمىي پىكرى 25 (2020) گە قاراڭ.
438 كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ئومۇمىي پىكرى 28 ، §11
439 ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلار ، 14. نومۇرلۇق ئومۇمىي پىكرى ، ئەڭ يۇقىرى ساغلاملىق ئۆلچىمىگە ئېرىشىش ھوقۇقى (12. ماددا) ، UN Doc. E/C.12/2000/4 (2000), para 34: «دۆلەتلەر جازا تەدبىرى سۈپىتىدە... ساقلىق خىزمەتلىرىدىن بەھرىمان بولۇشنى چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك».
440 قىيناشقا قارشى ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ يىللىق دوكلاتى ، UN Doc. A/HRC/22/53 (2013) §3.
441 قىيناشقا قارشى ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ يىللىق دوكلاتى ، UN Doc. A/HRC/22/53 (2013) §24.

## 4.4 رازىلىقسىز ئېلىپ بېرىلغان ساقلىقنى - ساقلاش خىزمەتلىرى

بارلىق سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ، رازىلىقى يوق تۇرۇپ تۇرلۇك ساغلىققا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. بۇلار ھەم يېڭى قولغا ئېلىنغاندىكى ساغلاملىق تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا ھەمدە لاگېرلاردىكى ۋاقىتلاردا تەكرارلانغان. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوكۇل ئۇرۇلغانلىقىنى ۋە قان ئېلىنغانلىقنى ئېيتتى.[442] ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، ئوكۇلنىڭ نېمىشقا ئورۇلغانلىقى ۋە قان ئۆرنەكلىرىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلار سورىغان بولسىمۇ ھېچقايسىغا چۈشەندۈرۈش بېرىلمىگەن. ئارسلاننىڭ دېيىشىچە ، ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسە ، ئۇلار - ئۇنى «ئېغىر جازا بېرىلىدىغانلار» ئارىسىغا قوشۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان.[443] بىر نەچچە كىشى ، ئۇرۇلغان ئوكۇللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ زۇكامغا قارشى ياكى باشقا تۇر ۋاكسىنىلەر ئىكەنلىكى ئېيتقان.[444]

تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوكۇللار ئەستە تۇتۇشنى ئاجىزلىتىش ياكى ئۇلارنى تۇغماس قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇلغان دەپ قارايدۇ.[445] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ گۇمانلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن نەق دەلىل يوق.

ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە تۇتقۇنلارغا ۋاكسىن ئەملەشنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە بايانلار بولسىمۇ ، بەزى تۇتقۇنلارنىڭ دېگىنىدەك ئوكۇل ئۇرۇلۇش قېتىم سانىنىڭ كۆپ بولىشى گۇمان تۇغدۇرىدۇ.[446] بۇرۇنقى تۇتقۇنلاردىن بىر نەچچىسى - ئۇلارغا ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئوكۇل ئۇرۇلغانلىقىنى ۋە دورا بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئابزال: «[ئوكۇلنىڭ قانچە كۈندە بىر قېتىم ئۇرۇلغانلىقى] ئېنىق ئېسىمدە يوق ئەمما تەخمىنەن 15-10 كۈندە بىر قېتىم ئۇرۇلاتتى» دەپ ئېيتتى.[447] مەريەمگۈل كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىدە «لاگېردا قەرەللىك ھالدا دورا بېرەتتى. بەزىدە 3-2 ھەپتىدە بىر قېتىم بېرەتتى. يا قېپى ، يا چۈشەندۈرۈشى يوقتى ، نېمە دورا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۆك رەڭلىك دورىلار ئىدى. دورا ھەممەيلەنگە بېرىلەتتى... بۇ دورىلارنىڭ بالىلىق بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دېدى.[448]

سابىق تۇتقۇنلار ، ئۆزلىرىگە ئوكۇل ئورۇلغاندىن كېيىن «راھەت» ۋە مەستەك ھېس قىلغانلىقىنى ئەسكەرتتى.[449] پاتىگۇل كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، «[لاگېرغا قاملىشتىن ئاۋۋال] ھەممىمىزگە ئوكۇل ئۇرۇلدى ۋە بۇنىڭ زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى دېگەنىدى. نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن بۇ زۇكام ۋاكسىنىسىدىن كېيىن كىشىلەر خوشال بولۇپ قالاتتى» دېدى.[450] نۇرغۇنلىغان مۇخبىرلارمۇ تۇتقۇنلارغا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بېرىلمەستىن تەكرار - تەكرار ئوكۇل ئورۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر بەرگەن ئىدى.[451]

كۆپ ساندىكى سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ، لاگېرلاردىكى ۋاقىتلىرىدا كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقى ۋە بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلدى. كۆپىنچىسى ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمەتلىرىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكى ، بىرمۇنچىسى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلىقنى ئېيتىشتى.[452] يەنە كۆپىنچە كىشىلەر لاگېردىن چىققاندىن كېيىن ، ئاغرىقتىن ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرالمىغانلىقنى بايان قىلىشتى.[453] بەزى كىشىلەر لاگېردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئۇلاردا ئۇنتۇغاقلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق مەسىلىلىرىنىڭ داۋام قىلغانلىقنى ئېيتتى.[454] بىر قىسىم كىشىلەر ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىنى ئېيتتى. ئالىخان «كامېرلاردا ھەر كۈن 24 سائەت توك يېنىق تۇرىدۇ ، ئەمما كىتاب ئوقۇغىلى بولىدىغان دەرىجىدە يورۇق ئەمەس [ئەمما بىزنىڭ ماتېرىيال ئوقۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ]. بۇ كۆرۈش قۇۋۋىتىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى» دېدى.[455] سابىق تۇتقۇن ئەرلەرنىڭ بەزىلىرى لاگېردىن چىققاندىن كېيىن جىنسىي ئالاقە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقالغانلىقنى ئېيتتى.[456]

### `دوختۇرخانىلار ` دىكى تۇتقۇنلار

سابىق تۆت نەپەر تۇتقۇنلار ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزلىرىنىڭ رەسمى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئەمەس ، كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى دوختۇرخانىدا تۇتقۇندا ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىشتى.[457] بۇلاردىن ئۈچى ياشانغانلار بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت دوختۇرخانا بالىنتىسىدا تۇتۇلۇپ تۇرۇلغانلىقىنى ، ئۇلارغا خىتايچە ئۆگىنىدىغانلىقنى ئېيتىلغان بولسىمۇ ، ئايلەرچە بىكارغا ساقلىغانلىقىنى بايان قىلىشتى.

---

442 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
443 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
444 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
445 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
446 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
447 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
448 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
449 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
450 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
451 ب ب س خەۋىرى «خىتاينىڭ لاگېرلىرىدا قامالغان قازاق مۇسۇلمانلار» 2020.01.15 www.bbc.com/news/av/world-asia-51097159; فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى ، «خىتاي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى تۇغماسلاشتۇرىدۇ ، دوكلاتتا «ئۇيغۇرلارغا توغۇت چەكلەش يۇرگۇزۇلىۋاتىدۇ ۋە نورمىدىن ئارتۇق تۇغقانلار جازالاندۇرۇلىدۇ» دېيىلگەن. 2020.6.29 ، www.theguardian.com/world/2020/jun/29/china-sterilising-ethnic-minority-women-in-xinjiang-report-says
452 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
453 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
454 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
455 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
456 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
457 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ياشىنىپ قالغان بىر ئايال ئەراسىل ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، تۇتۇلغان ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىر بالنىستا ، ھېچقايسىسىنىڭ كارىدورىغىمۇ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان ھالدا ، باشقا ياشانغان ئاياللار بىلەن قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بايان قىلدى.

**بىر يازنى پۈتۈنلەي دوختۇرخانىدا ئۆتكۈزدۈم... نورمال بىر دوختۇرخانىنىڭ ئەڭ ئۈست قەۋىتى ئىدى ئەمما باشقا قەۋەتلەرگە ئۆتكىلى بولمايدىغان قىلىۋېتىلگەن، دېرىزىلەرمۇ رېشاتكا بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. پەقەت دوختۇرلارلا كىرىپ چىقالايتتى... مەن بىر بالنىستا ئالتە ياشانغان ئاياللار بىلەن بىللە قامالغان ئىدىم... بالنىستىن سىرتقا چىقىشىمىزغا رۇخسەت بېرىلمەيتتى... بىز بىر كۈننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ياتاقتا كارۋىتىمىزدە ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتۇق... دەرسلىرىمىز بار ئىدى، ئەمما مېنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىم ناچار بولغاچقا، ئۇلار مېنى بەك زورلاپ كەتمىدى. ئۇلار پەقەت ئىسمىمنى خىتايچە يېزىشىمنى تەلەپ قىلدى... ھەمدە ھەممىمىزنى قىزىل ناخشا ئۆگىنىشكە ۋە ئېيتىشقا مەجبۇرلىدى.**[458]

ياشىنىپ قالغان ئايال رەھىمەمۇ ئوخشاشلا دوختۇرخانا بالنىتسىدا باشقا ئاياللار بىلەن بىرگە بىر نەچچە ئاي تۇتۇپ تۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

**[ئەتىگىنى قوپۇپ ياتىقىمىزدا ناشتىلىق قىلاتتۇق. بىزگە قەغەز ۋە كىتابلار بېرىلەتتى. مەن كىتاب ئوقۇۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم ئەمما ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتىم. بىز ھەر كۈنىمىزنى ئۆگىنىۋاتقان بىر قىياپەتتە ئۆتكۈزەتتۇق. ئاندىن كېيىن بىز تامىقىمىزنى يەپ ئۇخلايتتۇق. ئۇلار بىزگە قىزىل ناخشىلارنى ئۆگەتتى. بىزنى خىتايچە خەتلەرنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايتتى. بىزنىڭ سىرتقا چىقىشىمىزغا رۇخسەت بېرىلمەيتتى. بىز قويۇپ بېرىلىشىمىزنىلا ئارزۇ قىلاتتۇق. ئۇلار بىزگە پەقەت ھاجەتخانىغا بېرىپ كېلىشىمىزگىلا رۇخسەت بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلىرىمىز پۈتۈنلەي ياتاقتا ئۆتەتتى.**[459]

ئائىلىسىدىن 70 ياشلىق بىرى دوختۇرخانىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە ئۇنى يوقلاپ بارغان بىر كىشى ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «ئۇ دوختۇرخانا خۇددى بىر تۈرمىگە ئوخشايتتى. (دەسلەپتە) پاچاقلىرى (تۇغقىنىمنىڭ) ئەدىيال بىلەن يۆگەلگەنىدى... ئەمما كېيىنچە ئۇنىڭ پۇتىنىڭ زەنجىر بىلەن كارىۋاتقا باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇم. ئۇنى پاچاقلىرى باغلانغان ھالەتتە كۆرۈش بەك ئازابلىق ئىدى».[460]

## `تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش `

يىغىنچاقلىغاندا ، بۇ دوكلاتتا بايان قىلىنغان ۋە خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتالغان تۇتۇپ تۇرۇش ۋە «تەربىيىلەش» تۈزۈمى ، ھەم تۇتقۇنلارنى بەزى يورۇش تۇرۇشلىرى ئۈچۈن جازالاندۇرىدىغان ھەم ئۇلارنى قايتا شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ، «نورمال» جەمئىيەت ئەزاسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ «ئەسلىگە كەلتۈرۈش» كە ئېلىپ بارىدىغان تۇتۇپ تۇرۇش خاراكتېرىدىكى بىر سىستېمىدۇر. بۇ سىستېمىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى ، نەچچە ئون يىلدىن بېرى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان خىتاي جازا تەدبىرلىرىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان. سابىق تۇتقۇنلار بايان قىلغان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ، باشقا تۇتۇپ تۇرۇش سىستېمىلىرىدا كەڭ-كۆلەمدە قوللىنىلىۋاتقان قىلمىشلاردۇر.

خىتايدا ، سىياسىي جەھەتتە «ئىشەنچسىز» ياكى ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەھدىت دەپ قارالغان شەخس ياكى گۇرۇپپىلارنى مەجبۇرىي قايتا تەربىيىلەشنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرى 1949-يىلدىن باشلاپلا مەۋجۇت ئىدى. 1950-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ، «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتالغان يېڭى بىر تۇتۇپ تۇرۇپ قايتا تەربىيىلەش سىستېمىسى «ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار» ۋە «ئوڭچىلا» نى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانىدى. 80- يىللاردا ، بۇ سىستېمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ، پاھىشىۋازلىق ۋە قىمارغا ئوخشاش يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتىلغان.[461]

---

458 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
459 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
460 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
461 فۇ خۇلىڭ ، «ئەمگەك ئارقىلىق قايتا تەربىيىلەشنىڭ تارىخىي نۇقتىدىن ئانالىزى» ، خىتاي پەسىللىك ژۇرنىلى 184 (2005): 811-30-بەتلەر www.jstor.org/stable/20192540?seq=1

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ، ساقچىلار تەرىپىدىن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن يېنىك دەپ قارالغان ، كۆپ كۆرۈلىدىغان ھەرخىل قانۇنسىز قىلمىشلارغا قارىتا كىشىلەرنى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە (بىر يىل ئۇزارتىلىش ئېھتىماللىقى بار) ، سوتلىماي تۇرۇپلا قاماپ قويۇلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. مىليونلىغان كىشىلەر تۈرمىلەردىن پەرقلەنمەيدىغان ، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ناچارراق شارائىتلاردا قاماپ قويۇلدى. سىستېمىلاشتۇرۇلغان بەلگىلىمە ۋە رەسمىي ئىسپات ئاڭلاش جەريانلىرى ، بۇ ئورگانغا خۇددى قانۇنلۇقتەك بىر كۆرۈنۈش شەكىللەندۇرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئەدلىيە سوتىنىڭ ياكى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا قانۇنىي ۋەكىللىك ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقى ، بۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەركەزلىرىدە ، كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىشىنىڭ خەلقئارا قانۇن بويىچە بىۋاسىتە خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش دەپ قارىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ھەممىشە رەھىمسىزچە ۋە نومۇسسىزچە ئىجرا قىلىندى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەركەزلىرى مەجبۇرىي ئەمگەك ، قىيناش ۋە باشقا خورلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىنىدىغان قىلمىشلار يۈز بېرىدىغان ئورۇنلاردۇر.[462]

گەرچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەركەزلىرى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان يەرلىك دائىرىلەرنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش قورالىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋەدىلىرىگە زىت بولىشى ، ئۇنى خىتاي قانۇن ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ تەنقىت ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. قانۇن ئىسلاھاتچىلىرى 2013-يىلى 12-ئايدا دائىرىلەرنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئۇزلىرىنىڭ غەلىبىسى دەپ بىلگەن بولسىمۇ ئەمما بۇ سىستېما خىتايدا شەخسلەرنى «تەربىيىلەش» نامىدا ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش ئادىتى بولۇپ ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئۆزۈن مۇددەت داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەسىلەن ، 2013- يىلدىن ئىلگىرى ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا دائىرىلەر «قانۇن تەربىيىسى سىنىپى» نامى بىلەن كىشىلەرنى نەچچە ئاي تۇتۇپ تۇرغان. شىنجاڭدا قىلغانلىرىغا ئوخشاش (فالۇنگۇڭچىلارغا قارشى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەركەزلىرىدىكىدەك كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن) بۇ تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە «دەرس» ياكى «تەربىيىلەش» ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىشقان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ، بۇ مەركەزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلىشىنى ياكى شەخسلەرنىڭ ئۇ يەردە قانداق ۋە نېمە ئاساسلار بىلەن قامالغانلىقىنى چۈشەندۇرىدىغان ئېنىق بەلگىلىمە ، قانۇن ۋەياكى باشقا ئاممىۋى كۆرسەتمىلىرنى ئوتتۇرىغا چىقارماستىن ئىجرالىرىنى داۋام قىلىۋەرگەن.[463]

شىنجاڭدىكى لاگېرلارغا بىۋاسىتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2017-يىلى 29-مارت يولغا قويغان «ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش نىزامى» نىڭ 14-ماددىسىنى ئاساس قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ بەلگىلىمىدە «تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش» نىڭ بىر قانچە تەركىبلىرى يۈزەكى ھالدا ئىجابىي بايان قىلىنىدۇ:

**ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش ئۈچۈن مائارىپ ئارقىلىق ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ شەخسىي مائارىپ بىلەن كەسپىي تەربىيىلەش مەركەزلىرى مائارىپىنى؛ قانۇن تەربىيىسى بىلەن «ياردەم ۋە تەربىيە» خىزمىتىنى؛ ئىدېئولوگىيە تەربىيىسى، پسىخىكىلىق مەسلىھەت ۋە يوروش تۇرۇشنى ئۆزگەرتىش بىلەن دۆلەتنىڭ ئۆلچەملىك تىل-يېزىقى، قانۇن ۋە تېخنىكا ئۆگىنىشنى؛ تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش بىلەن ئىنسانىي غەمخورلۇقى بىرلەشتۈرۈپ، تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.**

قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ، بۇ بەلگىلىمە خىتاي قانۇنلىرى بويىچە بولغاندىمۇ ، ئىنسانلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. خىتاينىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنىنىڭ 7-ماددىسىدا ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش پەقەت دۆلەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قانۇنلار ئاساسىدىلا مۇمكىن بولالايدۇ ، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گەرچە بۇ بەلگىلىمىدە تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ 29-ماددىسىدىكى ھوقۇق بېرىلگەن «ياردەم ۋە تەربىيە» نىڭ بىر خىل شەكلى دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما شىنجاڭدىكى تەربىيىلەش مەركەزلىرى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ئالاقدار ئەركىنلىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىش قىلمىشلىرىنى كۆرۈنۈشتە «ياردەم ۋە تەربىيە» خىزمىتى دائىرىسىدىكى جەمئىيەتنى ئاساس قىلغان تەربىيىلەش ، كۆزىتىش ۋە قوللاشقا باغلاپ ئاقلاشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.[464]

462 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «خىتاينىڭ ئەمگەك ئارقىلىق قايتا تەربىيىلەشنى بىكار قىلىشى `دورىسىنى ئالماشتۇرماي شورپىسىنى ئالماشتۇرغانلىقمۇ ؟ `» 2013- يىل 12- ئاينىڭ 17- كۈنى ، www.amnesty.org/download/Documents/12000/asa170422013en.pdf

463 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «خىتاينىڭ ئەمگەك ئارقىلىق قايتا تەربىيىلەشنى بىكار قىلىشى `دورىسىنى ئالماشتۇرماي شورپىسىنى ئالماشتۇرغانلىقمۇ ؟ `» 2013- يىل 12- ئاينىڭ 17- كۈنى ، www.amnesty.org/download/Documents/12000/asa170422013en.pdf

464 ساراھ بىدۇلف ، «خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش» ، بىدولف ۋە ج. روسېنزۋېيگنىڭ تەھرىرلىكدىكى خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوللانمىسى ، ئەنگلىيە ، ئېدۋارد ئېلگار نەشرىياتى ، 384-385-بەتلەر.



ئۆتقۈنلار كامېر بىناسىدىن سىنىپقا بېرىش ئۈچۈن، سىم تورلار بىلەن قورشالغان (قەپەسكە ئوخشاش) تار بىر كارىدوردىن ئۆتىدۇ.



# 5 يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى قىيناش

«ئۇ 11 تال باغلىنىش ئۇقتىسى بولغان بىر مېتال زەنجىر ئىدى. ئىككى ئۇچى بولتا بىلەن پۇتۇمغا ئورنىتىلغان ئىدى. [ئېغىرلىقى تەخمىنەن] 3 كىلوگىرام كېلەتتى. بىز ئارىلىقى 20 سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن بىر قانچە قەدەم كۆپ باسالايتتۇق. مېنىڭ مېڭىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ مېتال زەنجىر 7 كۈن ۋە 24 سائەت ھەر ۋاقىت پۇتۇمغا سېلىقلىق تۇراتتى».

بارۇزخان لاگېردا تۇرغان تۇنجى يىلى ئۇنىڭ پۇتى كىشەنلەنگەن.

## خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى قىيناش ۋە باشقا شەكىللەردىكى خورلاشلار ھەققىدە

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان كىشىلەرگە ئىنسانىي ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش قانۇنىي مەجبۇرىيىتى بار.[465] بۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن، قىيىن-قىستاق ۋە باشقا رەھىمسىز، نائىنسانىي ياكى پەسكەش مۇئامىلىلەر ۋە جازالار پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنىدۇ ۋە بۇ قىلمىشلارنى ھەر قانداق ئەھۋالدا يوللۇق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى 5-ماددىسىدا ۋە پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسىنىڭ 7-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن بۇ چەكلەش، خەلقئارالىق قانۇنىنىڭ بويسۇنىدىغان قائىدىسىگە ئايلاندى. ناۋادا دۆلەتلەر بۇ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامىلىرىنى تەستىقلىمىغان تەقدىردىمۇ، ھۆكۈمەتلەرنى چەكلەش كۈچىگە ئىگە. ئۇ ھېچقانداق شۈبھىلىنىشكە ۋە كەمستىشكە يول قويۇلمايدىغان مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك قانۇن ئۆلچەمدۇر.[466] ھەممە بۇ خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى قىيناش ۋە باشقا شەكىللەردىكى خورلاشلارنى پەقەتلا چەكلەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. دۆلەتلەر چوقۇم بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كىشىلەرنى بۇ خىل خورلاشتىن ساقلاش ۋە بۇ قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.[467] بەزى ئەھۋاللاردا، قىيناش جىنايىتى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ھېسابلىنىدۇ (7-بابقا قاراڭ). بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قىيناش، خورلاش، رەھىمسىزلەرچە نائىنسانىي مۇئامىلىلەر ۋە جازالاش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى خىتاي دۆلىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، قانۇنلۇق بىر دۆلەت سۈپىتىدە بويسۇنۇشنى ۋە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ب د ت نىڭ مەخسۇس قىيناش ۋە باشقا خورلاش قىلمىشلىرىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەھدىنامەدۇر.[468] قىيناش، خورلاش، رەھىمسىزلەرچە نائىنسانىي مۇئامىلىلەر ۋە جازالاش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىنىڭ 1-ماددىسىدا قىيناش (تەن جازاسى بېرىش) قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلايدۇ:

**جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن بولسۇن، قاتتىق ئازاب ياكى ئازاب-ئوقۇبەتلەر كىشىگە مەقسەتلىك ھالدا قىلىنغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ياكى ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئىقرار قىلدۇرۇش، ئۇ ياكى ئۈچىنچى كىشى سادىر قىلغان قىلمىش ئۈچۈن جازالاش، ئۇنى ياكى ئۈچىنچى كىشىنى جىنايەت سادىر قىلغان دەپ گۇمان قىلىش، ياكى ھەر قانداق سەۋەب بىلەن كەمستىشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنى ياكى ئۈچىنچى كىشىنى قورقۇتۇش ياكى زورلاش قاتارلىق قىلمىشلار. بۇ خىل ئازاب ياكى قىيناشلار ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن ياكى رەسمىي سالاھىيەت بىلەن ئىشلەيدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ رازىلىقى ياكى ماقۇللىقى بىلەن**

---

465 ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى 10-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقىغا قاراڭ. 1991-يىلى 28-مارت ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان قارار، مەھبۇسلارنى داۋالاشنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى. A/RES/45/111 www.refworld.org/docid/48abd5740.html

466 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى تۇرۇش: ھەرىكەت قوللانمىسى. (كۆرسەتكۈچ: POL 30/4036/2016) 45-61-بەتلەر، www.amnesty.org/download/Documents/POL3040362016ENGLISH.PDF

467 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى تۇرۇش: ھەرىكەت قوللانمىسى. (كۆرسەتكۈچ: POL 30/4036/2016)، 45-61-بەتلەر، 3-بۆلۈم www.amnesty.org/download/Documents/POL3040362016ENGLISH.PDF

468 قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا ئوخشىمايدىغىنى، «قەبىھ، رەھىمسىزلىك، نائىنسانىي مۇئامىلىلەر ۋە جازالاش قىلمىشلىرى»غا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى خەلقئارا شەرتنامىلەردە ئېنىق بېكىتىلمىگەن. بۇ جۈملە ئەسلى ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە بار بولۇپ، قىيناش، خورلاش، رەھىمسىزلەرچە نائىنسانىي مۇئامىلىلەر ۋە جازالاش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا ئۆزگەرتىلمەي ئۆزلەشتۈرۈلگەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇ ھەقتە پرىنسىپ بويىچە مۇنداق دەپ قارايدۇ «[ئۇ] رەھىمسىز، نائىنسانىي، پەسكەش مۇئامىلە ياكى جازالاش قىلمىشلىرىنى ئىزاھلىشى ۋە ئۇنى مۇمكىن قەدەر مەزكۇر خورلاش قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ». خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى خەلقئارا ۋە رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇقنى نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ نۇرغۇن قانۇنشۇناسلىق ئىلمىگە ماس ھالدا، رەھىمسىزلەرچە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياكى پەسكەش مۇئامىلىلەرنى ياكى جازالارنى، قىيناشلارنى سەلبىي تەسۋىرلەشكە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنى، «قىيىن-قىستاققا ئېلىنمايدىغان» ناچار مۇئامىلىگە ئوخشاش. پەقەتلا تەن جازاسىدىن كۆرە، جازالاش قىلمىشلىرى ۋە ھەر قانداق شەكىلدىكى خورلاش ۋە ناچار مۇئامىلىلەر ئۆز نۆۋىتىدە قەبىھ، تۈرلۈك شەكىلدىكى نائىنسانىي خورلاش ياكى جازالاش قىلمىشلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ ئەگەر ئۇنىڭدا 1) تەلەپ قىلىنغان نىشانى كەمچىل بولسا. 2) مەقسەت ئېنىق بولمىسا (يەنى كەمستىلىش)، 3) شۇ سەۋەپتىن تارتىلغان ئازاب ۋە ئوقۇبەت «ئېغىر» دەپ قارالمىسا. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى تۇرۇش: ھەرىكەت قوللانمىسى. (كۆرسەتكۈچ: POL 30/4036/2016)، 74-75 بەتلەر.

**كۆشكۆرتىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ پەقەت ساقلىنىشتىن قېيىن بولغان ياكى تەبئىي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قانۇنىي جازا بېرىشكە خاس بولغان ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.**[469]

پسىخولوگىيىلىك ياكى روھىي جەھەتتىكى زىيان زەخمەت ، جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلانغانغا ئوخشاش قىيناشنى شەكىللەندۇردۇ. سوت مەھكىمىسى ، قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشنىڭ زوراۋۇر فىزىكىلىق ئېلېمىنتىنىڭ يوقلىقىنى تونۇپ يەتتى.[470] پسىخكىلىق قىيناش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- يالغۇز قالدۇرۇش
- تەھدىت
- خورلاش
- قورقۇتۇش
- ئۇيقۇ ياكى سەزگۈرلۈكتىن مەھرۇم قالدۇرۇش
- ئالاقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش
- توختىماي نۇر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش
- چەكلەنگەن زىيارەت ۋاقتى
- باشقىلارنىڭ قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىغا شاھىت بولۇش

تۇتقۇنلارغا قارىتا ئۇلارنىڭ ئۆز مۇھىتىغا بولغان كونتروللۇقىنى يوقىتىۋېتىشقا ئۇرۇنۇش (يەنى «كۆندۈرۈلگەن چارىسىزلىقنى» يارىتىش) - بۇ قىلمىشلارمۇ تەن جازاسى بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلقئارا قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغانلارغا مۇئامىلە قىلىش قاتتىق قېلىپلاشقان.[471] قىيناش ۋە باشقا شەكىللەردىكى خورلاشلارنى چەكلەش ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا تەن جازاسىنىڭ چەكلىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[472] زوراۋۇر تېپىلغاندا ۋە ئېرىشكىلى بولىدىغان قانۇنلۇق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈنلا ، كۈچ قوللىنىشنى پەقەت تۇتۇپ تۇرۇش تەرتىپلىرىدە ئىشلىتىش كېرەك.[473]

چەكلەنگەن سوراق قىلىش تېخنىكىسى ، بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىغا بېسىم قىلىش ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئىنتايىن راھەتسىز ھالەتتە تۇرغۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[474] كۆزنى ئېتىش ۋە بېشىغا خالتا كىيدۈرۈش شۇنىڭدەك ئۇزۇن مۇددەت ئۇيقۇسىز قويۇش ، تەھدىت سېلىش (قىيناش ۋە ئۆلۈم تەھدىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ، سوغۇق ھاۋادا قاماقتىكىلەرنى توڭلاتقۇزۇش ، توكقا سوقتۇرۇش ۋە ئۇرۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش قىلمىشلار چەكلىنىشى كېرەك.[475] يەنە باشقا شەكىللەردىكى مەجبۇرلاش قىلمىشلىرىنى يەنى خۇسۇسىي ، مەدەنىيەت ياكى دىنىي سەزگۈرلىكىگە دەخلى تەرز قىلىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن سوراق قىلىش تېخنىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[476] ئۇزۇن مۇددەت سىرت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ۋە مەخپىي تۇتۇپ تۇرۇش ، قىيناش ۋە باشقا شەكىللەردىكى خورلاشلار ، خەلقئارا قانۇندىكى چەكلەش بۇيرۇقىغا خىلاپ بولۇپ ، بۇ خىلدىكى جازا شەكىللىرىمۇ مەنئى قىلىنىدۇ.[477]

تۇتقۇنلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىشتا قوللۇنىلىدىغان باشقا ئۇسۇللار ، يەنى كىيىم-كېچەك ياكى تازىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بەرمەسلىك ، كامېردا چىراغنى ئۆچۈرمەسلىك ۋە سەزگۈرلىكتىن مەھرۇم قويۇش قاتارلىق قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[478] قەستەن باشقىلارنى يېمەكلىك ، سۇ ياكى داۋالاشتىن مەھرۇم قىلىشمۇ قىيناش قىلمىشنى شەكىللەندۇردۇ.[479]

قىيناش ياكى باشقا شەكىللەردىكى خورلاشلار ئارقىلىق «ئىقرار» قىلدۇرۇش ، ئېغىر بولغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولۇپ ، قىيىن-قىستاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چەكلەشنىڭ - دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنىي چەكلىمىلەرنى خەلقئارا قانۇن ۋە ئۆلچەمگە ، بولۇپمۇ قىيناشقا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھدىنامىسىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك ، بولۇپمۇ تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا رىئايە قىلىش كېرەك. قىيىن-قىستاق ياكى باشقا مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىسپاتلارنى ، قىيناش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن كىشىگە قارىتا ئىشلەتكەندىن باشقا ، ھەرقانداق دەۋادا دەلىل-ئىسپات سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى ب د ت نىڭ مەھبۇسلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى (نېلسون ماندېلا قائىدىسى) دە رۇخسەت قىلىنغان چەكلەش ئۇسۇللىرى پەقەت قاتتىق زوراۋۇر بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا ، شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش ياكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

469 ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى ۋە باشقا رەھىمسىز ، نائىنسانىي ياكى پەسكەش مۇئامىلە ياكى جازالار ، 1984-يىل 10-دېكابىر. ئاستىدىكى تور بەتتىن كۆرۈڭ: www.refworld.org/docid/3ae6b3a94.html

470 خېرنان رېيېسنىڭ «قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارالىق ئوبزورىغا قاراڭ: «كۆڭۈلدىكى ئەڭ ئېغىر جاراھەتلەر: پسىخكىلىق قىيناش» ، 2007-يىل سېنتەبىر www.icrc.org/en/doc/assets/files/other/irrc-867-reyes.pdf

471 ب د ت ۋە باشقا ھۆكۈمەتلەر كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامىسىدىكى مەزمۇنلارنى تۈزگەندىن باشقا ، كۆپ يىللاردىن بۇيان تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتى ، نېلسون ماندېلا قائىدىسى ۋە بانكوك قائىدىسى قاتارلىق ئەتراپلىق ئۆلچەملەرنىمۇ تۈزدى.

472 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى تۇرۇش: ھەرىكەت قوللانمىسى. (كۆرسەتكۈچ: POL 30/4036/2016) ، 88-84-بەتلەر ، www.amnesty.org/download/Documents/POL3040362016ENGLISH.PDF

473 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى تۇرۇش: ھەرىكەت قوللانمىسى. (كۆرسەتكۈچ: POL 30/4036/2016) ، 5-بۆلۈم ، www.amnesty.org/download/Documents/POL3040362016ENGLISH.PDF

474 ب د ت نىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى: (CAT) خۇلاسە ۋە تەۋسىيە ،ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى. 2006- يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى ، CAT / C / USA / CO / 2 ئاستىدىكى تور بەتتىن كۆرۈڭ: www.refworld.org/docid/453776c60.html

475 ب د ت نىڭ قىيناش ھەققىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ دوكلاتىغا قاراڭ ، ئۆلچىمى ، 12-ئومۇمىي دوكلات 38§ 15 (2002) CPT Standards, CPT/Inf ;(f)39§ (2001) A/56/156

476 ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ، گۇەنتانامو قولتۇقىدىكى قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئەھۋالى ، 60- پاراگراف. 2006- يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى ،E / CN.4 / 2006/120 www.refworld.org/docid/45377b0b0.html

477 ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ، ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ مەخپىي تۇتۇپ تۇرۇشقا ئائىت قىيىن-قىستاق ۋە باشقا رەھىمسىز ، نائىنسانىي ياكى پەسكەش مۇئامىلە ۋە جازالار توغرىسىدىكى بىرلەشمە تەتقىقات دوكلاتى ، ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە تەشەببۇس قىلىش ھەم تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا ، كىشىلىك ھوقۇق ۋە توپ ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى دوكلاتى ، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارسىز غايىب قىلىۋېتىشكە ئائىت خىزمەت گۇرۇپپىسى. 2010-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى ، كۈنى ، 27-28 پاراگرافلار A/HRC/13/42 www.refworld.org/docid/4bbef04d2.html

478 دېلو 1998 ,11.182 ,Asencios Lindo et al v Peru, hrlibrary.umn.edu/cases/1998/peru53-98.html

479 ن.رودلېي ۋە م.پوللارد: «قىيناشنى جىنايەتلەشتۇرۇش: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قىيناش ۋە باشقا رەھىمسىزلەرچە ، نائىنسانىي ياكى پەسكەش مۇئامىلىگە ياكى جازاغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى» ، ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ئوبزورى (2006) 120- بەت.

ياكى يۆتكەش جەريانىدا ، قېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ھالدا قوللىنىلىشى ئەمما بۇ ئۇسۇللارنى جازالاش سۈپىتىدە ئىشلەتمەسلىكى كېرەك.[480] بۇ قائىدە-تۈزۈملەر يەنە زەنجىر ياكى كىشەنلەر ئىشلىتىشنى ياكى باشقا شەكىلدىكى چەكلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشنى مەنئى قىلىدۇ.[481]

قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇلغانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان شارائىتتا تۇتۇپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە قىستاڭچىلىق ، ئىسسىق ياكى سوغۇق كامېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار چوقۇم چېنىقىش ، كۆڭۈل ئېچىش ، دىنىي ۋە باشقا پائالىيەت ۋە ئەسلىھەلىرىدىن ، ھەم تەبئىي يورۇقلۇق ۋە ساپ ھاۋادىن بەھرىمان بولۇشى كېرەك.[482] «ماندېلا قائىدىسى» نىڭ 44 - قائىدىسى ، يالغۇز كىشىلىك قاماش «مەھبۇسلارنى ئىنسانلار بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلگەن ھالدا كۈندە 22 سائەت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاقىت قاماپ قويۇش» دەپ ئېنىقلىما بەردى. خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ئاساسلانغاندا ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە ، جازالاش سۈپىتىدە چەكلىمە قوللىنىش قىلمىشلىرىنى ، بولۇپمۇ مەھبۇسلارنى يالغۇز قاماپ قويۇشنى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىدۇ.[483] قوللىنىلىشىنىڭ كونكرېت سەۋەبى ، شارائىتى ، مۇددىتى ، تەسىرى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا ئاساسەن ، يالغۇز سولاپ قويۇش قىيىن-قىستاق ياكى باشقا شەكىلدىكى خورلاشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.[484]

گەرچە 1988-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى قىيناش ، خورلاش ، رەھىمسىزلەرچە نائىنسانىي مۇئامىلىلەر ۋە جازالاش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىنى (CAT) تەستىقلىغان بولسىمۇ ، ئەمما دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلارنى شەرتنامىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن بىردەك ماسلاشتۇرالمىدى. ب د ت مۇتەخەسسىسلەر ئورگىنى تەن جازاسى بېرىلىشكە قارشى تۇرۇش كومىتېتى بۇ كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئورۇن بولۇپ ، خىتايدىكى مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەرگە قارىتا ئەندىشىسىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- تەن جازاسى بېرىلىش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغان خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ؛
- كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قىيىن-قىستاق ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر ؛
- دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلاردا قىيناش ، خورلاش ، رەھىمسىزلەرچە نائىنسانىي مۇئامىلىلەر ۋە جازالاش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا ماس كېلىدىغان تەن جازاسى بېرىلىش ئېنىقلىمىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى ؛
- قىيىن-قىستاق ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر ئارقىلىق ئېلىنغان ئىسپاتلارنىڭ سوتتا ئىشلىتىشنى ئۈنۈملۈك چەكلىمەسلىك ؛
- سوتچىلار ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىشىنىڭ كەمچىل بولىشى ؛[485]

# 1.5 يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ھەر بىر سابىق تۇتقۇن قىيىن- قىستاققا ئېلىنغان ياكى باشقا رەھىمسىز ، نائىنسانىي ، پەسكەش مۇئامىلىگە ياكى باشقا جازالارغا ئۇچرىغان (بۇ دوكلاتتا قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ). قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر لاگېرلاردىكى ھاياتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، تۇتقۇنلارنىڭ لاگېردىكى قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە ئۇچراش كەچۈرمىشلىرى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى تۈر بولسا ، لاگېرلاردىكى تۇتقۇنلار كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن جىسمانىي ۋە روھى جەھەتتىن (يەنى روھىي ياكى پسىخولوگىيىلىك) قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- ھەر كۈنى سائەتلەرچە ئولتۇرغۇزۇش ، تىزلاندۇرۇش ياكى بەدەننىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا بېسىم چۈشۈرۈپ ، ئورنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇش.
- ئۇيقۇسىزلىق ۋە
- يېمەكلىك ، سۇ ، چېنىقىش ، ساقلىقنى ساقلاش ، تازىلىق ۋە تازىلىق شارائىتى ، ساپ ھاۋا ۋە تەبئىي يورۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى.

قارشى تەرەپتىكى بەت: بىر تۇتقۇن يولۋاس ئورۇندۇقتا باغلاقلىق ھالدا لاگېر قوغدىغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇلماقتا.

بۇ تۈر يەنە ھەر خىل پسىخكىلىق خورلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ئۇلار:

- ئېغىر جازالىنىش تەھدىتى ئاستىدىكى «قايتا تەربىيىلەش» ؛
- تۇتۇپ تۇرۇلۇشنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەسلىك ؛

480 نېلسون ماندېلا قائىدىلىرى ، 43 (2) ، 47-قائىدىلەر. ب د ت نىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى ، ب د ت نىڭ ئەڭ تۆۋەن رىئايە قىلىش قائىدىسى ، ماقالە ، 36 ۋە 37 گە قاراڭ. («بۇ تەدبىرلەرنى تۇتقۇننى كونترول قىلىشتىكى باشقا چارىلەر مەغلۇپ بولغاندا ۋە ئەڭ ئاخىرقى ۋاستە سۈپىتىدە ئەڭ قىسقا مۇددەتتە ، ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ ئىشلىتىش ۋەياكى ئامال بار ئىشلەتمەسلىك كېرەك. باغلاپ ، ھەركە قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇشنى پەقەت ئاخىرقى چارە قىلىپ ، شەخس ياكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك»). خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى تۇرۇش: ھەرىكەت قوللانمىسى. (كۆرسەتكۈچ: POL 30/4036/2016) 58-57- بەتلەر ، 3- بۆلۈم www.amnesty.org/download/Documents/POL3040362016ENGLISH.PDF
روبېن ئارىلى كۆرسەتمىسى ، 2018- يىلى: www.achpr.org/public/Document/file/Any/rig_practical_use_book.pdf

481 ئۆلچەملىك ئەڭ تۆۋەن قائىدىنىڭ 47 ، 48-ماددىلىرى.

482 نېلسون ماندېلا قائىدىلىرى ، 23، 14، 13/ (2002) نەشرى 2015- يىلى تەكرار نەشرى 25- بەت30- پاراگراف. CPT ئۆلچىمى ، CPT www.un.org/en/ga/search/view_doc.asp?symbol=A/RES/70/175

483 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى تۇرۇش: ھەرىكەت قوللانمىسى. (كۆرسەتكۈچ :POL 30/4036/2016) , 5.5.4- بۆلۈم, www.amnesty.org/download/Documents/POL3040362016ENGLISH.PDF

484 قىيناش توغرىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ دوكلاتى ، ب د ت . ھۆججەت 80-ئابزاس(2011) A/66/268

485 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، خىتايدىكى تۈگمەس قىيناش ۋە مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش ، 2015- يىلى www.amnesty.org/download/Documents/ASA1727302015ENGLISH.PDF



- ئائىلىسىدىكىلەر ياكى لاگېر سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەن ئەركىن ئالاقە قىلالماسلىق ؛
- ئانا تىلىدا سۆزلىيەلمەسلىك ؛
- داۋاملىق زوراۋانلىق ۋە باشقا خورلۇقلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ياشاش ؛ ۋە
- باشقا تۇتقۇنلارنىڭ قىيىن- قىستاققا ئېلىنغانلىقى ياكى باشقا خورلاشقا ئۇچۇرغانلىقىنى كۆرستىش ۋە ئاڭلاتقۇزۇش.

بۇ خىلدىكى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەدبىرلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشى نەتىجىسىدە ، لاگېرلاردىكى كونتروللۇق ۋە شەخسىيەتكە تەۋە ئەركىنلىكنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلىشى سەۋەبلىك ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ۋە باشقا تۈرلۈك رەھىمسىز ، نائىنسانىي ياكى پەسكەش مۇئامىلىلەر بىلەن ئازابلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە لاگېرلار بۇ خىل قىيىن-قىستاق ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر ھەر بىر تۇتقۇن ئۈچۈن كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر تەرىپى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. لاگېرلاردىكى ئومۇمىي مۇھىت ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن- قىستاققا ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە قارشى ھېچقانداق كاپالەتنىڭ يوقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى شۇ دۆلەت ئەركىنلىكلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان كىشىلەرنى قوغداش ۋە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا بەلگىلەنگەن كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى تۈردىكى قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر سوراق قىلىنىش جەريانىدا يۈز بەرگەن جىسمانىي قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرنى ياكى بىر قىسىم تۇتقۇنلارنىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازا سۈپىتىدە قوللىنىلغان قىيىن- قىستاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (بۇ خىل قىيناش 5.2-بۆلەكتە تەپسىلىي بايان قىلىنغان). سوراق جەريانىدا قوللىنىلىدىغان قىيناش ئۇسۇللىرى ئۇرۇش ، توك كالتەكنى ئىشلىتىش ، بەدەننىڭ بىر قىسمىغا ئېغىرلىق چۈشۈرۈپ تۇرغۇزۇپ قويۇش ، چەكلەش تەدبىرلىرىنى قانۇنسىز ئىشلىتىش (يولۋاس ئورۇندۇقتا باغلاپ قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىش ، تامغا ئېسىپ قويۇلۇش ، قاتتىق سوغۇققا دۇچار قىلىش ۋە يالغۇز قاماپ قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى لاگېردا قىيناش سەۋەبىدىن قازا قىلغان بىر كىشىنىڭ ئارخىپىنى خاتىرىلىدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى لاگېرلاردىكى سوراق ياكى جازالاش جەريانىدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى يەنە تەن جازالىرىغا ۋە تۈرلۈك ناچار مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغان تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە شاھىت بولغان ياكى ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى. بۇ شاھىدلار ئۇلارنىڭ كامېرداشلىرى بولۇپ ، ئۇلارغا سوراق قىلىنىش جەريانىدا جازالاش سۈپىتىدە قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقى ياكى باشقىچە خورلاش مۇئامىلىلىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلدى.

سابىق تۇتقۇنلار ۋە گۇۋاھچىلار ، لاگېردىكى خىزمەتچىلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تۇتقۇنلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى كەڭ دائىرىدە تەسۋىرلەپ بەردى. بۇ خىلدىكى تەن جازاسى بېرىلىش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرنى قوللىنىش ئۇسۇللىرى خىتاي بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭدا ۋە خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان قىيىن- قىستاق ۋە خورلاش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، مەسىلەن قاتتىق ئۇرۇش ، مەجبۇرىي «ئىقرار قىلدۇرۇش» ، كىشەنلەش ياكى ئۇزۇن مۇددەت باغلاپ قويۇش ، ھەمدە يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ جازالاش قاتارلىقلار.[486] سابىق تۇتقۇنلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا ، قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر ھەم لاگېر قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن ھەم تۇتقۇنلارنى سوراق قىلىش مەقسىتىدە لاگېرغا كەلگەن دۆلەت بىخەتەرلىك ساقچىلىرى (گوباۋ) تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان.[487]

بۇ دوكلاتتا بايان قىلىنغان لاگېرلاردىكى تۇتقۇنلارنى سوراق قىلىش ۋە جازالاش قىلمىشلىرى خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى قىيناش ۋە باشقا خورلاش قىلمىشلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ قىلمىش يەنە ئىنسانىيەتكە قارشى قىيناش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ (7.1-بۆلەككە قاراڭ) .

# 2.5 ئامان قالغۇچىلارنىڭ تەن جازاسى ۋە باشقا خورلۇقلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى سوراق جەريانىدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان ياكى باشقا جازالاش قاتارلىق ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىغان نۇرغۇنلىغان سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرىنى زىيارەت قىلدى.[488] بۇ خىل خورلاشلار ئاساسەن سوراق قىلىش ياكى جازالاش ئۈيىدە يۈز بەرگەن. بۇ ئۆيلەر ئادەتتە دېرىزىسىز بولۇپ ، كەم دېگەندە بىر يولۋاس ئورۇندۇق سوراق قىلىشتا ئىشلىتىلگەن. ئىلگىرىكى ئۈچ تۇتقۇن يولۋاس

486 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، خىتايدىكى تۈگمەس قىيناش ۋە مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش قىلمىشلىرى ، 2015-يىل.
www.amnesty.org/download/Documents/ASA1727302015ENGLISH.PDF
كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، يولۋاس ئورۇندۇقلار ۋە كامېر خوجايىنلىرى: ساقچىلارنىڭ خىتايدىكى جىنايەت گۇماندارلىرىنى قىينىشى 2015.
www.hrw.org/sites/default/files/report_pdf/china0515_web.pdf
ب د ت نىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى ، خىتايغا بولغان كۆزىتىش ۋە تەۋسىيە خۇلاسىسى ، /48A (SUPP) 44 پاراگىراف. 387-429 ، 1993-يىل 1-يانۋار
ب د ت نىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى ، خىتايغا بولغان كۆزىتىش ۋە تەۋسىيە خۇلاسىسى. /51A (SUPP) 44 پاراگىراف. 138-150 ، 1996-يىل 1-يانۋار
ب د ت نىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى ، خىتايغا بولغان كۆزىتىش ۋە تەۋسىيە خۇلاسىسى. /55A (SUPP) 44 پاراگىراف. 123-130 ، 1996-يىل 1-يانۋار
ب د ت نىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى ، خىتايغا بولغان كۆزىتىش ۋە تەۋسىيە خۇلاسىسى. CAT / C / CHN / CO / 4, 2008-يىل 12-دېكابىر
487 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
488 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ئورۇندۇقلارنىڭ ئۇلارنىڭ كامېرىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.[489] باشقا سابىق ئۈچ تۇتقۇنلار يولۋاس ئورۇندۇقلار بار ئۆيلەردە جازالانغانلىقى ئېيتقان.[490]

17 نەپەر سابىق تۇتقۇنلار ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا يولۋاس ئورۇندۇق ياكى باشقا مېتال ئورۇندۇقتا سوراق قىلىنغانلىقىنى ياكى جازالانغانلىقىنى ئېيتتى.[491] سوراش قىلىنىش ئادەتتە بىر سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك داۋاملاشقان ئەمما جازالاش ۋاقتى كۆپىنچە ئۇزاق بولغان. بىر قانچە كىشى يولۋاس ئورۇندۇقتا 24 سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت جازالانغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.[492]

ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان دۆلەت ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى ، بىر يىل جەريانىدا ئۇ بىرلا لاگېردا ياتقان بولۇپ ، ئۇ ئىككى قېتىم جازاخانىغا ئاپىرىلغان. ئۇ يەردە ، ئۇ يولۋاس ئورۇندۇققا باغلىنىپ ، مىدىرلىيالماس قىلىپ قويۇلغان. بۇ جازالارنىڭ سەۋەبى بولسا ، بىر قېتىم ئەتىگەندە يوتقىنىنى بالدۇر يىغقانلىقى سەۋەب بولغان. ئىككىنچى قېتىملىقى بولسا ، ئۇ بىر قانچە كامېرداشلىرى بىلەن قازاقچە سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ جازالانغان.

**مېنى [تۇنجى قېتىم] ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغاندا، بىر ياشانغان تۇڭگان بىلەن بىللە «كېچىلىك نۆۋەتچىلىك» تە ئىدىم. ئۇ ۋاقىت ئەتىگەن ئىدى. بىزنىڭ يوتقانلىرىمىزنى يىغىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى دەپ ئويلاپ، يوتقانلىرىمىزنى يىغىۋەتكەن ئىدۇق. ئاندىن، ياڭراتقۇدا، بىرى گەپ قىلىپ، يوتقاننى يىغىدىغان ۋاقىت كەلمىدى دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار [ئىككى قاراۋۇل] كامېرغا كىرىپ كەلدى ۋە [ۋەزىپە ئىجرا قىلىشۋاتقان ئىككىمىزنى] شۇ [جازا] ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە سەككىز تال [يولۋاس] ئورۇندۇقلار بارئىدى. بىز ئۇ يەردە بەلكىم بەش سائەتچە تۇردۇق. بىزگە سۇ بېرىلمىدى. ئۇ يەردە يېمەكلىك يوق، ھاجەتخانىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار دېرىزىنى ئېچىۋەتتى، ئۇ يەر بەك سوغۇق ئىدى. بىز ئورۇندۇققا باغلاقلىق ھالدا تۇردۇق. ئورۇندۇق مېتال بولۇپ، بىزنىڭ قوللىرىمىزنى سىرتقا چىقىرىپ باغلىغان ۋە پۇتلىرىمىز كىشەنلەنگەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىم، مېنىڭ كامېرىمدا قازاقچە سۆزلەيدىغان بىر بالا بار ئىدى. قاراۋۇللار ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ قازاقچە سۆزلىگەنلىكىنى ياكى سۆزلىمىگەنلىكىنى سورىدى. ئۇ «ياق» دەپ جاۋاپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇلار [كامېردىكى] ھەممەيلەننى يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.[493]**

لاگېردا بىر يىل تۇرغان ياشانغان ئايال ۋە ئۇنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشىغا ئېنىق سەۋەب بېرىلمىگەن ئاسسەل ، تىل-ھاقارەتكە ئۇچرىغان باشقا بىر پاڭ ئايالنى قوغداپ تالاش-تارتىش قىلغانلىقى ئۈچۈن جازا ئۆيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇ ئىككى ئايال قوغدىغۇچى تەرىپىدىن لاگېرنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىكى كىچىك ، قاراڭغۇ ، سوغۇق ۋە دېرىزىسىز ئۆيگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى تەسۋىرلىدى. ئۇ يەردە كىشەنلەنگەن ھالدا تۆمۈر ئورۇندۇقتا نەچچە كۈن ئولتۇرغۇزغان.

**ئىككى ئايال مېنى جازا ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئۇلار مېنى بىلىكىمدىن تۇتتى. ئۇلار ماڭا تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشۇمنى ئېيتتى... [ئۇلار] قول ۋە پۇتلىرىمنى كىشەنلەپ قويدى... قوللىرىم ئورۇندۇققا ئەمەس ، بىر-بىرىگە كىشەنلەپ قويۇلغان ئىدى. [مېنى ئېلىپ كەتتى، چۈنكى] ئۇ يەردە [مەن تۇرىدىغان كامېردا] ياخشى ئاڭلىيالمايدىغان بىر ئايال بار ئىدى. ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىلىدىغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئايالمۇ بار ئىدى. مەن [ئۇ ئۇيغۇر ئايالغا] شۇنداق دېدىم - «نېمىشقا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىز ؟ بۇنداق قىلماسلىقىڭىز كېرەك! ». [ئاندىن تالاش-تارتىش باشلىنىپ كەتتى] ، كېيىن قاراۋۇللار [كامېرغا] كېلىپ بىزدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، ئۇلار مېنى بىر ئۆيگە ئېلىپ باردى... ئۇ بىر قاراڭغۇ ئۆي ئىدى، ئۇ يەردە ھاجەتخانا يوق بولۇپ پەقەت بىر چېلەك بار ئىدى... كارىۋات يوق، پەقەت بىر ئورۇندۇقلار بار. ئۇلار ماڭا بىر پارچە نان ۋە سۇ ئېلىپ كەلدى. مەن بەك مۇزلاپ كەتكەن ئىدىم. مەن زۇكام بولۇپ قېلىپ ۋارقىراشقا باشلىدىم ... قول ۋە پۇتۇم [ئورۇندۇققا] كىشەنلەڭلىك ئىدى... ئۇلار ماڭا بۇ يەردە بەش كۈن تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. [ئەمما] ئەتىسى ئۇلار مېنىڭ كىشەنلىرىمنى ئېلىۋەتتى ۋە ماڭا يېمەكلىك ئەكىلىپ بەردى. [قاراۋۇل] ئىشكتىن قاراپ ماڭا تاماق يېيىشنى ئېيتتى. ئەمما ماڭا سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى، تاماقنى يېيەلمىدىم... مەن ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردۇم.[494]**

489 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
490 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
491 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
492 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
493 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
494 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

قولغا ئېلىنغانلار خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزلىرىنىڭ كۆپ قېتىم جازالاش ئۆيىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەنسۇر ئىسىملىك بىر دېھقان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋاقتىدا قانداق سوراق قىلىنغانلىقى ، كۆپ قېتىم قىيىن-قىستاق ۋە جازالاشلارغا ئۇچرىغانلىق قاتارلىق ئەھۋالنى سۆزلەپ بەدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سوراق قىلىنىش جەريانلىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى:

**ئۇ كۈنى كامېرغا ئىككى قاراۋۇل كەلدى. ئۇلار مىنى سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قولۇمنى تامدىكى [ئىشىك] تۆشۈكتىن چىقاردىم، ئۇلار مېنى [ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىن) كىشەنلىدى... مۇھاپىزەتچىنىڭ سىمسىز تېلفۇندا «دۆلەت بىخەتەرلىك خادىملىرى ساقلاۋاتىدۇ» دېگىنىنى [ئاڭلىيالايتىم]. ئىككى قاراۋۇل مېنى كامېردىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى ۋە مېنى باشقا بىر [سوراق قىلىدىغان] ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئىچىدە ئىككى كىشى بار ئىدى. ئۇلار ئىشكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىدى. قاراۋۇللار فورما كيىگەن بولسىمۇ، ئەمما مېنى ئادەتتىكى كيىم كەيگەن [دۆلەت بىخەتەرلىك خادىملىرى] سوراق قىلدى. ئۇلار مېنىڭ شەخسىي ئۇچۇرۇم، مىللىتىم، تۇغۇلغان كۈنۈم ۋە قازاقىستاندىكى كەسپىم ھەققىدە سوراشقا باشلىدى... ئۇلار مەندىن «ئۇ يەردە ناماز ئوقودۇڭمۇ؟ ئاتا-ئاناڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن پەقەت ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە تۇردۇم، چارۋا باقتىم، قانۇنسىز ئىش قىلمىدىم دېدىم. ئۇلار مەندىن مەسچىت ۋە ناماز توغرىسىدا سورىدى... ئەگەر مەن ئۇلارغا ناماز ئوقىغانلىقىمنى ئېيتسام، 20 ياكى 25 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىمنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇڭا مەن ئۇلارغا ئەزەلدىن ناماز ئوقۇمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. كېيىن ئۇلار خاپا بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار: «دائىم چارۋاماللار بىلەن بىللە تۇرۇپ سەنمۇ ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىپسەن!» دېدى. ئاندىن ئۇلار مېنى ئورۇندۇق بىلەن تاكى ئورۇندۇق سۇنۇپ كەتكۈچە ئۇردى... مەن يەرگە يىقىلدىم. مەن ھوشىمدىن كەتكەن ئىدىم... ئاندىن ئۇلار مېنى يەنە ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار: «بۇ ئەبلەخ تېخى ئۆزگەرمەپتۇ، ئۇ لاگېردا ئۇزۇنراق تۇرۇشى كېرەك» دېدى... ئاندىن ئۇلار قاراۋۇللارنى سىمسىز تېلفۇن بىلەن چاقىردى، ئۇلار مىنى كامېرغا ئېلىپ كەلدى.**[495]

مەنسۇرمۇ خىلاپلىق قىلغان كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئىككى جازا ئۆيىگە كۆپ قېتىم ئاپىرىلغان.

**[مېنى تۇنجى قېتىم بىرىنچى لاگېرغا ئېلىپ كېلىشىنىڭ] سەۋەبى بولسا، مېنىڭ دېرىزىدىن سىرتقا قارىماقچى بولغانلىقىم ئىدى. ئۇ يەردە [مەن تۇرغان كامېردا] پەشتاقلىق بىر پەنجىرە بار ئىدى. بىزنىڭ سىرتقا قارىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنمايتتى... كېيىنكىسىنىڭ [مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئىككىنچى لاگېرغا ئەۋەتىلىشىمنىڭ] سەۋەبى بولسا، ئۇلار مېنى كامېرغا مەسئۇل قىلغان ئىدى. رەھبەرلەر كامېرنى تەكشۈرەيتتى. ئۇلار [كامېرىمىزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن] كىرگەندە، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما بىزنىڭ كامېردىكىلەر ئۇنداق قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى جازا ئۆيىگە ئەۋەتتى... [ئىككىنچى قېتىم مېنى ئىككىنچى لاگېردىكى جازا ئۆيىگە ئەۋەتكەن ۋاقىت] بۇ ئىش، مەن قويۇپ بېرىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بولغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، مېنىڭ دەرىسخانىدا جىم ئولتۇرمىغانلىقىمدىن بولغان ئىدى.**

مەنسۇر ھەر ئىككىلا لاگېردا قىيىن- قىستاققا ئېلىنغان. ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ «قايتا قىلامىسە - قىلمامىسە» دەپ سورالغاندا ، ئۇنىڭغا قايتا-قايتا توك سوقتۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم ، ئەمدى قايتا قىلمايمەن [شۇنداق دېيىشىم كېرەك ئىكەن] ، ئۇلار باشتا ماڭا توك سوقتۇردى ، كېيىن مېنى 24 سائەت تاماقسىز ۋە سۇسىز ئورۇندۇققا باغلاپ قويدى... ئىككىنچى قېتىم ئۇلار مېنى [تامغا] باغلىدى». ئۇ يەنە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ كۆپ قېتىم يولۋاس ئورۇندۇققا باغلانغانلىقىنى ، ئۆيىنىڭ بەك سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار قىش كۈنلىرى دېرىزىنى ئېچىۋەتەتتى».[496]

مەنسۇر يەنە ئىككى جازا ئۆيىنى تەسۋىرلەپ بەردى. بۇ جازالاش ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە 20 تال يولۋاس ئورۇندۇق بارلىقىنى ئېيتتى.

**يولۋاس ئورۇندۇقنى يان تەرەپتىن ئەمەس ئۇدۇلدىن كۆرەلەيسىز چۈنكى كامېردا [ تورۇسقا تۇتىشىدىغان ياغاچ] بۆلگۈچلەر بار. ھەر بىر يولۋاس ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە كامېرا، مىكروفون ۋە كىچىك ئاق چىراغ بار. چىراغ تورۇسقا ئېسىغلىق. چىراغ نۇرى غۇۋا. ئۇ يەردە بىر دېرىزە بار، ئەمما يورۇق كىرمەيدۇ، دېرىزە تورۇسقا يېقىن، ئۇ ئىنتايىن كىچىك... تام، يەر، ئۆگزە ھەممە نەرسە ئاق كۆرۈنەتتى. ھەممىسى يېڭى. ئۇ بىز**

---

495 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
496 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**تۇرۇۋاتقان يەر ئاستى ئۆيدە باشقا بىر قانچە ئادەم بار ئىدى ئەمما مەن ئۇلارنى [كۆپىنچىسىنى] كۆرەلمىدىم. ئالدىمدا بىر ئادەم بار ئىدى. مەن ئۇنى كۆرەلەيتتىم. يەنە بىر ئادەم [مېنىڭ ئالدىمدىكى] ئانا تىلى- قازاقچە گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالاندى... بىز ئۆز-ئارا پاراڭلاشقاندا خىتايچە سۆزلىشىمىز كېرەك.[497]**

ئاۋئېلبېكمۇ ئۆزىنىڭ جازالانغانلىقىنى ۋە نۇرغۇنلىغان يولۋاس ئورۇندۇقلىرى بار جايغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلار لاگېردىكى بىر بىنانىڭ كارىدورىدا ئىدى:

**مەن بىر قېتىم جازالاندىم چۈنكى سىنىپتا قولۇمنى كۆتۈردۇم ۋە بىر سوئال سورىدۇم. كېيىن [ئوقۇتقۇچى] ماڭا پلاستىك سىزغۇچنى ئاتتى ۋە «نېمىشقا سۆزلەيسەن؟» دېدى. ئاندىن كېيىن [ئوقۇتقۇچى] قاراۋۇللارغا، مېنى يولۋاس ئورۇندۇققا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇلۇشمنى ئېيتتى... ئۇلار قول ۋە پۇتلىرىمنى ئورۇندۇققا باغلىدى... تەلىيىمگە [ئۇ يەردە بەك] ئۇزۇن تۇرمۇدۇم... ئۇ يەردە 10-15 ئورۇندۇق بارئىدى. ئۇ يەر ئايرىم ئۆي ئەمەس بەلكى كارىدورنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇ يەر ئاممۇۋى ھاجەتخانىغا ئوخشاش، ئورۇندۇقلارنى بۆلۈپ تۇرىدىغان توساققا ئوخشاش نەرسىلەر بار ئىدى. سىز يېنىڭىزدىكى ئورۇندۇقنى كۆرەلمەيسىز... ئۇ يەردە مېنىڭ ئالدىمدا يەنە بىر ئادەم بار ئىدى [مەن ئۇنى كۆرەلەيتتىم]... قاراۋۇل كەتكەندە، مەن ئالدىمدىكى كىشىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ 24 سائەت دېدى.[498]**

لاگېرلاردا يالغۇز قاماش، جازالاشنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بەزى ئەھۋاللاردا بۇ خىل جازالاش بولسا تۇتقۇننى يولۋاس ئورۇندۇققا باغلاپ يالغۇز سولاپ قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، تۇتقۇن ئورۇندۇققا باغلىنىپ مىدىرلىيالمايدىغان ھالەتتە بىر كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت يالغۇز قالدۇرلدۇ. يەنە بىر تۇتقۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆزى قامالغان لاگېرنىڭ ئىچى «قاراڭغۇ» بولۇپ، شەكلى قەبرىگە ئوخشايدىغان ئۆيى ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل ئۆيلەر دېرىزىسىز ۋە قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلىقى تەخمىنەن ئىككى مېتىردىن بىر مېتىر ئەتراپىدا ئىكەنلىكى، ئەگەر تۇتقۇنلار قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، مۇشۇنداق ئۆيگە سولىنىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە ئىككى كۈن سولانغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**ئۇ كۈنى 70 ياشلىق بىر موماي بىزنىڭ كامېرىمىزدا ئانا تىلى، ئۇيغۇرچە سۆزلىدى... قاراۋۇللار ئۇنى يولۋاس ئورۇندۇققا ئېلىپ بارماقچى بولدى. مەن ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشتىم... ئۇلار مېنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىمنى ۋە تېخىچە ئاشقۇن خىياللىرىم بارلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى... بۇ پەقەت بىر كىشىلىك ئۆي ئىدى. مەن پەقەت يەردە ياتقان ئىدىم. ئۇخلىغاندا [بېشىڭىزنى بىر تەرەپكە قويىسىڭىز] ، پۇتىڭىز تامغا تېگىپ قالاتتى. ئۆيدە ھاجەتخانىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.[499]**


لاگېرلاردا سوراق قىلىش ۋە «رەسمىي» جازالاشتىن باشقا جىسمانىي جەھەتتىن ناچار مۇئامىلىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، تۇتقۇنلارنى كۆپىنچە ئۇرۇش ۋە قىزىلمۇچ پۈركەش ئارقىلىق چەكلىگەن. قاراۋۇللار دائىم «قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان» تۇتقۇنلارنى، ھەتتا ئۇلار كىچىككىنە بىر ئىشلارغا خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ ئۇرغان. كەچۈرۈم تەشكىلاتى تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا تاياق زەربىسىگە ئۇچۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى.[500] كىشىلەر دائىم توك كالتەكلەر بىلەن توكقا سوقتۇرۇلغان ۋە ئۇرۇلغان.[501]

مەدى، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، لاگېرغا كەلگەندىن كېيىنلا ئۇزۇن ئۆتمەي قاراۋۇللارنىڭ ئاختۇرۇشىغا قارشى تۇرغاندا، قاتتىق ئۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

**مەن ئىچ كىيىممنى سالمايمەن دېسەم، ئۇلار مېنى كالتەك بىلەن ئۇردى. ئاندىن مەن يىقىلىپ چۈشتۈم. ئۇلار مېنى ئۇردى، ماڭا توك سوقتۇردى... مەن ھوشۇمغا كەلگىنىمدە، ئۇلار مېنىڭ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋەتتى، مېنى ئاختۇردى، قوللىرىمنى قايرىپ بوينىمنىڭ ئارقىسىدىن باغلىدى، بۇ بەك ئازابلىق ئىدى.[502]**

497 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
498 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
499 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
500 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
501 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
502 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.





تۇتقۇنلار يىغىۋېلىش لاگېرىدا «يولۋاس ئورۇندۇقلار» غا مىدىرلىيالمايدىغان ھالەتتە باغلاپ قويۇلۇپ جازالىنىدۇ.

ئامىر ، كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، مىلتىق بىلەن ئۇرغان قاراۋۇللىغا قارشى ئۇرۇشقاندىن كېيىن قاتتىق تاياق يېگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**«زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قولۇڭنى بېشىڭنىڭ كەينىگە قوي!» دېدى [قاراۋۇللارنىڭ بىرى]. مەن نېمىشقا دەپ سورىدىم. كېيىن ساقچىلار مېنى مىلتىقنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇردى. مەن ئۆزۈمنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنى ئۇردۇم، ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. ئاندىن باشقا ساقچىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ مېنى بىرلىشىپ ئۇردى. مېنى ئۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، بىرىنىڭ «ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەن ئاخىرلاشتۇر»... دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدۇم... مەن ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايمەن دېدىم ۋە ۋاقىردىم... ئاندىن ئۇلار مېنىڭ كۆزۈمگە بىر نەرسە پۈركۈدى، مە كۆزۈمنى ئاچالمىدىم. كېيىن مېنى سۆرەپ [كامېرغا] ئېلىپ كېتىشتى.**[503]

سابىق تۇتقۇنلاردىن ئىككى كىشى ، ئۆزلىرىنىڭ تۇتقۇندا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە پۇتلىرىنىڭ كىشەنلەنگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان.[504] رۇستەم كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ قولىغا ئېلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە ، پۇتىنىڭ 15 كۈن كىشەنلەنگەنلىكىنى ئېيتتى.[505] بارۇزخان كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ لاگېردا تۇرغان بىرىنچى يىلى پۇتىنىڭ كىشەنلەنگەنلىكىنى ئېيتتى.

**ئۇ بولسا 11 ھالقىسى بار مېتال زەنجىر ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئۇچى بولتا بىلەن پۇتۇمغا بولتىلاغلىق [ئېغىرلىقى تەخمىنەن 3 كېلوگىرام كېلەتتى]. بىز 20 سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قەدەم باسالمايتتۇق. مەن ماڭالمايتتىم. بۇ كىشەن زەنجىرى ھەر كۈنى يەنى 24 سائەت ۋە ھەپتە بويىچە پۇتۇمغا سېلىغلىق ئىدى. قاراۋۇللار ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم زەنجىرنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ بولتىلىرىنى ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم چىڭىتاتتى. [مەن لاگېرغا كېلىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن] ئۇلار ماڭا يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ بەردى ئەمما زەنجىر بىلەن باغلاغلىق ھالدا يۇيۇندۇم. كونا تۇتقۇنلار بىزگە ئىشتاننى قانداق سېلىشنى كۆرسەتتى. بىز ئىشتاننى زەنجىر بىلەن پاچىقىمىز ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن چىقىراتتۇق ئەمما بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى.**[506]

سابىق ئۈچ تۇتقۇن ، خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، لاگېردىكى چېغىدا ئۇلارغا بىر نەرسە پۈركۈلگەنلىكىنى ، بەلكىم قىزىلمۇچ بولۇشى ئېھتىماللىقىنى ئېيتتى.[507] ئامىر ، كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ يولۋاس ئورۇندۇقتا ئىككى قېتىم سوراق قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە پۈركۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. «مېنى [كامېرىمدىن] باشقا ئۆيگە ئېلىپ باردى ۋە يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى... ئۇلار مەندىن ھېچ نەرسە سورىمىدى. ئۇلار ھاۋاغا بىر نەرسە پۈركۈپ ، نەپەس ئېلىشىمنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. [پۈركۈگۈچ] بىر بوتۇلكا دورىنىڭ چوڭلۇقىغا ئوخشاش كىچىك ئىدى. ئۇنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ ئېلىپ يۈرەلەيسىز» دېدى.[508] مادى ، كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، قاراۋۇللا قىزىلمۇچ پۈركۈش دەپ قارىغان ئاق ماددىنى دائىم كامېرغا كۈندە بىر نەچچە قېتىم پۈركۈپ ، كېكىردەكلىرىنى ئاغرىتىپ ، نەپەس ئېلىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.[509]

ژۇرنالىستلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ، شىنجاڭدىكى لاگېرلاردا قىيىن-قىستاق ۋە باشقا تۈرلۈك خارلاش مۇئامىلىلەر ھەققىدە ئوندىن ئارتۇق بىرىنچى قول دوكلاتنى ئېلان قىلدى.[510] ژۇرنالىستلا بولسا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ئۆلۈش ئەھۋاللىرىنى خەۋەر قىلدى.[511]

503 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
504 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
505 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
506 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
507 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
508 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
509 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
510 تەن جازاسى بېرىلىش ۋە تۈرلۈك ناچار مۇئامىلىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ: كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «ئىدىيەۋى ۋىرۇسلارنى يوقىتىش: خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى باستۇرۇش ھەرىكىتى» ، 2018-يىل 9-سېنتەبىر . www.hrw.org/report/2018/09/09/eradicating-ideological-viruses/chinas-campaign-repression-against-xinjiangs
. روبىن شمىتز: «سابىق تۇتقۇنلار خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى قايتا تەربىيىلەش لاگېردىكى قىيناش ئەھۋاللىرىنى تەسۋىرلەيدۇ» ، 13-نويابىر
www.npr.org/2018/11/13/666287509/ex-detainee-describes-torture-in-chinas-XUAR-re-education-camp?t=1614247394971;
كرىستوفىر كونىېل ، ئامېرىكىنى ھەمبەھىرلەش: « خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن قىيناش ھەققىدىكى ۋەقەلەر».
share.america.gov/tale-of-torture-in-chinese-internment-camp-for-uyghurs; ستېۋ چاۋ ، ئەلجەزىرە ، «ئاشكارلىنىش: خىتاينىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشى».
www.aljazeera.com/features/2019/2/1/exposed-chinas-surveillance-of-muslim-uighurs; شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرۈڭ:
«قەيرەت سەمەرقان» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=1540; «مېھرىگۈل تۇرسۇن» shahit.biz/eng/yiewentry.2hp?entrynp=2110;
«ئۆمەر بەكرى» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=3623 «ئابدۇۋەلى ئايۇپ» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=4616;
«ئۇرنبەك كۆك سەبەك» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=1725; «ئابدۇخەبىر رەجەپ» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=10553;
«ئەرغالى ئەرمەك» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=124; «ئابدۇۋەلى ئايۇ» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=4616;
«جارقىنبەك ئوتان» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=65; «قاستەر موساخان» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=5419;
«گۈلزىرە ئالخان» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=1723; «تۇرسناي زىياۋۇدۇن» shahit.biz/eng/viewentry.php?entryno=2322;
511 شۆھرەت ھوشۇر ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «ئەڭ ئاز بولغاندا 150 تۇتقۇن شىنجاڭدا لاگېردا قازا قىلدى: ساقچى» ، 29-2019-يىلى 29 ئۆكتەبىر.
www.rfa.org/english/news/uyghur/deaths-10292019181322.html

## 3.5 شاھتلارنىڭ قىيناش ۋە باشقا قەبىھ مۇئامىلىلەر ھەققىدىكى ئىسپاتلىرى

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تۇتقۇنلار ئۇچرىغان قىيناش ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىگە شاھىت بولغان نۇرغۇن ئاياللار ۋە ئەرلەرنى زىيارەت قىلدى.[512]

مادى ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ بىر كامېردىشى ئۇچرىغان قىيناشقا شاھىت بولغانلىقىنى ۋە ئۇ كىشىنىڭ قىيناشنىڭ تەسىرىدىن ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كېيىن بىلگەنلىكىنى ئېيتتى. مادىنىڭ دېيىشىچە ، بۇ ئەر كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلغان. كامېرداشلار ئۇنىڭ بۇ يەردە مىدىر-سىدىر قىلماي ئۈچ كۈن ئولتۇرۇشىنى كۆرۈشكە مەجبۇرلانغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى چەكلىگەن.

> **ئۇ [مىللەت كىملىكى بىرىلمىدى] ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلمەيمەن. [لاگېردىن چىققاندىن بۇيان] نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىيەلمىدىم... [ئۇ كىشى] بىزنىڭ كامېردا ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرغان، ئاندىن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مېنىڭچە ئۇ يۇقىرى قان بېسىم بىلەن ھوشىدىن كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن دوختۇرخانىغا ئەكېتىلگەنىدى... ئۇ [كامېرغا] قايتىپ كېلىپلا يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلاندى. [مېنىڭچە ئۇ كىشى قاراۋۇلنى ئىتتىرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن جازالىنىۋاتاتتى]... ئۇلار ئورۇندۇقنى كامېرغا ئەكىردى... شۇنداق، بىز كۆرۈۋاتاتتۇق. ئۇلار بىزگە، ئەگەر بىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلساق بىزنىڭمۇ شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلىدىغانلىقىمىزنى دېدى... بۇ بىر تۆمۈر ئورۇندۇق ئىدى... ئۇنىڭ قوللىرىغا كويزا سېلىنغان بولۇپ زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىدى. پۇتىمۇ زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئورۇندۇقنىڭ كەينى تەرىپىگە باغلانغان ئىدى... بېغىشى ۋە پۇتىغا ئىككى [كويزا] سېلىنغان ئىدى... ئادەمنى تىك ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن قوۋۇرغىسىغا كاۋچۇكتەك بىر نەرسە چاپلانغان... بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئۇرۇقدانلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ ئورۇندۇقتىلا [چوڭ ۋە كىچىك تەرەتنى قىلاتتى]. ئۇ ئۈچ كېچە شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇلدى... ئۇ [كامېردىن ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن] ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بىز بۇنى كامېردىكى [كىشىلەر] ئارقىلىق بىلدۇق... ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆلمىدى. 72 سائەتتىن كېيىن، ئۇ [چوڭ ۋە كىچىك تەرەت قىلدى]. بىز قاراۋۇللارغا ئېيتتۇق. ئۇلار بىزگە ئۇنى تازىلاشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ كاسىسى يارىلانغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھوشسىز كۆرۈنەتتى... ئاندىن [قاراۋۇللار] ئۇنى [كامېردىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى].[513]**

تمۇر كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ئىككى كامېرداشنىڭ يولۋاس ئورۇندۇقتا ئۇزۇن ۋاقىت مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇرغۇزۇلغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ۋە باشقا كامېرداشلار شۇ ھالەتنى كۆرۈشكە مەجبۇرلانغان ھەمدە باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشى مەنئى قىلىنغان:

> **ئۇلار كىشىلەرنى يولۋاس ئورۇندۇقتا نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرغۇزاتتى. مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار كىشىلەرنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزاتتى. ئۇلار، بىرەرى بويسۇنمىسا ئورۇندۇقنى كامېرغا ئەكىرەتتى... ئۇنداق ئەھۋال ئىككى قېتىم يۈز بەردى. بىرىنچى قېتىم بىر يىگىت 24 سائەت [ئولتۇرغۇزۇلدى]. ئۇنىڭ بىر نەرسە يېيىشىگە، ئىچىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۇ ئىككى قېتىم ھاجەتخانىغا ئېلىپ چىقىلدى... ئىككىنچى قېتىم بىر يىگىت ئالتە سائەت ئولتۇرغۇزۇلدى.[514]**

زاينا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ۋە كامېرداشلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ يولۋاس ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىنى كۆرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ يولۋاس ئورۇندۇقتا 32 سائەت ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلانغاندىن كېيىن ئورنىغا تەرەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى: «بىر ئايال قاراۋۇل بىزنى [لاگېردىكى باشقا بىر ئۆيگە] ئېلىپ بېرىپ ، كىشىلەرنىڭ قانداق قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى... ئۇ ئۆي ئەسلىدە ھايۋانلارنى بېقىش ئۈچۈن سېلىنغان ، تۆمۈر رېشاتكا بىلەن قورشالغان ئۆي بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچى ئىنتايىن مەينەت ئىدى... ئۇ بىر قاماقخانىغا ئوخشايتتى. ئۇ ئۆي خىشتىن ياسالغان بولۇپ ، تۆمۈر ئۆگزىسى بار ئىدى... مەن ئۇلارنىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم».[515]

ئايبېك كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ كامېردىن لاگېردىكى سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئورنىغا بېرىش جەريانىدا كىشىلەرنى ھەرىكەت قىلالمايدىغان قىلىپ باغلاپ قويۇپ ، سوغۇقتا تۇرغۇزۇش ئارقىلىق قىيىنغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ [باشقا كىشىلەرنى] قانداق

---

512 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
513 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
514 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
515 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

قىينىغانلىقىنى كۆردۈم. بىر قېتىم ئۇلار بىر ياش ئايالنى [يانۋار ئېيىدا] نىپىز كىيىملەر بىلەن سىرتتا مېتال ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى... مەن يەتتە ئۇيغۇرنىڭ سىرتتا قولىلىرىنىڭ مېتال رېشاتكىغا باغلانغانلىقىنى ۋە ئاياغ يوق پۇتلىرىنىڭمۇ زەنجىر بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆردۈم».[516]

سابىق تۇتقۇنلار خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزلىرىنىڭ باشقا تۇتقۇنلارنىڭ كىشەنلەنگەنلىكىگە شاھىت بولغانلىقىنى ئېيتتى.[517]يىغىۋېلىش لاگېرىدا ئىشلىگەن مەدىنەمۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزى ئىشلىگەن لاگېردىكى قاتتىق باشقۇرۇش ۋە ئىنتايىن قاتتىق باشقۇرۇش كاتېگورىيىسىدىكى بارلىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەر ۋاقىت كىشەنلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[518]

نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلار باشقىلارنىڭ ئۇرۇلغانلىقىغا شاھىت بولغان ، بۇنىڭ ئىچىدە ياشانغان تۇتقۇنلارمۇ بار ئىكەن.[519] ئۇرۇش - مەدىرلىماي ئولتۇرۇش تەلەپ قىلىنغاندا مىدىرلاپ قېلىش ، خىتاي تىلىدا سۆزلىمەسلىك ياكى دەرس ۋاقتىدا ياخشى ئۆگەنمەسلىك قاتارلىقلار ئۈچۈن بېرىلگەن بىر جازا ئىكەن. سەقىن كىچىككىنە ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن كامېردىكىلەرنىڭ دائىم ئۇرۇلىدىغانلىقىنى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا سۆزلەپ بەردى.

**ئۇلار بىزنى مىدىرلىماسلىققا، مىدىرلىماي جىم ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئەمما بەك سوغۇق بولغاچقا بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى... ئازراقلا مىدىرلاپ قالسىڭىز، ئۇلار سىزنى ئۇرىدۇ... ھەر قانداق سەۋەب بىلەن بولسۇن سىز تاياق يەيسىز... ئەگەر بىرى ھەرىكەت قىلىپ قالسا ھەممە سىز [قاراۋۇلغا] بۇ كىشىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا سىزمۇ تاياق يەيسىز... ھەتتا مەن ئۆزۈمنىڭ [نەچچە قېتىملاپ] كاچاتلانغانلىقىمنى ۋە مۇشت بىلەن ئۇرۇلغانلىقىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن... ئۇلار كېچىدە كىشىلەرنى ئۇرىدۇ، يەر ئاستى ئۆيگە ئېلىپ بارىدۇ... كامېرا يوق بىر ئۆي بار ئىدى... مەن قاراۋۇللارنىڭ جىم تۇرغان كىشىلەرنى [بىزنىڭ كامېرىمىزغا ۋە بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى كامېرغا) سۆرەپ ماڭغانىنى كۆردۈم... بىزنىڭ كامېردىكى بىر يىگىت ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىلدى. ئۇنىڭ روھىي كېسىلى بار ئىدى... ئۇلار [ئۇنى كامېردىن ئېلىپ چىقىپ] تېرىسى تىتىلىپ كەتكۈچە ئۇرۇپتۇ.[520]**

يەرۋلان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، دەرسكە ماڭغاندا قاراۋۇللارنىڭ كىشىلەرنى دائىم ئۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ سىنىپىدىكى بىر ئەرنىڭ ناخشىنى ياخشى ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن دەرستىن ئېلىپ چىقىلىپ ئۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتى:

**ئۇ [ئىسمى ئۆزگەرتىلدى] ئۇرۇلدى، ئۇ ئۆزبېك ئىدى. بىر خىتاي [قاراۋۇل] ئۇنى ئۇرۇپ، 24 سائەت ئايرىم سولاپ قويىدى. ئۇ يارا ئىزلىرى بىلەن قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كامېردا ئىدىم. [قاراۋۇل] ئىشىككە خىتايچە مەزمۇنلارنى ئوقۇيالمايدىغان كىشىلەرنى چاقىرىدۇ [ئاندىن چاقىرىلغان كىشى قولىنى ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىرىدۇ]، ئاندىن ئۇلارنىڭ قولىنى ئىشىككە قۇلۇپلايدۇ ۋە ئۇلارنى توك كالتەك بىلەن ئۇرىدۇ... مەن كىشىلەرنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى ئىككى-ئۈچ قېتىم كۆردۈم... مەن زالدا [كىشىلەرگە توك سوقتۇرىدىغانلىقىنى] كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم.[521]**

لاگېردا ئىشلىگەن جېنىس ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، تۇتقۇنلارنىڭ لاگېردا دائىم ئۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ھەر كۈنى بىرەيلەن [سىنىپتىن] ئېلىپ چىقىلىپ ، قول ، پۇتلىرى قورال ۋە كالتەك بىلەن ئۇرۇلىدۇ».[522]

نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلار ۋە باشقا گۇۋاھچىلار خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزى بېشىدىن كەچۈرگەن قىيناش ۋە باشقا قەبىھ مۇئامىلىلەر ھەققىدە ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئىككىنچى قول ئىسپاتلار باشقا سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئادەتتە ئۇلارنىڭ كامېرداشلىرى سوراق جەريانىدا ئۇچرىغان قىيناش ۋە جازا سۈپىتىدە بېرىلگەن قەبىھ مۇئامىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.[523] سابىق تۇتقۇنلار كامېرداشلىرىنىڭ جازا ئۆيىگە ئېلىپ كېتىلىپ يولۋاس ئورۇندۇققا بىرقانچە كۈن باغلاپ قويۇلۇپ ، سوراق جەريانىدا ئۇرۇلغانلىقىنى تەسۋىرلىدى.[524] نۇرغۇن كىشىلەر كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان يارا ئىزلىرى ۋە قىيناش قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەر بىلەن قايتىپ كەلگەن.

516 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
517 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
518 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
519 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
520 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
521 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
522 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
523 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
524 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

جاينا ، كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ، ئۇنىڭ كامېردىكى ئاياللارنىڭ نەچچە سائەتلەپ مىدىرلىماي ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ تامغا قاراش ئارقىلىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[525] ئايتوغان كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ئۇنىڭ كامېردىكى باشقا تۇتقۇنلارنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ جازا ئۆيىگە ئېلىپ چىقىلىپ پۇتى يەرگە تەگكۈزۈلمىگەن شەكىلدە تامغا ئېسىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى دېدى.[526] دارىگا كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ بىر ئەر سابىق تۇتقۇن بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى ، ئۇ تۇتقۇننىڭ ئۇنىڭغا كامېردىكى ھەممە كىشىنىڭ يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاتتى.[527] تاجىگۇل كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا باشقا تۇتقۇنلارنىڭ كامېردىن ئېلىپ كېتىلىپ ، جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەنگەن ھالدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى:

**بەزى كىشىلەر بىر نەچچە كۈن يوقاپ كېتەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە بولسا پۇتۇن بەدىنى يارا ئىزلىرى بىلەن تولغان ئىدى... مەن بىرىنى بىلمەن، چۈنكى ئۇنىڭ كارىۋىتى مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. ئۇ يوقاپ كەتتى... قايتىپ كەلگەندە بولسا قوللىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى... ئۇ: ماڭا گەپ قىلما، چۈنكى كامېردا كامېرا بار، دېدى... ئەمما كېيىن ماڭا ئۆزىنى ئىككى ساقچىنىڭ قىينىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ساقچىلار ئۇنى ئۇرۇپتۇ، ساقچىلار ئۇنىڭ پۇت ئالقىنىغىمۇ ئۇرۇپتۇ.**[528]

نۇرغۇن تۇتقۇنلارنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلارنىڭ كامېرداشلىرى ناھايىتى ئۇششاق-چۈششەك خاتالىقلار سەۋەبىدىن جازالىنىدىكەن. ئىبراھىم كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېگەن: «ئىككىنچى يەردە بىزگە دەرس يوق ئىدى... بىز مىدىرلىماي تىك ئولتۇرۇشىمىز كېرەك... ھەتتا يان تەرەپكە قاراشقىمۇ بولمايدۇ... بىر ئادەم [يان تەرەپكە قاراپ قالغانلىقى ئۈچۈن] ئېلىپ كېتىلىپ ، پۇتى ۋە پاچاقلىرى ئىششىغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇنى كارىۋاتقا باغلاپ قويۇپ ئۇرۇپتۇ».[529]

ژۇرنالىستلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى قىيناش ۋە باشقا قەبىھ مۇئامىلىلەر ھەققىدە يەنە باشقا شاھىتلارنىڭ تەمىللىگەن ئىسپاتلىرىنى مەلۇم قىلدى.[530]

## جىنسىي زوراۋانلىق ۋە تۇغۇش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەر

ژۇرنالىستلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى باسقۇنچىلىق ۋە باشقا جىنسىي زوراۋانلىقلار ھەققىدە بىر قانچىلىغان ئىسپاتلارنى مەلۇم قىلدى.[531] سابىق ئىككى تۇتقۇن - بىر ئايال ۋە بىر ئەر ، ئۇلارنىڭ لاگېردا باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.[532] لاگېردا تۇرغان بىر سابىق ئوقۇتقۇچى باشقا تۇتقۇنلارنىڭ لاگېردىكى ساقچىلار تەرىپىدىن باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقىنى دوكلات قىلغان.[533] يەنە بىر سابىق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە ، لاگېر قاراۋۇللىرى- تۇتقۇنلارنىڭ لاگېردىكى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ، ھەمدە كوللېكتىپ ھالدا باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا ئېيقانلىرىنى ئاڭلىغان.[534] يەنە بىر سابىق تۇتقۇننىڭ لاگېردا باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقىنى كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرگۈچىسى دوكلات قىلدى.[535] خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى باسقۇنچىلىق ھەققىدە بىرىنچى قول ئىسپاتنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ ، ئەمما رازىيە ، كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ بىر دوستى بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى ، ئۇ دوستىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرى قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن قايتا-قايتا باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى.

**ئۆزۈمنىڭ لاگېرغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە ئىنتايىن قورقۇپ كەتتىم ، چۈنكى 20 نەچچە ياشلاردىكى بىر قوشنام لاگېردا تۇرغان ئىدى. ئىككىمىز بىللە ھاراق ئىچكەندە، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتتى... ئۇ ماڭا بىر قانچە خىتاينىڭ ئۇنىڭغا**

525 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
526 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
527 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
528 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
529 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.
530 جون سۇدۋورت ، ب ب س خەۋەرلىرىگە قاراڭ: «خىتاي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مودېلىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىنى ئاقلىدى» ، 2020-يىلى 18-ئاۋغۇست ، www.bbc.com/news/world-asia-china-53809345;
ستېفىن گىبىس ، «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» ، «تۈپلىشىپ باسقۇنچىلىق ، قىيناش ۋە قورقۇنچلۇق قىزىل X: خىتاينىڭ ھازىرقى زامان جازا لاگېرلىرىدىن ھايات قالغانلار تامنىڭ ئارقىسىدىكى دەھشەتلەرنى ۋە كىشىلەرنى قورقۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى» 2021-يىلى 22-ماي
www.dailymail.co.uk/news/article-9573113/Survivor-Chinas-modern-day-concentration-camps-reveals-horrors-walls.html
531 ئامى فېرىرس-روتمان ، «ۋاشىنگتون پوچتىسى» ، «بالا چۈشۈرۈش ، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى (IUDs) ۋە جىنسىي ھاقارەت: خىتايدىن قازاقىستانغا قېچىپ چىققان مۇسۇلمان ئاياللار ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى سۆزلەپ بەردى».
www.washingtonpost.com/world/asia_pacific/abortions-iuds-and-sexual-humiliation-muslim-women-who-fled-china-for-kazakhstan-recount-ordeals/2019/10/04/551c2658-cfd2-11e9-a620-0a91656d7db6_story.html%20
ھوقۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، «كۆرۈنمەس ئازاب: شىنجاڭدىكى جىنسىي ۋە جىنسىيەتنى ئاساس قىلغان زوراۋانلىق» ، 2020-يىلى 11-ئاي ، www.rightspractice.org/Handlers/Download.ashx?IDMF=475641a4-18f3-481f-9286-96f830c0a5ce
532 ماتتېۋ خىل ، دەيۋىد كامپانالە ، جوئېل گۈنتېر ،BBC خەۋىرى ، «`ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەممەيلەننى يوقىتىش` : لاگېردىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنىڭ سىستېمىلىق باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈردى» ، 2020 يىلى 2-فېۋرال, www.bbc.com/news/world-asia-china-55794071; ستېۋ چاۋ ، ئەلجەزىرە ، «ئاشكارىلاش: خىتاينىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشى» ، 2019-يىل 1-فېۋرال www.aljazeera.com/features/2019/2/1/exposed-chinas-surveillance-of-muslim-uighurs
533 داۋىد ستاۋروۋ ، خارېتز ، «بىر مىليون كىشى خىتاينىڭ لاگېرىغا قامالغان. مەن قاچالىدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي بولۇۋاتقان ئىشلار: باسقۇنچىلىق ، قىيناش ۋە ئادەملەرنى تەجرىبە قىلىش. سايراگۇل ساۋۇتباي شىنجاڭدىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» ھەققىدە ئۆزىنىڭ گۇۋاھلىقىنى بەردى» ، 2019-يىل 17-ئۆكتەبىر ،
www.haaretz.com/world-news/.premium.MAGAZINE-a-million-people-are-jailed-at-china-s-gulags-i-escaped-here-s-what-goes-on-inside-1.7994216
534 رۇت ئىنگرام ، «دىپلومات» ژۇرنىلى ، «شىنجاڭ لاگېرى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىقرارنامىسى» ، 2020-يىلى 17-ئاۋغۇست ، thediplomat.com/2020/08/confessions-of-a-xinjiang-camp-teacher/
535 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، «`ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ ، نەسەبىنى قۇرۇتۇش`: ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنى نىشان قىلغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ، 2021-يىل 19-ئاپرېل ، www.hrw.org/report/2021/04/19/break-their-lineage-break-their-roots/chinas-crimes-against-humanity-targeting#_ftn232

**باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى دېدى، «ئىككىسى قولۇمنى تۇتتى، ئىككىسى پۇتۇمنى تۇتتى، بىرى ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى» دېدى.**[536]

باشقا دوكلاتلاردا ، جىنسىي ۋە تۇغۇش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش شەكلىدىكى جىنسىي زوراۋانلىق تەسۋىرلەنگەن.[537] خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ، شۇنداقلا خىتاي ئاياللىرىنىڭ بالا تۇغۇشنى تاللىشىغا ئارىلىششى ناھايىتى تەپسىلى ھۆججەتلەشتۇرۇلگەن.[538] ژۇرنالىستلارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى تۇغۇت چەكلەش مەقسىتىدە قەرەللىك ھالدا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈسكۈنىسى سېلىش ، ھامىلدارلىق تەكشۈرۈشى ، تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش ۋە بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلىنىدىكەن.[539]

سابىق تۇتقۇن كۈئانىش خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۆزىنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشىدىن تەخمىنەن بىر يىل ئىلگىرى ئايالىنىڭ مەجبۇرىي بالا ئالدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى:

**ئايالىم ھامىلدار بولغىنىغا يەتتە ئايلىق بولغان ئىدى... قانۇندا ئەگەر ئىككىدىن ئارتۇق بالىڭىز بولسا، ئۇنداقتا سىز چوقۇم جەرىمانە تۆلىشىڭىز كېرەك ئىدى، ئەگەر تۆلىيەلمىسىڭىز تۈرمىگە كىرىسىز... مەن ئۇلارغا جەرىمانىنى تۆلىيەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار ئۇنىمىدى، بىز ئەڭ ياخشىسى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىمىز، دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئايالىمنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ بالىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇلار جەسەتنى سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ قويىدى... مەن ئوغۇللىرىمنى ئېلىپ، ئۇنى كۆمۈپ قويدۇق.**[540]

دارخان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: 2017-يىلى ئۇلار ، باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە بىخەتەرلىك خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان ئاياللارغا بېسىم قىلىپ ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان:

**يىغىندا بىر ئايالنىڭ ھامىلدارلىقىنى يوشۇرغانلىقى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ... ئاندىن [پىلانلىق تۇغۇت ئورگىنىدىكى] كادىرلار ئۇ ئايالنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى. ئەگەر بىر ئايالنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكى جەزملەشتۇرۇلسە، بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىمىز... ياردەمچى ساقچى ۋە كادىرلار... 7-8 ئادەم... بىز [ئاياللارغا] [ئەگەر ئۇلار بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتمىسە] ئۇلارنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتىمىز... راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئۇلارغا تەھدىت سالىمىز... ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋاقلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى خالايدۇ... ئاندىن بىز قورقۇتىمىز... ساقچىلار ئەگەر سىز قوشۇلمىسىڭىز [بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلمىسىڭىز]، ئۇنداقتا بىز سىزنى تۈرمىگە سولايمىز دەيدۇ. [ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى] يىغلايدۇ.... بىز ئۇلارنى زورلىدۇق... مەن دوختۇرخانىغا بارمىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردىم. بىز ئائىلىدە تۇرۇپ ئۇلارغا تەسەللى بېرەتتۇق... بىز ئۇلارنىڭ غەزەپلەنگەن ياكى غەزەپلەنمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كېيىن زىيارەت قىلاتتۇق.**

دارخان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان يولغا قويۇلغانلىقىنى ، ئەمما چېن چۈەنگو شىنجاڭغا پارتىيە سېكرېتارى بولغاندىن كېيىن ، ئۇلار بۇ سىياسەتنى باشقىچە قاتتىق ئىجرا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلانمايتتى ، جەرىمانە تۆلىسىلا بولاتتى».[541]

مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم سابىق تۇتقۇنلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامالغان ئاياللار پىلانلىق تۇغۇت سىنىپىغا قاتناشتۇرۇلغان ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى ئىچكۈزۈلگەن ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئوكۇلى ئۇرۇلغان ياكى بالىياتقۇسىغا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈسكۈنىسى مەجبۇرىي سېلىنغان.[542] ئېلنارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا يولدىشىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىغا مەجبۇرىي ئەر-ئايال زىيارىتىگە ئاپىرىلغانلىقىنى ، زىيارەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا ئىچكۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتتى.[543]

---

536 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

537 ئامىي چىن ، «نيۇ-يورك ۋاقىت ۋاقتى» گېزىتى ، «خىتاي شىنجاڭدىكى تۇغۇلۇشنى كېمەيتىش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاياللارنى نىشانلىدى: خىتاينىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ، چۈشۈۋاتقان تۇغۇش نىسبىتىنى توسۇش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ كۆپرەك بالىلىق بولۇشى تەلەپ قىلىندى ،ئەمما ئۇلار شىنجاڭدا ئېخىمۇ ئاز تۇغۇشقا مەجبۇرلاندى» ، 2021-يىل 12-ماي ، www.nytimes.com/2021/05/10/world/asia/china-xinjiang-women-births.html

538 ھوقۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، «كۆرۈنمەس ئازاب: شىنجاڭدىكى جىنسىي ۋە جىنسىيەتنى ئاساس قىلغان زوراۋانلىق» ، 2020-يىلى 11-ئاي ، www.rights-practice.org/Handlers/Download.ashx?IDMF=475641a4-18f3-481f-9286-96f830c0a5ce

539 ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى: «خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى ، بالا چۈشۈرۈش ، تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش بىلەن ئازايتىۋاتىدۇ» ، 2020-يىل 6-ئاينىڭ 29-كۈنى ، apnews.com/article/269b3de1af34e17c1941a514f78d764c; سىمىنا مىستىرېئانۇ ۋە روشى پوپ ، «مۇستەقىللىق گېزىتى» ، «ئازاب يوقالمىدى: شىنجاڭ ئاياللىرى خىتاينىڭ رەھىمسىزلەرچە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ۋە تۈرمىگە تاشلاشتەك ۋەھشىيلىكلىرىنى ئاشكارىلىدى» ، 2020-يىل 16-ئۆكتەبىر ، www.independent.co.uk/news/world/asia/china-uighur-xinjiang-forced-abortion-imprisonment-beijing-xi-kazakhstan-b1072127.html

540 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

541 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

542 ئامى فېررىس-روتمان ، «ۋاشىنگتون پوچتىسى» ، «بالا چۈشۈرۈش ، تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى (IUDs) ۋە جىنسىي ھاقارەت: خىتايدىن قازاقىستانغا قېچىپ چىققان مۇسۇلمان ئاياللار ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى» ، 2019-يىل 5-ئۆكتەبىر ، www.washingtonpost.com/world/asia_pacific/abortions-iuds-and-sexual-humiliation-muslim-women-who-fled-china-for-kazakhstan-recount-ordeals/2019/10/04/551c2658-cfd2-11e9-a620-0a91656d7db6_story.html%20;

«ئاسىيا خەۋەرلىرى» ، 2019-يىلى 1-نويابىر ، «ش ئۇ ئا ر دىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ‹ياتاقلىق مەكتەپ› لەردە باسقۇنچىلىق ، خورلاش ۋە مەجبۇرىي تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش» www.asianews.it/news-en/Rape,-abuse-and-sterilisation-in-XUARs-boarding-schools-for-Uyghurs-48429.html

543 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.



# 6 يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن كېيىنكى ھايات

**«مەن [قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن]، ئۆزۈمى ۋىدىيوغا ئېلىپ، خىتاي كومپارتىيەسى ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى توغرىسىدا، ھەم دۆلەتنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكى، تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى [چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتى] قىلغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىم كېرەك ئىدى».**

تاجىگۇل يىغىۋېلىش لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلىش ئۈچۈن ۋىدىيودا يالغان سۆزلىشى تەلەپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان.

## 1.6 يىغىۋېلىش لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلىش جەريانى

تۇتقۇنلارنىڭ لاگېرلاردىن قويۇپ بېرىلىش ياكى قويۇپ بېرىلمەسلىكىنى قارار قىلىش جەريانى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، بۇنى سابىق تۇتقۇنلارمۇ بىلمەيدۇ. دەسلەپكى تۇتقۇن قىلىش ۋە يىغىۋېلىش لاگېرىغا يۆتكەش جەريانلىرىغا ئوخشاش تەرتىپلەر، تۇتقۇنلارنىڭ لاگېرلاردىن قويۇپ بېرىلىش جەريانىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسى ياكى دۆلەتنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىچكى قانۇنلىرىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ھېچقانداق ئېنىق بىر ئۆلچەم ياكى قانۇنىي ئاساس ۋەياكى قوغداش تەدبىرلىرى يۈتۈنلەي يوق. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشكە تۆرۈتكە بولغان ھېچقانداق سەۋەبلەرنىڭ كۆرسىتىلمىگەنلىكى، ئادىللىق بىلەن تەلەپ قىلىنىدىغان رەسمىيەتلەرنىڭ بېجىرىلىشى- بىر شەخسنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە مەسىلىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ

ئاشكارىلانغان خىتاي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، بولۇپمۇ تېلېگراممىسا، ھۆكۈمەتنىڭ قويۇپ بېرىش جەريانىنى قانداق پىلانلىغانلىقى ھەققىدە ئاز دېگەندە بىر نۇقتىدا چۈشەنچە بېرىدۇ.[544] سابىق تۇتقۇنلار ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىغا ھەمدە تېلېگرام مەنبەلىرىدىن بىلگەنلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، بىراۋنى قويۇپ بېرىش ياكى باشقا يەرگە يۆتكەش قارارى بولسا ، بىر شەخسكە، ئۇ دەسلەپتە تۇتۇلغان ۋاقىتتىدا بېرىلىشى زۆرۈر بولغان باشلىنىش جەريانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئەنە شۇ پەيتتىن باشلاپ دائىمىي نازارەت قىلىش ۋە باھالاش جەريانى مەۋجۇت بولۇپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە نومۇر قويۇلىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۇتقۇن قىلىنغان كىشىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ نومۇرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ دەل ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارغا ئايلىنىدۇ.

تېلېگراممىغا ئاساسلانغاندا، بىر تۇتقۇن يىغىۋېلىش لاگېرىغا كەلگەندىن كېيىن، لاگېردىن قويۇپ بېرىلىشكە ھازىر بولىدىغانلىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن يېتىشى كېرەك بولغان بەش چوڭ ئۆلچەم بار ئىكەن. تۇتقۇن چوقۇم:

- نورمال باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى كېرەك ؛
- لاگېردا كەم دېگەندە بىر يىل تۇرغان بولۇشى كېرەك ؛
- لاگېرغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ «مەسىلىسى»گە قارىتا مەلۇم دەرىجىدىكى ياخشىلىنىشلارنى نامايان قىلغان بولۇشى كېرەك ؛
- «ئىدىيەۋى ئۆزگىرىش، ئىلمىي نەتىجە، ماسلىشىش ۋە ئىنتىزام» قاتارلىقلاردا يېتەرلىك نومۇرغا ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك، ھەمدە
- «تاماملاشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا ئەھۋاللار» بولماسلىقى كېرەك.

---

544 تېلېگراممىسا (ئىلگىرى نەقىل ئېلىنغان)، 17-پاراگراف.

بۇ ئۆلچەملەرگە يەتكەندىن كېيىن ، تۇتقۇن لاگېر ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر قانچە قوشۇمچە باھالاشنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپكى باھالاشلاردىن ئۆتىدۇ. ئالدى بىلەن ، «پارتىيە تەشكىلاتى سېكرېتارى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار باھالاش گۇرۇپپىسى» بولسا «دەسلەپكى» باھالاش ئېلىپ بارىدۇ ، ئاندىن بىرلەشمە ھەرىكەت سۇپىسى (Integrated Joint Operations Platform) نى تەكشۈرۈپ ، ئۇنىڭدا «يېڭى مەسىلىلەر» بىلەن بەلگە قويۇلغان-قويۇلمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ. ئاندىن بىرلەشمە ھەرىكەت سۇپىسى تەرىپىدىن بەلگە قويۇلغان يېڭى مەسىلىلەر بولمىغاندا ، بۇ ئەھۋال ئوخشىمىغان ئۈچ ھۆكۈمەت كادىرلار گۇرۇپپىسىغا «قاتلاممۇ-قاتلام» دوكلات قىلىنىدىغان بولۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا «يەرلىك (ۋىلايەتلىك ياكى شەھەرلىك) كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مۇلازىمەت ئىدارىسى» بولسا «يەرلىك [پارتىيە] كومىتېت ئەزالىرى» بىلەن ھەمكارلىشىپ ، تۇتقۇننىڭ «پۈتتۈرۈش» كە ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇپ بېرىلىشكە تەييار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقىرىدۇ.[545]

تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىش قارارى تېلېگراممىدا بايان قىلىنغان ئۆلچەملەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئامىللارنى ئاساس قىلغانلىقىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا ، تېلېگراممىدىكى ئۆلچەملەرگە دائىم ئەمەل قىلىنمىغان. مەسىلەن ، بىر تۈركۈم تۇتقۇنلار لاگېردا بىر يىل تۇرمايلا قويۇپ بېرىلگەن.[546]

بىر تۇتقۇننى قويۇپ بېرىش قارارى يەنە تۇتقۇننىڭ لاگېر سىرتىدىكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ قىسمەن ھالدا ئاساس قىلىدىغان بولۇپ ، تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ نازارەت قىلىنغان ، باھالانغان ۋە تۇتقۇننىڭ نومۇرىغا كىرگۈزۈلگەن. تۇغقانلىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمەيۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا 2017-يىل چىقارغان ھۆكۈمەت يولىيورۇقىدا ، كادىرلار ئوقۇغۇچىلارغا - ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ نومۇرىغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىشى كۆرسىتىلگەن.[547] سابىق تۇتقۇنلارنىڭ يەنە ئېيتىشىچە ، ئۇلار قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىنىڭ سوراق قىلىنغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بىر ئۆزۈن تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى تولدۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئۆزلىرى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بىلگەن.[548]

ئۆز كەنتىدىكى ئائىلىلەرگە نومۇر قويغان ھۆكۈمەت كادىرى ئايماننىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، كادىرلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ نومۇر قويىدىكەن. ئەگەر ئائىلە ئەزالىرى مەلۇم زاۋۇتلارغا ئىشلەشكە بارسا ياكى خىتاي تىلى دەرسىگە قاتناشسا ئۇلارنىڭ نومۇرىمۇ ئاشىدىكەن. گەرچە ئايمان تۇتقۇنلارنىڭ ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ياخشى ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن تۇتقۇنلارنىڭ بالدۇر قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارىسىمۇ ، تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلىلىرىگە ئاشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشقا بۇيرۇلغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئايماننىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئەرلەر لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەندە ، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ ، ئۇلارنى زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە مەجبۇرلايدىكەن:

> **ئەگەر [بىر ئايال] بۇنىڭدىن باش تارتسا ، ئۇنداقتا ئۇلارغا ئېرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ناچارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەھدىت سېلىنىدۇ... مېنىڭ نازارىتىمدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زاۋۇتلارغا ئېلىپ كېلىنگەنلەر [نەچچە ئون ئايال] بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ باشقا تاللىشى يوق ، چۈنكى ئۇلار پۇلغا ئېھتىياجلىق ئىدى [يولدىشى لاگېرغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ كىرىمى ئۈزۈلۈپ قالاتتى].[549]**

كەنت باشقۇرۇش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن ۋە لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنىڭ ئارخىپىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان پاتىمە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، تۇتقۇنلارنىڭ لاگېر سىرتىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قانداق مەسئۇل بولىدىغانلىقى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى تۇتقۇنلارنىڭ نومۇرىغا قانداق سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ، بۇ ۋاستىلەر بولسا ھۆكۈمەتنىڭ كىمنى قويۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچىم قىلىپ قوللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى:

> **ئەگەر بىرەيلەن [لاگېرغا ئەۋەتىلگەن] بولسا ، بۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۈچ ئەۋلادىغا تەسىرى بولىدۇ. مەسىلەن ، ئەگەر ئاتا-ئانىسى لاگېرغا ئەۋەتىلگەن بولسا ، بۇ شۇ ئاتا-ئانىنىڭ ئوغلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، يەنى ئۇ ھۆكۈمەت ياكى ساقچىخانىدا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنمايدۇ... يەنە مەسىلەن ، ئۇلار- [لاگېردىكى كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئۆيىدە كېچىدە تۇرغان] كادىرلار ، شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ناماز ئوقۇغان ياكى ئوقۇمىغانلىقىنى**

545 تېلېگرامما (ئىلگىرى نەقىل ئېلىنغان) ، 18-پاراگراف .
546 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى ؛ شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغىمۇ قاراڭ ، shahit.biz/eng/
547 «شىنجاڭ ھۆججىتى» : ئوستىن رامزى ۋە كىرىس باكلېي ، ««قەتئىي رەھىم-شەپقەت قىلماسلىق› : ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇشنى قانداق تەشكىللىگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى: خىتاينىڭ 400 بەتتىن ئارتۇق ئىچكى ھۆججەتلىرىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان باستۇرۇشتىكى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىچكى ئەھۋاللانى ئاشكارىلاندى» ، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى ، 2019-يىل 16-نويابىر ، www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-xinnang-
548 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
549 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**كەنت كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار بۇنى بايقاپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىش [لاگېردىكى كىشىنىڭ] نومۇرىنى تۆۋەنلىتىلىدۇ... ئەگەر بىرى قايتا تەربىيىلەش لاگېرىغا ئەۋەتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دەرسلەرگە قاتناشمىسا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار قاتناشقان بولسا، ئۇ ئائىلە ياخشى نومۇرغا ئېرىشىدۇ ۋە لاگېردىكى ئادەم بالدۇرراق قويۇپ بېرىلىدۇ، ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز ھەر ھەپتە ئېرىشكەن نومۇرلارنى توپلاپ، قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرىغا ئەۋەتتۇق.[550]**

كۆرۈلگەن بەزى قويۇپ بېرىلىشلەر ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك بولغانلىقى كۆرسىتىدۇ ، بۇ بەلكىم خەلقئارانىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ، پەقەت مەلۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرگىلا قارىتا سىياسەتنى ئۆزگەرتىشى سەۋەبىدىن ، بولۇپمۇ قازاق مىللىتىگە قارىتا ، كۆپلىگەن تۇتقۇنلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىك ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى ، لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان قازاقلارنىڭ كۆپ قىسمى ، بولۇپمۇ قازاقىستان پۇقراسى بولغانلار ياكى قازاقىستان بىلەن ئائىلە مۇناسىۋىتى بولغانلار قويۇپ بېرىلگەن.[551] كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلار ، ئۇلار تۇرغان لاگېردىكى باشقا كۆپلىگەن قازاق تۇتقۇنلارنىڭ ئۆزى قويۇپ بېرىلگەن ۋاقىت بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتقان. دىنغا چېتىشلىق ئەيىبلەش بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان دۆلەت ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۇ ئۆزى تۇرغان لاگېردىكى بارلىق قازاق تۇتقۇنلارنىڭ ئاساسەن ھەممىسى دېگۈدەك قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى: «مەن لاگېردا تۇرۇۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى قازاقلارنىڭ بىرى ئىدىم».[552] كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي ھۆكۈمىتىگە چۈشكەن بىر قىسىم قازاق تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان جەمئىيەت بېسىمى سەۋەبىدىن ئۇلار قويۇپ بېرىلگەن دەپ قارايدىكەن.[553] خەۋەر قىلىنىشىچە ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىمۇ يېپىق دىپلوماتىيە قوللىنىپ ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قازاقلارنى لاگېردىن قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن خىتايغا بېسىم ئىشلەتكەن.[554]

باشقا مىللەت ئەزالىرىنىڭ ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش نىسبەتتە قويۇپ بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرى ناھايىتى كەم. ئەمما بۇ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇپ بېرىلمەسلىكى سەۋەبىدىن بولغانمۇ ياكى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشى ھەققىدە بىر قەدەر ئەركىن سۆزلىيەلەيدىغان دۆلەتلەرگە چىقالمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغانمۇ ۋە ياكى قويۇپ بېرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈرلارنى باشقىلارغا دېيەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغانمۇ ، بۇ تېخى نامەلۇم. كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بىر نەچچە سابىق قازاق تۇتقۇنلار ، گەرچە كۆپلىگەن لاگېرغا تۇتۇلغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن قويۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلار قازاقلارغا قارىغاندا ئاز ئىكەنلىكى ، ئۇلار بىلىدىغان لاگېرلاردىن قويۇپ بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ قازاقلار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.[555]

## 2.6 سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى قويۇپ بېرىلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى

تۇتقۇنلار ھۆكۈمەتنىڭ قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىدىن ئېنىق خەۋەردار بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ دائىم باھالىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۇلارنىڭ مەلۇم نىشانغا يەتكەنلىكىدىن ، مەسىلەن مەلۇم مىقداردا خىتايچە خەت ئۆگەنگەنلىكىدىن بولغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.[556] نۇرغۇن كىشىلەر لاگېر قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنى ئۇزارتىدىغانلىقىنى بىلگەن.

550 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

551 جېنى بۇنىن ، «تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلى ، 2019-يىلى 18-يانۋار ، «تۇتقۇنلار شىنجاڭنىڭ لاگېرلىرىدىن بىر-بىرلەپ ئېقىپ چىقىۋاتىدۇ: ھازىرغا قەدەر قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆيدە نەزەربەند قىلىش ياكى مەجبۇرىي ئەمگەك ساقلاۋاتىدۇ ، بۇ بەلكىم ئاممىۋى مۇناسىۋەت تاكتىكىسى بولۇشى مۇمكىن».
foreignpolicy.com/2019/01/18/detainees-are-trickling-out-of-XUARs-camps/

552 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى.

553 شۇنداقلا قاراڭ: رېئىد ستاندىش ، ئايگېرىم تولېئۇخانوۋا ، «تاشقى سىياسەت» ژۇرنىلى ، «قازاقلار خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ھەققىدە سۈكۈت قىلمايدۇ: شىنجاڭدا قامالغانلار ئۈچۈن گەرچە ئۆز ھۆكۈمىتى ياقتۇرمىسىمۇ ، پائالىيەتچىلەر سۆزلەيدۇ» ، 2019-يىلى 4-مارت ،
foreignpolicy.com/2019/03/04/961387-concentrationcamps-china-XUAR-internment-kazakh-muslim/

554 كاتېرىن پۇتزنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ ، «دىپلومات» ژۇرنىلى ، «قازاقىستان ، شىنجاڭدىكى قايتا تەربىيەلەش لاگېردىكى قازاقلار ھەققىدە خىتاي بىلەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارشىلاشتى: ئاستانە شىنجاڭ قايتا تەربىيەلەش لاگېرىغا قامالغان ئۆز پۇقرالىرىغا ۋاكالىتەن بېيجىڭغا بېسىم قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ» ، 2018-يىلى 14-ئىيۇن ،
thediplomat.com/2018/06/carefully-kazakhstan-confronts-china-about-kazakhs-in-xinjiang-re-education-camps/;
برۇس پاننىېر ، ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى ، «قازاقىستان مەجبۇرىي غايىب بولۇش ۋەقەسىدە خىتاي بىلەن قارشىلاشتى» ،2018-يىلى 1-ئىيۇن ،
https://www.rferl.org/a/qishloq-ovozi-kazakhstan-confronts-china-over-disappearances/29266456.html;
«قازاق ۋاقتى گېزىتى» ، «خىتايدىكى قازاق دىئاسپوراسىنىڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى مەسلىھەتلىشىش داۋاملاشماقتا» ، 2017-يىلى 17-نويابىر ،
qazaqtimes.com/en/article/28539

555 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى.

556 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى.



قەشقەردىكى قارقى دەرۋازا جامىئەسى، 2017-يىلدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ.



قارقى دەرۋازا جامەسىنىڭ دىنىي تۇسى ئاياغ ئاستى قىلىنغان ۋە يېڭى شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەسچىت ۋە باشقا دىنىي سورۇنلار چېقىۋېتىلگەن ياكى دىنىي جەھەتتىكى مۇقەددەسلىكى ئاياغ ئاستى قىلىنغان.

گەرچە ئۆزلىرىنىڭ باھالىنىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، ئەمما قويۇپ بېرىلىشنى لاگېرلاردا قىلغان ياكى قىلمىغان ھەر قانداق ئىش بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قارايدىغان سابىق تۇتقۇنلار ناھايىتى ئاز. كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى قازاق مىللىتى بولغانلىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قازاقلارنى لاگېردىن قويۇپ بېرىشنى قارار قىلىشى دېگەندەك كۆپىنچە ھالدا ياكى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان ئامىللارغا باغلايدۇ.[557] بەزىلەر ئۇلارنىڭ چەتئەلدە ياشايدىغان ئائىلە ئەزالىرى ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى مۇراجىئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەن دەپ قارايدۇ.[558] يەنە باشقىلار ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ.[559] ئاسلىبېك خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: «مەن قويۇپ بېرىلگەن كۈنى ئۇلار 12 ئادەمنى قويۇپ بەردى... ئۇلار: `ۋاقتىڭ توشتى ، ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتساڭ بولىدۇ` دېدى. ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمىدى. ئۇلار تۇڭگان ياكى ئۇيغۇرلارنى ئەمەس ، بەلكى قازاقلارنىلا قويۇپ بەردى».[560]

بەزى سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى دەسلەپتە تۇتۇلغاندىكى سەۋەب بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. مەلۇم «جىنايەتلەر» سەۋەبىدىن ، بولۇپمۇ دىنغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر سەۋەبىدىن تۇتۇلغانلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن دەپ قارالغان.[561] بۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسى باشقا بىر قانچە تۈرلۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە چۈنكى دىنىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لاگېرلارغا سولانغانلار ئادەتتە «قاتتىق» ياكى «ئىنتايىن قاتتىق» باشقۇرۇش كاتېگورىيەگە قويۇلۇپ باشقۇرۇلىدۇ. ئاشكارلانغان تېلېگراممىغا ھۆججەتلىرىدە ئېيتىلغاندەك بۇ يەردىكى سەۋەبلەر شۇكى ، ئۇلار ئۈچۈن- قويۇلغان كاتېگورىيەدىن «نورمال» باشقۇرۇلۇش كاتېگورىيەسىگە يۆتكىلىش ھەم قويۇپ بېرىلىش شەرتلىرىنى ھازىرلىشىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تەلەپ قىلىنىدۇ.

سابىق تۇتقۇنلار قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ۋە باشقا تەرتىپ باسقۇچلىرى تېلېگراممىدا بايان قىلىنغان جەريان بىلەن ئاساسەن بىردەك بولغان. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن لاگېر ۋە باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن سوراق قىلىنغان ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئوخشىمىغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بىر قانچە گۇرۇپپا ئەمەلدارلار تەرىپىدىن سوراق قىلىنغان.[562] تېلېفونىدا ۋاتسئەپ (WhatsApp) بارلىقى سەۋەبىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان نۇرگۈلنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، قويۇپ بېرىش جەريانى بىر قانچە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا باغلىنىشلىق ئىكەن. «بۇ شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەنگە ئوخشايدۇ. مەمۇرلار لاگېرغا كەلدى. ئۇلار مېنىڭ ھۆججەتلىرىمنى تەكشۈردى ، ئۇلار مەندىن ياخشىلانغان-ياخشىلانمىغانلىقىمنى ، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئەمەل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار دوستلىرىڭىز ۋە قوشنىلىرىڭىزدىن سىزنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى سورايدۇ» دېدى.[563]

قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇنقى سۆھبەتلەردە سورالغان سوئاللارمۇ ئوخشاش مەزمۇندا بولغان. تۇتقۇنلاردىن ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ، چەتئەلدىكى ئالاقىلىرى ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان جەرياندا قايتا-قايتا سورالغان تېمىلار تەكرار سورالغان. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ «جىنايى قىلمىشلىرى» نى «ئىقرار قىلىش» ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ، تەربىيەلەشكە قاتناشقىنىغا ئىنتايىن مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ، ئىدىيەسىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ، بۇندىن كېيىن قايتا ئۇنداق قىلماسلىققا قەسەم قىلىش ھەمدە ئىسلام دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىش ھەمىشە تەلەپ قىلىنغان. شۇنىڭدەك تۇتقۇنلاردىن يەنە قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنغان.[564]

ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن ، بارلىق سورالغان سوئاللارغا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ كۈتكىنىدەك جاۋاب بېرىش زۆرۈر دەپ قارىغان. ئايتۇغاننىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيىشىچە ، قويۇپ بېرىلىشتىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى ، ئۇ ئوخشىمىغان تۆت گۇرۇپپا ، يەنى «مەكتەپ» دەرىجىلىك (يەنى لاگېر دەرىجىلىك)، ناھىيە دەرىجىلىك ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئوخشاش سوئاللارنى سورىغان ، ھەمدە ئۇ بۇ سوئاللارغا چوقۇم بەلگىلەنگەن جاۋابلارنى بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ دەپ قارىغان:

> **ئۇلارنىڭ ھەممىسى [زىيارەتلەر] ئوخشاش ئىدى. ئۇلار بىزدىن: «نېمىنى ئۆگەندىڭىز؟ ئىدىيەڭىزدە ئۆزگىرىش بولدىمۇ؟ خىتاي دۆلىتىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ قايتا تەربىيە ئالغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتامسىز؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. بىز بارلىق سوئاللارغا ئىجابىي جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك ئىدى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تۈرمىگە تاشلىنىمىز. بىز بۇنى**

557 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
558 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
559 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
560 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
561 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
562 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
563 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى .
564 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**بىلمىز... [تۆت قېتىملىق زىيارەتنىڭ ھەر بىرى] بىر ھەپتىدىن ئىككى ھەپتە ئارىلىقىدا بولۇپ، 30 مىنۇتتىن 60 مىنۇتقىچە داۋاملاشتى... ئۇلار بىزنى تۇتقاندا، بىز ئۇنداق بىر ئىشنى قىلمىغان بولساقمۇ، [بىزنىڭ تۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن] شۇنداق بىر سەۋەبنى ياساپ چىقىقان ئىدى ... سىز [قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن] بىر نەرسە يېزىشىڭىز كېرەك. [يازغانلىرىڭىزنى] قويۇپ بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن باشلايسىز. ئاندىن سىز ناماز ئوقۇمايمەن، مەسچىتكە بارمايمەن ھەمدە خىتاينىڭ بارلىق قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىمەن دېگەن بىر جەدۋەلنى كۆچۈرۈپ يازىسىز.[565]**

زىيارەت جەريانى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا، تۇتقۇنلارغا بىر نەچچە پارچە خەت يازغۇزۇلغان ۋە ئىمزا قويغۇزۇلغان ھەمدە «ئىقرار قىلىش» خېتى، «مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش» خېتى قاتارلىق بىر قانچە رەسمىي ھۆججەتكە، ھەمدە كەم دېگەندە بىر پارچە، ئۇلارنىڭ لاگېردىكى تۇتۇپ تۇرۇلۇشى ھەققىدە ھېچنېمە ئاشكارىلىماسلىق، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق كىشىگە، بولۇپمۇ چەتئەللىكلەرگە ئاشكارىلىماسلىق بايان قىلىنغان ھۆججەتكە ئىمزا قويغۇزۇلغان.[566] سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇشى كېرەك ئىكەن. دۆلەت مۇنداق دېدى: «مەن قويۇپ بېرىلىشىم ئۈچۈن 19 پارچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇشۇم كېرەك ئىدى».[567]

ئۆزىنىڭ قازاقىستانغا ساياھەتكە بارغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان نۇرگۈل خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۈچ پارچە خەت يازدۇرۇلغانلىقى ۋە ئىمزا قويدۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.

**مەن قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش خېتى يېزىپ، ئۇلارنىڭ بىزگە تاماق بەرگەنلىكى ۋە تەربىيەلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك ئىدى، ھەمدە مەن قازاقىستانغا بېرىپ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم دەپ ئىقرار خېتى يېزىشىم كېرەك ئىدى... قويۇپ بېرىلىش ئۈچۈن ئۈچ پارچە خەت لازىم ئىدى. [ئۈچىنچى] خەتتە [بىزنىڭ] لاگېردىكى كەچۈرمىشلىرىمىز ھەققىدە ھېچنېمە دېيىشمىزگە بولمايتتى. ئەگەر خىلاپلىق قىلسام سوتلىنىپ لاگېرغا قايتۇرۇلۇشقا قوشۇلىمەن دەپ يازدىم.[568]**

تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىگە، ئەگەر لاگېرلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىسا، ئۇلارنىڭ قايتا تۇتۇلىدىغانلىقى ياكى تۈرمىگە سولىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئېيتىلغان. يەنە باشقا سابىق تۇتقۇنلارغا ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭمۇ لاگېرلارغا ئەۋەتىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. زور تۈركۈمدىكى قازاق تۇتقۇنلار بىلەن بىللە قويۇپ بېرىلگەن نۇرئىسلام خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزلىرىنىڭ لاگېر خادىملىرى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن، گۇرۇپپىدىكى ھەممىيلەنگە- ئەگەر ئۇلار لاگېرلار ھەققىدە بىرەر نەرسىنى ئاشكارىلىسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنى ئائىللىرى بىلەن بىللە لاگېرغا قايتىدىن قامايدىغانلىقىنى ئېيتقان.[569] ئايدار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن پارتىيەگە مىننەتدارلىق خېتى يېزىشى ھەم ئائىلىسىگە لاگېرغا ئەۋەتىلىش جازاسى بېرىش شەرتى ئاستىدا، لاگېر ھەققىدە ھېچنېمىنى ئاشكارىلىماسلىققا قەسەم قىلىشى تەلەپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان:

**قويۇپ بېرىلىشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى [ئاخىرقى قېتىم لاگېردا سوراق قىلىنغىنىمدا]، مەن بارغان [زىيارەت قىلغان] چەتئەللەردە بېشىمغا كەلگەن بارلىق ئىشلارنى يېزىشىم كېرەك ئىدى. كوممۇنىزم ۋە دېموكراتىيە ھەققىدە يازدۇردى. مەن كوممۇنىزمنى مەدھىيەلەپ، دېموكراتىيەنى تىللىشىم كېرەكلىكىنى بىلىدىغان بولغاچقا، مەن شۇنداق قىلدىم. ئەگەر مەن لاگېردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلىسەم، ئاتا-ئانامغا جازا بېرىلىدىغانلىقىنى يېزىشىم كېرەك. ئاندىن مەن قەغەزگە ئىمزا قويۇپ، بارماق ئىزىمنى بېسىشقا مەجبۇر بولدۇم.[570]**

565 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

566 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى؛ ھەم بۇ خەۋەرگە قاراڭ: ئالىسون كىلىڭ ۋە مېگا راجاگوپالان، BuzzFeed خەۋەرلىرى، «ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى: سابىق تۇتقۇنلار خىتاينىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ دەھشەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى»، 2020-يىلى 27-ئاۋغۇست، www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/china-ex-prisoners-horrors-xinjiang-camps-uighurs; ئېملىي راۋخالا ۋە ئاننا فىفىلد، «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتى، «ئۇ خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن قۇتۇلۇپ ۋىرجىنىيەگە باردى. ئامېرىكا ئۇنى تۇرغىلى قويامدۇ؟»، 2019-يىلى 11-ئاينىڭ 17-كۈنى، www.washingtonpost.com/world/2019/11/17/she-survived-chinese-internment-camp-made-it-virginia-will-us-let-her-stay/?arc404=true

567 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

568 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

569 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

570 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتى.

بەزى سابىق تۇتقۇنلارغا ئۆزلىرىنىڭ لاگېردا تۇرغانلىقىنى ئىنكار قىلىشى بۇيرۇلغان.[571] بىر قانچە كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرىغا نېمە دېيىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەربىيەلەنگەن.[572] تاجىگۈل خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، ئۆزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۇلار ئۇ يەردە، ئۇنىڭغا گىرىم قىلدۇرغانلىقى ۋە تاماق بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. بىر ھەپتە جەريانىدا ئۇ قايتا-قايتا سوراق قىلىنغان، بۇ جەرياندا ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا ئىشلەتكۈزمەكچى بولغان ۋىدىيو ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن: «[مەن قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن] كومپارتىيەنى ماختايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ماگا قىلغانلىرى ھەققىدە ياخشى گەپلەرنى قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكى، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى [چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ] قىلمىۋاتقانلىقى ھەققىدە ۋىدىيو ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم».[573]

دارىگا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، قازاقىستانغا قايتىشىغا رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ لاگېرغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەنلىكى، لاگېردا ياخشى مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە لاگېردا تۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدە، شۇنداقلا دىنىنىڭ نېمىشقا ناچار ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى تەپسىلىي بىر ۋىدىيو ئىشلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن بۇلارنى دېيىشنى خالىمىغان بولساممۇ، ئەمما بالىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالاجىسىزلىقتىن بۇلارنى دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم».[574]

تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئەگەر ئۆز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ لاگېرغا بارغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىسە، ئۇلارنىڭمۇ تۇتۇلىدىغانلىقى ئېيتىلىپ تەھدىت سېلىنغان. كەنت باشقۇرۇش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن باتىمانىڭ سۆزىگە قارىغاندا، قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا تۇرغان تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇلارغا تۇغقانلىرىنىڭ لاگېردا تۇرغانلىقىنى ئاشكارىلىماسلىقنى، ئەگەر مۇخبىرلار بۇ توغرىسىدا بىر نەرسە بىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭمۇ تۈرمىگە سولىنىدىغانلىقى ئېيتىلىپ تەھدىت سېلىنغان.[575]

تۇتقۇنلار زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈش — تۇرۇشى ۋە كىشىلىك ئالاقىلىرىنى قاتتىق چەكلىگەن ھالدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان.[576]

# 3.6 سابىق تۇتقۇنلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇچرىغان مۇئامىلىلەر

سابىق تۇتقۇنلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، بولۇپمۇ يۈرۈش ئەركىنلىكى تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمىلەرگە دۇچ كەلگەن. بۇ چەكلىمىلەر بولسا شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنىۋاتقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان كەمسىتىش سىياسەتلىرىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان. (3.2 بۆلەككە قاراڭ)

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بارلىق سابىق تۇتقۇنلار ئېلېكترونلۇق ۋە ئادەملەر تەرىپىدىن بىۋاستە نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ھەمدە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئۇلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لاگېرلاردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بىر قانچە سابىق تۇتقۇنلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن يېرىكنىيېك كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئىش ئورنىغا دائىم بېرىپ، خىزمەتداشلىرىدىن ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى ھەققىدە سوئال سوراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[577]

2-بابتا مۇلاھىزە قىلىنغىنىدەك، سابىق تۇتقۇنلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تۇرمۇشىغا ئەڭ چوڭ دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرى ھۆكۈمەت نازارەتچىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ياكى كادىرلار ھەر ئايدا بىر نەچچە كېچە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىللە تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدىكەن.[578] يەنە بىر نەچچە سابىق تۇتقۇنلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار لاگېردىكى چاغلاردا ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرغان.[579]

---

571 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
572 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
573 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
574 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
575 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
576 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
577 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
578 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
579 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىمۇ يەنە ئۇلارنىڭ تۇتۇلغان تۇغقانلىرى لاگېردىكى ۋاقىتلاردا ۋە لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ھەر تۈرلۈك چەكلىمىلەرگە دۇچ كەلگەن. بۇ چەكلىمىلەر قوشۇمچە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىش ، ئۆيلىرىنىڭ ئاختۇرۇلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يورۇش - تۇرۇشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئازايتىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[580] ئىبراھىم كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزى لاگېردىكى ۋاقىتتا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ قانداق چەكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مەن لاگېردىكى ۋاقتىمدا ئائىلەدىكىلىرىم ئەركىن ياشاۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىغان ئىدىم ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆيگە نەزەربەند قىلىنغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار بىرەر يەرگە بارماقچى بولسا رۇخسەت سورىمىسا بولمايدىكەن... بىر كادىر ئۆيىمىزگە دائىم كېلىپ تۇرىدىكەن. (ئۆينىڭ ئالدىدىكى) يولدا كامېرا بار ئىكەن.[581]

يەنە كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلار لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دوستلىرى ، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە جامائەتلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان.[582] پاتىگۈل كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ئاخىردا خىتايدىن ئايرىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىجتىمائىي چەتكە قېقىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**مېنىڭ (قازاقىستانغا) قايتىشنى قارار قىلىشىمدىكى سەۋەب، مەن «خەتەرلىك ئادەم» دەپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، دوستلىرىم ھەتتا ئائىلەمدىكىلەرمۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇردى. كۆپچىلىك مېنى ھەتتا ئىجتىمائىي يىغىلىشلاردىنمۇ چىقىرىۋەتمەكچى بولۇشتى... بىخەتەرلىك خادىملىرى دائىم مەندىن سوئال سوراپ تۇردى. مەن ئىشلەۋاتقان ئورۇننىڭ باشلىقىمۇ دائىم مېنى سوراقىا تارتىپ تۇردى... گەرچە مەن ئەزەلدىن بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بولساممۇ، ئۇلار مېنى جىنايەتچى دەپ قارىدى.[583]**

قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن سابىق تۇتقۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا تەمىنلىگەن دەلىل- ئىسپاتلار- مۇخبىرلار ۋە باشقا تەكشۈرگۈچىلەر ئېرىشكەن دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن ، شۇنداقلا لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايدا سابىق تۇتقۇنلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ چىقتى. بۇ ئىسپاتلار بولسا تېلېگراممىدىكى بىر بۇيرۇقتا كۆرسۈتىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەر بىر سابىق تۇتقۇن لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قاتتىق نازارەت قىلىنىشى ، باھالىنىپ تۇرۇشى ۋە كونترول قىلىنىشى ھەمدە لاگېردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى«بىر يىل كۆرۈش سىزىقىدىن ئايرىماسلىقى» قاتارلىق ئىشلار تەلەپ قىلىنغان.[584]

## تەربىيەلەش داۋام قىلغان

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بارلىق لاگېر شاھىتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ خىتاي تىلى ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيە دەرسلىرىگە قاتنىشىش تەلەپ قىلىنغان.[585] تۇتقۇن قىلىنمىغان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭمۇ دائىم دەرسكە قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنغان. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ دەرسكە قاتنىشىشى تېخىمۇ كۆپرەك بولۇپ ، ئۇلار ئادەتتە ھەر كۈنى ئىككى ياكى ئۈچ سائەت تەربىيەلەشكە قاتناشتۇرۇلغان.[586] بەزى تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىمۇ كۈندە نەچچە سائەت تەربىيەلەشكە قاتناشتۇرۇلغان.[587] سابىق تۇتقۇنلارنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قاتناشتۇرۇلغان تەربىيەلەش دەرسىدە داۋاملىق «ئىقرار قىلىش ۋە ئۆزىنى تەنقىدلەش» خېتى يېزىپ ، شۇ يەردىكى كادىرلارنىڭ باھالىشىغا تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان.[588] بىر سابىق تۇتقۇننىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ يېزىسىدىكى قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا دەرسلەرگە قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنغان.[589] يەنە بىر نەچچە تۇتقۇنلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، خىتايلارنىڭ بۇ دەرسلەرگە قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنمىغان.[590]

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان نۇرغۇن لاگېر شاھىتلىرى ، ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان.[591] بۇ مۇراسىملاردا سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارا «ئىقرار قىلىش» ، ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش ، ئاشقۇن بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراش ۋە ئۇلار ئالغان تەربىيەنىڭ ئېسىللىكىنى مەدھىيەلەش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان.[592] سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە ، كەنتنىڭ بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭلا قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنغان. مەرىيەمگۈلنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، بۇ خىل پائالىيەتلەرگە

---

580 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
581 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
582 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
583 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
584 پاراگراف17-تېلېگراما (ئىلگىرى نەقىل ئېلىنغان).
585 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
586 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
587 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
588 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
589 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
590 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
591 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
592 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.





2017-يىلدىن بۇرۇن ئىمام ئاسىم مازىرىدا دۇئا قىلىۋاتقان ھاجىلار.

لاگېرغا كىرمىگەن كەنت ئەزالىرىنىڭمۇ بېرىشى تەلەپ قىلىنغان ، ئەمما پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەرلا قاتنىشىشقا مەجبۇرلانغان. مەريەمگۈل مۇنداق دېدى: «پەقەت ئۇيغۇرلارلا باردۇ. خىتايلار بىزنى مەسخىرە قىلىشىدۇ».[593]

دارىگا لاگېردا بىر يىلدىن كۆپرەك يېتىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي ، خىتاي كومپارتىيەسىنى مەدھىيەلەيدىغان ماقالە يېزىپ ، ئۇنى بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا ئوقۇش ۋە باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى ئېيتتى:

> **ئۇلار ماڭا: «مېنىڭ ئىسمىم دارىگا ، ... نىڭ قىزى ، مەن لاگېرغا باردىم... چۈنكى مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم ، هازىر پارتىيەگە رەھمەت ئېيتىش ئارقىلىق خاتالىقمنى تۈزەتتىم... هازىر مەن پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدا توغرا يولدا ياشاۋاتىمەن. ئۇلار مېنى توغرا يولغا سالدى» دېيىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن يەنە دىندار بولماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىمۇ دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىز ئىبادەت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىز ھەر ۋاقىت پارتىيەگە ئەگىشىشىمىز كېرەك.**

**تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىمۇ بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىشقا بۇيرۇلغان. بولات خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا ئاكىسىنىڭ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «[مېنىڭ] ئىنىم ‹كېسەل› يۇقتۇرۇۋالغان، مەن ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىمەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مەن كەچۈرۈم سورايمەن».[594]**

## سابىق تۇتقۇنلارنىڭ خىتاينىڭ ئىچىدىكى يۆتكىلىش ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشى

بارلىق سابىق تۇتقۇنلار لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يۆتكىلىش ئەركىنلىكى زور چەكلىمىلەرگە دۇچ كەلگەن. ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۇلار تۇرۇۋاتقان يېزا ياكى ناھىيەدىن چىقىشى چەكلەنگەن. چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىسىمۇ ، ئۇلار ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتتىن يازما رۇخسەت ئېلىشى كېرەك ئىكەن.[595] بىر سابىق تۇتقۇن تەمىنلىگەن ھۆججەتكە قارىغاندا ، رۇخسەت ئىلتىماسى ساقچىخانا ۋە پارتىيە كومىتېتى قاتارلىق تۆت ئوخشىمىغان يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن.

بەزى سابىق تۇتقۇنلار يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆيىدە نەزەربەند قىلىنغان. نۇرغۇن كىشىلەردىن ھەر كۈنى ساقچى ياكى يېزا باشلىقلىرىغا دوكلات قىلىپ تۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. بەزى تۇتقۇنلار ھەتتا كەنت باشقۇرۇش ئىشخانىسى ياكى ساقچىخانىدا بىر نەچچە ھەپتە ياكى بىر نەچچە ئاي تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان.[596]

ئايتوغان كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ قانداق چەكلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «مەن بەش ئاي نازارەت ئاستىدا ياشىدىم. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ يېزىسىدىلا تۇردۇم ، رۇخسەتسىز ھېچيەرگە بارالمايمەن. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە كەنت ئىشخانىسىغا دوكلات قىلىشىم كېرەك. يېزىدىن باشقا يەرگە بېرىش ئۈچۈن كەنت باشلىقىدىن رۇخسەت ئالمىسام بولمايتتى».[597]

نۇرغۇنلىغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلار لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۇلارنىڭ كىملىكلىرى ، ئۇلار ھەر بىر تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتكەندە ياكى كەنتتىن ئايرىلغاندا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىدىغان قىلىپ پروگراممىلانغان.[598] كىملىك ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىلگەندىن كېيىن ، ئۇلاردىن دەسلەپكى تۇتۇلغان چاغدىكى ۋە لاگېردىكى مەزگىلدىكىگە ئوخشاش سوئاللار سورىلىپ ، دائىم سوراق قىلىنىپ تۇرغان.[599] قازاقىستانىنى زىيارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر يىل تۇتۇپ تۇرۇلغان ماخابات خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ قانداق چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

> **مەن قويۇپ بېرىلگەندىن... كېيىن ئۆيدە نەزەربەند قىلىندىم. ھەر قېتىم كىملىكىمنى سىكانېرلىغاندا كىملىكىم ئۆتمەيدۇ... مېنىڭ باشقا شەھەرگە بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ھەتتا كوچىلاردا ماڭسامۇ لاگېردا ماڭغاندەك تۇيغۇدا بولىمەن... يېمەك-ئىچمەك سېتىۋالغىلى بارسامۇ ‹مەن لاگېردا تۇرغان› دېگەن جەدۋەلنى تولدۇرمىسام بولمايتتى. نومۇس قىلاتتىم... مېنىڭ قىزىم باشقا بىر يېزىدا تۇراتتى، ئەمما مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنى يوقلىيالمىدىم. سىز ھەر قېتىم كوچىدا ماڭغىنىڭىزدا، ئەتراپىڭىزنى ساقچىلارنىڭ قورشاپ تۇرغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟[600]**

593 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
594 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
595 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
596 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
597 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
598 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
599 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
600 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.



چېقىشتۇرۇلغان مازار... 

باشقا سابىق تۇتقۇنلارنىڭ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن كىملىكلىرى بىر مەزگىل مۇسادىرە قىلىنغان. «مەن [دەرىسكە ياكى بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشتىن باشقا ۋاقىتتا] ئۆيدىن مىدىرلىماسلىقىم كېرەك ، چۈنكى تەكشۈرگۈچى تۇيۇقسىز كېلىپ تەكشۈرەتتى». ئايسانالى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: «مەن ھەر ۋاقىت مۇشۇ جايلارنىڭ بىرىدە بولۇشۇم كېرەك. مېنىڭ كىملىكىمنى ئېلىۋالدى. مەن ئەركىن ھەرىكەت قىلالمىدىم».[601]

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن بىر قىسىم يۆتكىلىش چەكلىمىلىرى بوشاشقا باشلىغان. كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، بەزى چەكلىمىلەر ئالتە ئايدىن كېيىن بىكار قىلىنغان.[602] يەنە باشقا سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلارنىڭ يۆتكىلىش- تۇرۇشىغا قويۇلغان چەكلىمىلەر بىر يىلغىچە داۋاملاشقان.[603] بىر سابىق تۇتقۇننىڭ بىلدۈرۈشىچە ، ئۇنىڭ يۆتكىلىشكە قويۇلغان چەكلىمىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا قويۇپ بېرىلگەنلەر بىلەن تەڭ ئېلىۋېتىلگەن.[604]

سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىتلىرىغىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى لاگېردا تۇرغان مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاتتىق چەكلىمىلەر قويۇلغان. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئۆز كەنتىدىن باشقا يەرگە بېرىش ئۈچۈن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك ئىكەن.[605]

## سابىق تۇتقۇنلارنىڭ چەتئەلگە چىقىش ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشى

كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن يۆتكىلىش ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، چەتئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش ، ئەڭ ئاددىيسى ئۆزىنىڭ شەھىرىدىن ئايرىلىپ خىتاينىڭ ئىچىدە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن بىر ياكى بىر نەچچە كىشىنىڭ ئۆزىگە كېپىل بولۇشى ، شۇنداقلا ئەگەر كېپىل بولغۇچى ئۆزلىرى كېپىللىك قىلىۋاتقان كىشىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسى توغرىسىدا سۆزلىسە ياكى باشقىلارغا بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرسە ، ئۆزلىرىنىڭ لاگېردا ياتىدىغانلىقى ھەققىدە كېپىلنامە يېزىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.[606] بىر ياشانغان ئايالنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ خىتايدىن ئايرىلىش ئۈچۈن تۆرت كىشىلەرنىڭ كېپىللىكىگە موھتاج بولغان.[607]

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەتئەلگە چىقىشى ئىنتايىن قىيىنلاشقان.[608] بۇ چەكلىمىلەر 2015 ۋە 2016- يىللىرى تېخىمۇ كۈچەيگەن ، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى قوللىرىدىكى پاسپورتىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. 2017-يىلدىن باشلاپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن ئايرىلىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمىغان. (چەتئەلگە چىقماقچى بولغان ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتلار ئۈچۈن 2.3-بۆلەككە قاراڭ).[609]

قازاقلارنىڭ سەپەر قىلىشىمۇ چەكلەنگەن بولسىمۇ ، قانداقلا بولمىسۇن قازاقىستان پۇقرالىقى بار ياكى قازاقىستان بىلەن كۈچلۈك ئائىلە مۇناسىۋىتى بار بولغان بىر قىسىم قازاقلار خىتايدىن چىقالىغان. بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە ، قازاقىستان ئەمەلدارلىرىنىڭ دىپلوماتىك ئارىلىشىشى ياكى قازاقىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى سەۋەبىدىن قازاقلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

خىتايدىن چىقىشتىن بۇرۇن ، كىشىلەر پاسپورتىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر توقاي بيۇروكرات جەريانلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.[610] سابىق تۇتقۇنلار بىخەتەرلىك خادىملىرى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم سوراققا تارتىلىدۇ ، ئۇلار چوقۇم لاگېردا تۇرغانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە ئېيتماسلىقى ، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ لاگېرغا ئەۋەتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قوشۇمچە ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇشى كېرەك.

بىر قانچە تۇتقۇنلار خىتايدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ۋىدىيولۇق ئىسپات بېرىشكە مەجبۇرلانغان. قازاقىستانغا ساياھەتكە بېرىش رۇخسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر قانچە ئاي ۋاقىت يول ماڭغان ئەلدىيارنىڭ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، قازاقىستانغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىنىشتىن بۇرۇن ، ئۇ لاگېردا ئالغان تەربىيەنىڭ پايدىلىرىنى مەدھىيەلەيدىغان بىر ۋىدىيو ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنغان.

601 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
602 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
603 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
604 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
605 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
606 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
607 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
608 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «بىر پاسپورت ، ئىككى سىستېما: خىتاينىڭ تىبەتلەر ۋە باشقىلارنىڭ چەتئەل ساياھىتىنى چەكلىشى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ ، 2015-يىلى 13-ئىيۇل ، www.hrw.org/report/2015/07/13/one-passport-two-systems/chinas-restrictions-foreign-travel-tibetans-and-others
609 ئېدۋارد ۋوڭ ، نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى ، «ساقچىلار خىتاينىڭ غەربىدىكى شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا پاسپورتلارنى مۇسادىرە قىلدى» ، 2016-يىل 1-دېكابىر ، www.nytimes.com/2016/12/01/world/asia/passports-confiscated-XUAR-china-uighur.html; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «خىتاي: شىنجاڭدا پاسپورت خالىغانچە يىغىۋېلىنىدۇ» ناملىق دوكلاتىغا قاراڭ ، 2016-يىلى 21-نويابىر ، www.hrw.org/news/2016/11/22/china-passports-arbitrarily-recalled-XUAR; ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى: «قورالغا ئايلاندۇرۇلغان پاسپورت - ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتسىزلىك كرىزىسى» ، 2020-يىل 4-ئاي ، docs.uhrp.org/pdf/Weaponized_Passports.pdf
610 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**بىر ھەپتىدىن كېيىن (پاسپورتۇمنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن)، ساقچىلار مېنى يەنە چاقىردى. ئاندىن ئۇلار مېنىڭ پاسپورتۇمنى يەنە ئېلىۋېلىپ، [جەدۋەلگە] ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىمزا قويغۇچە ئۇلاردا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار ماڭا لاگېر ياكى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەخپىيەتلىكى توغرىسىدا ھېچنەرسە ئاشكارىلىمايمەن، دەپ يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى بەردى، مەن ئاشكارىلىمايمەن دەپ قەسەم بەردىم، مەن ئۇنىڭغا ئىمزا قويدۇم... مەن ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئۈچ-تۆت نەپەر كادىرلار ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇلار كامېرا بىلەن كەلگەن ئىدى. مېنى سۈرەتكە ئېلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۇلار ماڭا نېمە دېيىشىمنى، يەنى مېنىڭ مەكتەپكە بارغانلىقىمنى ۋە بىلىمگە ئېرىشكەنلىكىمنى، ھۆكۈمەتتىن ۋە ماڭا بىلىم ئىگىلەش پۇرستى يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىمنى دېيىشىمنى ئېيتتى... مەن كامېرا ئالدىدا پارتىيەنىڭ ماڭا ياخشى غەمخورلۇق قىلغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ نامرات كىشىلەرگە ياردەم قىلىۋاتقانلىقى... ۋە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يەتتە-سەككىز ئاي ئىچىدە ئوقۇتقۇچى ۋە باشقىلارنىڭ دوستانە مۇئامىلىدە بولغانلىقى ھەمدە ماڭا ياخشى ئۆگەتكەنلىكى... قاتارلىقلارنى دېيىشنى ئۆگەتتى. مەن شۇنداق دېدىم. ئۇلار مېنى لېنتىغا ئالدى. ئۇلار ماڭا ھەرگىز يامان گەپ قىلماسلىقنى قايتا-قايتا تەكرارلىدى. ئاندىن ئىمزا قوي، دېگەن يەرگە ئىمزا قويدۇم. ئاندىن ئۇلار مېنىڭ پاسپورتۇمنى قايتۇرۇپ بەردى. (شۇنىڭدىن كېيىن مەن ۋەتەندىن ئايرىلدىم).[611]**

ئىبراھىمنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قازاقىستانغا بېرىشى ئۈچۈن پاسپورت ئالماقچى بولغاندا بىر قانچە قېتىم سوراق قىلىنغان. بىخەتەرلىك خادىملىرى ئۇنىڭغا ، لاگېرلاردا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا ھېچنېمە دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن ۋە ۋىدىيودا ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋال توغرىسىدا ھېچنېمىنى ئاشكارىلىمايدىغانلىقىغا قەسەم قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىدىنمۇ كېپىللىك خېتىگە ئىمزا قويۇشى تەلەپ قىلىنغان. ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: «ئاتا-ئانام `ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇم چەتئەل تاراتقۇلىرىغا سۆز قىلسا ۋە لاگېردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاشكارىلىسا ، مېنى لاگېرغا ئېلىپ كېتىشكە قوشۇلمەن` دېيىشكە مەجبۇر قىلدى». بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە پاسپورت بېرىلگەن.[612]

بىر ئاماللار بىلەن چەتئەلگە چىقالىغان سابىق تۇتقۇنلارغا ، ئەگەر ئۇلار ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىسە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ دائىم تەھدىت سالغان.[613] خەينا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ قازاقىستانغا كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ توختىماستىن پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «قازاقىستانغا بارالىسامال ، مەن ئەركىن ياشىيالايمەن ، دەپ ئويلىغان ئىدىم... ئەمما [ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى] توختىماي تېلېفون قىلىۋەردى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى ھەرگىز خاتىرجەم ياشىغىلى قويمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم».[614] سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، ئۇلار چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ، دائىرىلەر ئۇلارنىڭ ۋەتىنىدە قالغان ئائىلە -تاۋاباتلىرىنى لاگېرلارغا ئېلىپ كەتكەن دەپ قارايدىكەن.[615]

سابىق تۇتقۇنلارنىڭ دېيىشىچە ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ ، ئەگەر ئۇلار قايتىپ كەلمىسە ياكى لاگېر ھەققىدە بىر نېمە دېسە ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ لاگېرلارغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. مەردان ، كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ، ئۇ شىنجاڭدىن ئايرىلغاندا ، ئەگەر ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىسە ، كېيىن يەنە لاگېرغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن ، ساقچىلار ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ، ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلمىسە دادىسى ۋە قېيىنئاتىسىنى لاگېرغا ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[616]

نۆۋەتتە چەتئەلدە ياشاۋاتقان سابىق تۇتقۇنلار ، شىنجاڭدىكى ئائىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يېنىدا تۇرۇپ تېلېفون قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تېلېفوندا ئۆزلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ لاگېرغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. قۇۋانىشنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بىلدۈرۈشىچە ، ساقچىلار ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغان. ئوغلى ئۇنىڭغا ، ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلمىسە ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[617] شۇ قېتىملىق تېلېفوندىن كېيىن ، قۇۋانىش ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سۆزلىشەلمىگەن. ئۇ مۇنداق دېدى«بالىلىرىمنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ئۇلاردىن ھېچقانداق خەۋىرىم يوق».

611 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
612 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
613 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
614 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
615 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
616 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
617 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

# 4.6 لاگېردىن ئەمگەككىچە

سابىق تۇتقۇنلارنىڭ گۇۋاھلىقى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى ، كۆپىنچىلىرى ئۇچۇن ، مەجبۇرىي ئەمگەك شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ، قازاق قاتارلىق ئېتنىك ئاز سانلىق مىللەتلەر نىشانغا ئېلىنغان تۇتۇپ تۇرۇش ۋە «تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش» سىستېمىسىنىڭ ئېنىق بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. بۇ تەركىبىي قىسىم «تېلېگراما» دىمۇ بايان قىلىنغان بولۇپ ، ئەگەر بىر تۇتقۇننىڭ قويۇپ بېرىلىشكە تەييار ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن بولسا ، ئاخىرقى باھالاشنى ئېلىپ بارىدىغان گۇرۇپپا ، بۇ تۇتقۇننى قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن كەسپىي ماھارەت ئۆستۈرۈش سىنىپىغا مەركەزلىك تەربىيىلەش ئۈچۈن كىرىش-كىرمەسلىكىنى بەلگىلەيدىكەن.[618]

خىتاي دائىرىلىرى بۇنى كەسپىي ماھارەت بويىچە «ئىختىيارىي» تەربىيىلەش ۋە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسى دەپ تەسۋىرلىگەن ئىدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن سۆھبەتلەشكەن بىر قىسىم تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلارغا بېرىلگەن خىزمەت ۋە كەسپىي تەربىيىلەشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا ئۇلارنىڭ ئاساسەن ياكى پۈتۈنلەي تاللاش ۋە كونترول قىلىش ھوقۇقى يوق ئىكەن. بۇ خىزمەتلەر ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ، ناچار خىزمەت شارائىتى ۋە كەمسىتىش خاراكتېرلىك خىزمەت مۇھىتى بىلەن بىللە ، داۋاملىق جازا تەھدىتى ئاستىدا ئىشچىلارنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىكەن. شۇڭا بۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ، مەجبۇرىي ياكى زورلۇق ئاستىدىكى ئەمگەك دائىرىسىدە ئويلىشىش كېرەك.[619]

## مەجبۇرىي ياكى زورلۇق ئاستىدىكى ئەمگەك

خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ 29-ئەھدىنامىسىدا «مەجبۇرىي ياكى زورلۇق ئاستىدىكى ئەمگەك» نى ، «ھەرقانداق كىشىگە ھەر قانداق جازانى تەھدىت قىلىش ئارقىلىق زورلۇق ئىشلەتكەن ۋە مەزكۇر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمىغان بارلىق خىزمەت ياكى مۇلازىمەت» دەپ بەلگىلىگەن.[620] ئەمەلىي ئەھۋالدا مەجبۇرىي ئەمگەكنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

- تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جازالاش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ، يەنى ئىقتىسادىي جازالار (ئىش ھەققىنى بەرمەسلىككە ئوخشاش) ؛ ھوقۇقىدىن ياكى ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ؛ دائىرىلەرگە مەلۇم قىلىش ۋە ئۆزى تۇرغان يەردىن باشقا يەرلەرگە قوغلاپ چىقىرىش ؛ كەلگۈسىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمتىيازىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ؛ يېمەك-ئىچمەك ، پاناھلىنىش ياكى باشقا ئېھتىياجلاردىن مەھرۇم قالدۇرۇش قاتارلىقلار.
- ئىش ئورنىدا ھەرىكەت ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشى ياكى جىسمانىي چەكلىنىش ؛ پسىخىكىلىق بېسىم ؛ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش ۋە بەرمەسلىك ؛ كىملىك ھۆججەتلىرىنى مۇسادىرە قىلىش.[621] بۇ ھەقتە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى كومىتېتى بۇ جازا «جىنايى جازا شەكلىدە ئەمەس ،بەلكى ھوقۇق ياكى ئىمتىيازدىن مەھرۇم قېلىش شەكلىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ قارايدۇ.[622]
- «ئىختىيارىي» ئۇقۇمى ئانچە ئېنىق بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى «ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خىزمەت ياكى مۇلازىمەت قىلىش ئەركىنلىكىنى ئويلاشقاندا ، بۇ ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان ياكى چەكلەيدىغان قانۇن چىقىرىش رامكىسى ۋە ئەمەلىي رامكىنىڭ نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. بىر خىزمەتچىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشلەش ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان تاشقى چەكلىمىلەر ياكى ۋاستىلىق مەجبۇرلاش ، قانۇنىي بەلگىلىمىگە ئوخشاش دائىرىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىنلا ئەمەس ، بەلكى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ئىجراسىدىنمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن ، كۆچمەن ئىشلەمچىلەر ھىيلە ، يالغان ۋەدىلەر ۋە كىملىك ھۆججەتلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئارقىلىق قايمۇقتۇرۇلىدۇ ياكى خوجايىنىغا داۋاملىق بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ؛ بۇنىڭغا ئوخشاش قىلمىشلار ئەھدىنامىگە ئوچۇق-ئاشكارە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ».[623]

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ئەمگەككە يۆتكەلگەن 11 نەپەر سابىق تۇتقۇننى زىيارەت قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشى زاۋۇتتا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن.[624] بىر نەچچىسى كەنت باشقۇرۇش ئىشخانىلىرى ، ساقچىخانىلار ياكى باشقا ھۆكۈمەت بىنالىرىغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ ، ئۇلار بۇ يەرلەردە دائىم ناچار ئىشلارنى قىلغان.[625] بىر كىشى دۆلەت

618 «تېلېگراما» (ئىلگىرى ئىزاھات بېرىلگەن) ، 18-ئابزاس.

619 خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى ، يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان 11 «كۆرسەتكۈچ» نى بەلگىلىدى : ئاجىزلىقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش ؛ ئالداش ؛ ھەرىكىتىنى چەكلەش ؛ يالغۇز قويۇش ؛ جىسمانىي ۋە جىنسىي زوراۋانلىق ؛ قورقۇتۇش ۋە تەھدىت سېلىش ؛ كىملىك ھۆججەتلىرىنى ساقلاش ؛ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش ؛ قەرزگە بوغۇپ قويۇش ؛ ناچار بولغان خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى ؛ ھەددىدىن زىيادە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىتىش ؛ خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى ، «خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ كۆرسەتكۈچلىرى» ، www.ilo.org/global/topics/forced-labour/publications/WCMS_203832/lang--en/index.htm

620 خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ مەجبۇرىي ياكى زورلۇق ئاستىدىكى ئەمگەك ھەققىدىكى 29-ئەھدىنامىسى(1930) ، 2-ماددا 1-تارماق ؛ بۇ ئەھدىنامە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشقۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ، خىزمەتتىكى ئاساسلىق پرىنسىپلار ۋە ھوقۇق-مەنپەئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە خەلقئارالىق ئەمگەكنىڭ يادرولۇق ئۆلچەملىرىنى بەلگىلىگەن سەككىز «ئاساسلىق» ئەھدىنامىدىن بىرى بولۇپ ، خىتاي تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان. خىتاي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئەھدىنامىنى تەستىقلىمىغان بولسىمۇ يەنىلا بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. خىتاي ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىغا ئەزا 187 دۆلەت ئىچىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسىنى تەستىقلىمىغان سەككىز دۆلەتنىڭ بىرى. «پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» نىڭ 8-ماددىسى 3-تارمىقىغا قاراڭ ، بۇ تارماق ھەرقانداق كىشىدىن مەجبۇرىي ياكى زورلۇق ئاستىدا ئەمگەك تەلەپ قىلىشنى مەنئىي قىلىدۇ.

621 خەلقئارا ئەمگەك ئىشخانىسى ، مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى تۇرىدىغان بىر يەرشارى خاراكتېرلىق ئىتتىپاق: خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىش ئورنىدىكى ئاساسلىق پرىنسىپلار ۋە ھوقۇقلار خىتابنامىسى» دىن كېيىنكى «دۇنياۋى خاراكتېرلىك دوكلاتى» ، 2005-يىل ، 6-بەت ۋە 14-بەت.

622 خەلقئارا ئەمگەك يىغىنى ،1930-يىل «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى» (29-نومۇر) ۋە 1957-يىل «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسىنىڭ بىكار قىلىنىشى» (105-نومۇر) توغرىسىدىكى 1979-يىل «دوكلاتلارنىڭ ئومۇمىي بايانى» ، «مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەھدىنامە ۋە تەۋسىيەلەرنى يولغا قويۇش دوكلاتى» ، 65-قېتىملىق يىغىن ، جەنۋە ، 1979-يىل ، ئۈچىنچى دوكلات ، 21-ئابزاس.

623 خەلقئارا ئەمگەكچىلەر يىغىنى ، 1930-يىل «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى» (29-نومۇر) ۋە 1957-يىل «مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسىنىڭ بىكار قىلىنىشى» (105-نومۇر) توغرىسىدىكى 2007-يىل «دوكلاتلارنىڭ ئومۇمىي بايانى» ، «مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەھدىنامە ۋە تەۋسىيەلەرنى يولغا قويۇش دوكلاتى» ، 96-قېتىملىق يىغىن ، جەنۋە ، 2007-يىل ، ئۈچىنچى دوكلات ، 38-40 ئابزاس.

624 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

625 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ئىگدارچىلىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن ، يەنە بىر كىشى كادىرلار تەرىپىدىن كەنتتىكى بىر خىتاي ئەرنىڭ ئۆيى ئىشلىرىنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.[626] بىر كىشى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ، بىر يىغىۋېلىش لاگېرىدا مۇھاپىزەتچى بولۇپ ئىشلىتىلگەن. ئانارىبېك مۇنداق دېدى: «ئۇلار ماڭا لاگېردا مۇھاپىزەتچى بولۇپ ئىشلىسەم ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى».[627]

ئارزۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ بىر لاگېردا ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن باشقا لاگېرغا يۆتكەلگەنلىكىنى، بۇ يەردە زاۋۇتقا ئەۋەتىشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىككۈچىلىكنى ئۆگەتكەنلىكىنى ئېيتتى. كېيىن ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي زاۋۇتتا يېتىپ- قوپۇپ ھۆكۈمەت فورمىسى ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان.

**كۈندۈزى [ئىككىنچى لاگېردا] پىلاستىك ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتۇق. بىر ئوقۇتقۇچى بىزگە تىل ۋە كىيىم تىكىشنى ئۆگەتتى. بۇ 21 كۈن ئىچىدە [بىز ئىككىنچى لاگېردا ئۆتكۈزدۇق] ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم دەرسكە باردۇق، باشقا ۋاقىتتا بىز كامېردا بولدۇق... ئېكراندىكى ئوقۇتقۇچىلار [باشقا] بىر دەرستە ئىدى. تېلېۋىزوردا ئۇلار بىزگە قانداق كىيىم تىكىشنى ئۆگىتەتتى. بەزىلىرى بۇ لاگېردا ئىككى يىل تۇرغان بولسىمۇ ھېچقاچان بىر ماشىنىنى تۇتۇپ باقمىدى... كېيىن زاۋۇتقا ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكى چىقتى. قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك بار، ئەمما ئۇيغۇر يوق... ئاندىن مەن بىر زاۋۇتقا بەش ئاي ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت فورمىسى تىكىشكە ئەۋەتىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز كىيىم تىكىشكە باشلىدۇق. مەن بىر كۈندە يەتتە سائەت ئىشلەيتتىم. ھويلىدا بىر سائەت چېنىقاتتىم... ئائىلەمگە ۋە دوستلىرىمغا تېلېفون قىلىشقا رۇخسەت قىلاتتى، ئەمما چەتئەلدىكىلەرگە تېلېفون قىلىشقا رۇخسەت قىلمايتتى... ھېچقانداق فىزىكىلىق تەكشۈرۈش يوق، ئەمما بىزگە تېلېفون بېرىلدى ۋە ساقچى دېتالى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى... بىز بىر ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەيتتۇق. مۇئاش ئايدا 1.620 يۈئەن [253 دوللار]... بىزنىڭ ھەقىقەتەن رولىمىز يوق ئىدى. بىز قانداق قىلىشنى بىلمەيتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى خىتاي ئاياللار بىر ھەپتە يېنىمىزغا كېلىپ بىزگە ئۆگەتتى.[628]**

ئەلدىيار ئۆزىنىڭ لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەن بىر زاۋۇتتا ئۈچ ئاي ئىشلىگەنلىكىنى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىپ بەرگەن. ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلار بولسا خىتايلار (خەن) ئىكەن:

**ئۇلار مېنى [مەن لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن] ئۇلار مېنى 10 كۈنگىچە ئۆيۈمدىن ئايرىلماسلىققا بۇيرۇدى... بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار مېنى چاقىرىپ تىزىملىدى ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇن لاگېردا تۇرۇپ باققانلارنىڭ تىزىملىكىنى چىقاردى. ئاندىن ئۇلار تىزىملىكتىكى بارلىق كىشىلەرنى يىغقاندىن كېيىن بىزنى كىيىم -كېچەك زاۋۇتىغا ئېلىپ باردى. بىرنىڭ بۇ يەرگە بېرىشتىن باشقا تاللىشىمىز يوق ئىدى... مۇئاش بەك تۆۋەن بولۇپ، بۇ مۇئاش بىلەن ئائىلەمنى قامداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىرىنچى ئايدا 200 يۈئەن (31 دوللار) ھەق بەردى... بۇ زاۋۇت ناھىيە مەركىزىنىڭ چېتىدا ئىدى. پەقەت ئۇيغۇر، قازاق ۋە تۇڭگان قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرلا بۇ زاۋۇتتا ئىشلەيتتى. [پەقەتلا] خىتايلار بۇ زاۋۇتنىڭ باشلىقلىرى ئىدى... بۇ زاۋۇت كىيىم-كېچەك، پەلەي ۋە سومكا ئىشلەپ چىقىراتتى.[629]**

لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن زاۋۇتقا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىپ بەرگەن ئۈچ سابىق تۇتقۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بۇ زاۋۇتلاردىن ئايرىلالىشى مۇمكىن بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى بىر سىياسەت بار بولۇپ ، زاۋۇت ئىشچىلىرى باشقا بىر خىزمەتكە كاپالەتلىك قىلالىسا ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى خوجايىنى ئۇلار ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش خېتىگە ئىمزا قويۇشنى خالىسا ، زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىدىكەن. باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەلدىيار يېقىن ئەتراپتا تۇرغاچقا ، كېچىدە زاۋۇتتىن ئايرىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. ئەلدىيار ھەر ھەپتە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا [يېزا باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا] يازما دوكلات سۇنغان.

**مەن زاۋۇتتا تۇرۇۋاتقىلى ئۈچ ئاي بولغان ئىدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇرۇنقى كەسپىمنى قىلالايدىغانلىقىمنى سورىدىم. ئۇلار: «بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سىزگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى ۋە خىزمەت ئورنىدىكى باشلىقنىڭ**

626 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
627 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
628 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
629 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**ئادرېسى يېزىلغان بىر خەت ئېلىپ كېلىشىڭىز كېرەك» دېدى. مەن قەغەزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم [ئىمزا قويدۇم]، [تولۇق ئوتتۇرا] مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن [ئىشلەۋاتقان يېرىمگە] قايتىپ باردىم.**[630]

ئىبراھىم كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ لاگېردىن چىققاندىن كېيىن بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىككى ھەپتە يېتىپ قوپۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ فابرىكىدا ئىشلەيدىغان باشقا ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرى لاگېرلاردىن ئەۋەتىلمىگەن ئىدى ، ئۇلارنىڭ باشقا ئائىلە ئەزالىرى لاگېرغا ئەكىتىلگەندىن كېيىن فابرىكىدا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنغان.

**ئۇلار بىزنى [فابرىكىغا] ئېلىپ كەتتى... ئۇ يەردە نۇرغۇن بىنالار ۋە ئادەملەر بار ئىكەن. مەن ئۆچىنچى قەۋەتكە چىقاتتىم... ئۇلار بىزگە كىيىمنى قانداق تىكىشنى ئۆگەتتى. بىر چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مەن شۇ يەردە ئىشلەيدىغان قىزلار ۋە ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم ۋە ئۇ ئاياللارنىڭ يولداشىنى ۋە قىزلىرىنىڭ دادىلىرىنى لاگېرغا ئەكىتىلگەنلىكىنى بىلدىم. مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن ئىكەن. بىلىشىمچە ئەگەر ئائىلىڭىزدىن [ئائىلە ئەزالىرى] بىرەرسى لاگېرغا سولانغان بولسا، سىز مۇشۇنداق فابرىكىدا ئىشلىسىڭىز، سولانغان يولداشىڭىز ياكى دادىڭىز تېزراق لاگېردىن چىقالايدىكەن... مەن ئۇ يەردە [بىر قانچە] كۈن ئىشلىدىم. مەن بۇرۇن تىجارەت قىلاتتىم. مەن ئۇلارغا ئەھۋالىمنى چۈشەندۇردۇم ۋە ئۇلار مىنى قويىۋەتتى... ئۇ فابرىكىنىڭ ئىسمى (ئىسمى چىقىرۋېتىلدى) ... ئۇ يەر بىر ناھىيىنىڭ ئىچىدىكى بازاردا... ئۇ كاناب رەخىت فابرىكىسى ئىدى... بىز ئۇ يەردە كىيىم-كېچەك ئىشلەپ چىقىراتتۇق.**[631]

باشقا سابىق تۇتقۇن قىلىنغانلار لاگېردىن فابرىكىغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن ئادەملەر توغرىسىدا ۋاستىلىق دەلىللەر بىلەن تەمىنلىدى.[632]

بۇ گۇۋاھلىق سۆزلىرىدىن ، شىنجاڭ دائىرلىرىنىڭ قارىماققا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇشۇنداق شەكىلدىكى جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىۋاتقانلىقىنى بىر قانچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇنداق ئەمگەكلەر بەزىدە لاگېرلاردا قوبۇل قىلغان «تەربىيىلەش» نىڭ ئۇزارتىلغان بىر شەكلى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا ، كەچۇرۇم تەشكىلاتى شىنجاڭدىكى بەزى سابىق تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ خەلقئارا مەجبۇرى ئەمگەك ئەھدىنامىسى 29-ماددىسىنىڭ ئىزاھاتلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۆز رازىلىقى بىلەن بېرىشنى تاللاش رايى يوق بولۇپلا قالماي ، يەنە باش ئەگمەسلىك دەپ قارىلىپ ، تۇتقۇن قىلىنىش تەھدىتلىرى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم جايلاردىكى خىزمەت مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقى ۋە خورلۇق ئىچىدە ئىشلەش ئەھۋاللىرى ھەققىدە يەنى ئىنتايىن ئاز مائاش بېرىش ، يالغۇز قالدۇرۇلۇش ، ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ، قورقۇتۇش ۋە تەھدىت سېلىش قاتارلىق قىلمىشلار ھەققىدە ئىسپاتلار بار. بۇ ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ، مۇستەقىل ۋە ئادىل بولغان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ژورنالىستلار ۋە ئاكادېمىكلار ، لاگېر ئىچى ھەم تېشىدىكى نۇرغۇنلىغان تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ شىنجاڭ ۋە دۆلەتنىڭ باشلىقى جايلىرىدىكى مەجبۇرى ئەمگەك دەپ تەسۋىرلەنگەن خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى دۆكلات قىلغان.[633] شىنجاڭدىكى زىيانكەشلىكتە ئۆچرىغۇچىلارنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى 96 ئادەمنىڭ لاگىردىن ئۇدۇللا مەجبۇرى ياكى زورلانغان ئەمگەك رايونلىرىغا ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدىكى دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ سولاقتىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن كىيىم كېچەك فابرىكىللىرى ، يىپەك زاۋۇتلىرى ،توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرى ، چاي زاۋۇتلىرى ، ئېلېكترونلۇق موتور قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى ، ئاياغ زاۋۇتلىرى ۋە تەييار چۆپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى قاتارلىق يەرلەردە ئىشلەشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. باشقىلىرى بولسا ئامانلىق ساقلىغۇچى ياكى تەربىيىلىگۈچى ئوقۇتقۇچى بولۇشقا مەجبۇرلانغان.[634] ژۇرنالىستلار يەنە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ختاينىڭ باشقا

630 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.

631 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.

632 خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى زىيارىتى.

633 Chris Buckley بىلەن Austin Ramzy, قاراڭ ، «نيوروك ۋاقتى: ختاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرى ئەمگەك قىلىشى» ، 2018-يىلى 16-دېكابىر ، ;www.nytimes.com/2018/12/16/world/asia/XUAR-china-forced-labor-camps-uighurs.html BBC ، John Sudworth خەۋىرى ، «ختاينىڭ `بويالغان` پاختىسى» ، 2020-يىل ، دېكابىر ، www.bbc.co.uk/news/extra/nz0g306v8c/china-tainted-cotton; شۆھرەت ھوشۇر ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «يىغىۋېلىش لاگېرى ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەكچىلىرىنى شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىغا تەقسىم قىلدى: رەسمى» ، 2019-يىلى 14-نويابىر ، www.rfa.org/english/news/uyghur/laborers-11142019142325.html; ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، «ئۇيغۇرلارنى سېتىش: `قايتىدىن تەربىيىلەش` ، مەجبۇرى ئەمگەك ۋە شىنجاڭدىكى قاتتىق نازارەت» ، 2020-يىل 1-مارت ، www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale; Megha Rajagopalan, Alison Killing, Buzzfeed News «لاگېرلاردىكى توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرى: كۆزەتكۈچىلەر شىنجاڭدا كۆپىيىۋاتقان مەجبۇرى ئەمگەك ھەققىدە ئۇزاقتىن بېرى ئاگاھلاندۇرغان. سۈنئى ھەمراھ سۈرەتلىرى ، زاۋۇتلارنىڭ لاگېر كامېرلىرىغا يېقىن جايغا سېلىنغانلىقىنى كۆرسەتكەن». 2020-يىلى 28 دېكابىر (2021-يىلى 4-يانۋار يېڭىلانغان.) www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/xinjiang-camps-china-factories-forced-labor; Zenz, Adrian ، «لاگېرلاردىن ھالقىغان نىشان: بېيجىڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەجبۇرى ئەمگەك سىستېمىسى `شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا نامراتلىقنى تۈگىتىش ۋە ئىجتىمائىي كونتروللۇق` ، «سىياسى خەتەر» ژۇرنىلى Vol.7, No.12 2019-يىل 10-دېكابىر. www.jpolrisk.com/beyond-the-camps-beijings-long-term-scheme-of-coercive-labor-poverty-alleviation-and-social-control-in-XUAR/

634 شىنجاڭدىكى زىيانكەشلىكتە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى.

جايلىرىغا مەجبۇرلاپ يۆتكەلگەنلىكىنى ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئۇدۇللا لاگېردىن يۆتكەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ئىدى.[635] دۆكلاتلار يەنە بىر-قانچە داڭلىق خەلقئارالىق ماركىلانىڭ تەمىنلەش مەنبەسىگە سوئال قويدى.[636]

## 5.6 ` لاگېردىن تۈرمىگە `

بەزى تۇتقۇنلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن تۈرمىگە يۆتكەلگەن. سولاقتىن قويۇپ بېرىلىپ ئۆيگە قايتىش جەريانىغا ئوخشاش ، قارىماققا مۇناسىۋەتلىك بولغان لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش جەريانى ھېچكىمگە چۈشىنىشلىك بولمىغان ، ھەتتا شۇ جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان سابىق تۇتقۇنلارغىمۇ ئېنىق بولمىغان. سولاقتىن قويۇلۇپ بېرىش جەريانى بىلەن تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش جەريانى ئوتتۇرىسىدا نېمە باغلىنىش بارلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. بولۇپمۇ لاگېر ئىچىدىن تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش جەريانى ، لاگېر تېشىدىكى رەسمىي قانۇنلۇق شەكىلدە تۈرمە جازاسى ھۆكۈمى بېرىش جەريانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەنمۇ ، قىسقىسى ، قانداق ئۇسۇلدا جازالاش ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھېچكىمگە ئېنىق بولمىغان.

### 2017-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا تۈرمە جازاسى بېرىلىش سانىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى

2017-يىلدىن باشلاپ ، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كىشىلەر تۈرمىلەرگە سولانغان.[637] نيۇ -يورك ۋاقتى ژورنالىستلىرى ، پۈتۈنلەي خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەمىنلىگەن ستاتىستىكىغا ئاساسلىنىپ ، شىنجاڭدا 2017 ۋە 2018 - يىلدىكى تۈرمىگە سولىنىش نىسبىتىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. نورمالدىن تاشقىرى يۇزلىگەن ، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تۈرمىگە سولانغانلىقىنى ۋە بۇ سانىنىڭ ئالدىنقى يىللاردىن 10 ھەسسە كۆپ بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ سانلىق مەلۇمات تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ۋە باشقا شەكىلدىكى جازانى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھەم ئۆيدە نەزەربەند قىلىش جازالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[638] نيو-يورك ۋاقتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىن ، ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى تۈرمىگە سولىنىش نىسبىتى توغرىسىدا باشقا ھېچقانداق سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلمىغان.

دەسلەپتە يىغىۋېلىش لاگېرلىرغا قامالغان قانچىلىك كىشلەرنىڭ ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ، ياكى كېيىن ئۇلارغا قاماق جازاسى بېرىلىپ ، تۈرمىلەرگە يۆتكىۋېتىلگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار نامەلۇم. ئېھتىمال ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئادەملەر لاگېرلاردىن ئۇدۇللا تۈرمىلەرگە ياكى باشقا تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىگە ئەۋەتىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ھەم بۇ ھەققىدە ئىسپاتلار بار.[639]

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى تەييارلىغان يەنە بىر دوكلاتقا ھەم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىسكىسىغا ئاساسلانغاندا ، 2017-يىلى شىنجاڭدا سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمە جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ سانى غايەت زور دەرىجىدە ئاشقان. 2017-يىلدىن بۇرۇن ، 5 يىلدىن ئارتۇق تۈرمە جازاسى كېسىلگەنلەرنىڭ نىسبىتى بارلىق تۈرمە جازاسىغا كېسىلگەنلەرنىڭ 11% پىرسەنتىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ ، بۇ نىسبەت 2017-يىلدا ، 87% پىرسەنتى 5 يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسى بېرىلگەنلەر ئىگەنلىگەن .[640]

635 «خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ھەرىكىتى سەۋەبلىك مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر باشقا جايلارغا يۆتكەلگەن: شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى فابرىكىلارغا مەجبۇرى يۆتكىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئېگىنى ئاجىزلاشتۇرغان. ئىچكى دوكلاتلار ۋە خىتايلىق تەتقىقاتچىلار ئارقىلىق ئاشكارىلاندى» ناملىق مەنبەگە قاراڭ. 2021-يىل 2-مارت.
,Eva Dou, Jeanne Whalen, and Alicia Chen www.theglobeandmail.com/world/article-thousands-of-uyghur-workers-in-china-are-being-relocated-in-an-effort/;
ۋاشىڭگتون پوست مېدىياسى ،«ئامېرىكا خىتاينىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى ئىشلەتكەن بارلىق تەمىنلەش مەنبەلىرى ۋە شۆبە سانائەت تارماقلىرىنىڭ چەكلىدى» 2021 يىل 22-فېۋرال.
www.washingtonpost.com/world/asia_pacific/china-cotton-sanctions-xinjiang-uighurs/2021/02/21/a8a4b128-70ee-11eb-93be-c10813e358a2_story.html;
,Vicky Xiuzhong Xu, Danielle Cave, Dr James Leibold, Kelsey Munro & Nathan Ruser, Australian Strategic Policy Institute
ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، «ئۇيغۇرلارنى سېتىش: `قايتىدىن تەربىيىلەش` ، مەجبۇرى ئەمگەك ۋە شىنجاڭدىكى قاتتىق نازارەت» 2020-يىل مارت 1 ،
www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale


636 تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ: Laura T. Murphy and Nyrola Elima, Sheffield Sheffield Hallam University Helena Kennedy Centre for International Justice,
«كۆپ- كۈندۈزدە: ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگەك ۋە يەر شارى خارەكتىرلىك قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەش» 2021-يىل ،
,Alexandra Stevenson، New York Times ;www.shu.ac.uk/helena-kennedy-centre-international-justice/research-and-projects/all-projects/in-broad-daylight
نيۇ- يورك ۋاقتى ، «خىتاينىڭ مەجبۇرى ئەمگەك سېستىمىسىغا قارشى كۆچلۈك ئىنكاسلار N.BA نى ئۆزى خالمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى: خىتاينىڭ شىنجاڭ پاختىلىرىنى ئىشلەتكەن تەنھەرىكەت ماركىلىرىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللاپ قۇۋەتلەش بىرلەشمە كوماندىلىرىنى ۋە تەنھەرىكەتچىلەرنى يەنە باشقا بىر رايون خارەكتېرلىك سىياسي ئاپەتنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى» 2021-يىلى 9-ئاپرېل ، www.nytimes.com/2021/04/09/business/china-nba-anta-xinjiang.html; Vicky Xiuzhong Xu, Danielle Cave, Dr James
ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، «ئۇيغۇرلارنى سېتىش: `قايتىدىن تەربىيىلەش` ، مەجبۇرى ئەمگەك ۋە شىنجاڭدىكى قاتتىق نازارەت» 2020-يىل مارت 1 ،
www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale

637 خىتاي كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ، «2017-يىلدا شىنجاڭدىكى جىنايى ئىشلار تۇتقۇنلىرى پۈتۈن خىتايدىكى تۇتقۇن قىلىشنىڭ 20% پىرسەنتىگە توغرا كىلىدۇ: خىتاينىڭ تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەت ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شىنجاڭدىكى ئېرقى ۋە دىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زەربە بېرىشنى نىشان قىلغان» 2018-يىل 25-ئىيۇل.
www.nchrd.org/2018/07/criminal-arrests-in-xinjiang-account-for-21-of-chinas-total-in-2017/; خىتاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ھاياتلىق سەنئىتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى بۇ يىل: 2. پۈتۈنلەي يېڭى تۈرمىلەر ، كونا تۈرمىلەرنى كېڭەيتىش & يۈزلىگەن ، مىڭلىغان يېڭى تۇتقۇنلار ، 2021- ،Gene A. Bunin يىل 4-يانۋار.
livingotherwise.com/2021/01/04/the-elephant-in-the-xuar-ii-brand-new-prisons-expanding-old-prisons-and-hundreds-of-thousands-new-inmates/

638 نيۇ-يورك ۋاقتى ، خىتاينىڭ تۈرمىلىرى مۇسۇلمان تۇتقۇنلار بىلەن توشۇپ ، دېڭىز تاشقىندەك تاشتى: تۇتقۇن قىلىشلار ، سوتلاشلار ۋە تۈرمە ھۆكۈملىرى شىنجاڭدا دولقۇنسىمان ئەۋج ئالماقتا. ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار قايتا تەربىيلەشكە يۈزلەندى. 2019-يىل 13-ئاۋغۇست ، www.nytimes.com/2019/08/31/world/asia/xinjiang-china-uighurs-prisons.html; خىتاي كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ، 2018-يىل 25-ئىيۇل ، www.nchrd.org/2018/07/criminal-arrests-in-xinjiang-account-for-21-of-chinas-total-in-2017 ,

639 شۆھرەت ھوشۇر ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى مەخپى ھالدا خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكىدى ، 2018-يىل2-ئۆكتەبىر ،
www.rfa.org/english/news/uyghur/transfer-10022018171100.html; Holly Robertson, ABC News
« دۆكلات قىلىنىشچە ، خىتاي ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى شىنجاڭدىن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تۈرمىلەرگە كۆپلەپ يۆتكەشنى باشلىغان». 2018-يىل 9-ئۆكتەبىر ،
www.abc.net.au/news/-201810-10/is-china-transferring-uighur-detainees-to-far-flung-prisons/10356406
خىتاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ھاياتلىق سەنئىتى ، «لاگېرلاردىن تۈرمىلەرگىچە: شىنجاڭدا يۈزبېرىدىغان ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق پاجىئەسى» 2019-يىل 5-ئۆكتەبىر
livingotherwise.com/2019/10/05/from-camps-to-prisons-xiniiangs-next-great-human-rights-catastrophe-by-gene-a-bunin/

640 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، خىتايدىكى ئاساسسىز تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرى شىنجاڭغا شىددەت بىلەن كىردى- ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئېچىنىشلىق ، ئادالەتسىز تۈرمىگە قاماش ، 2021-يىل 24-فېۋرال ، www.hrw.org/news/2021/02/24/china-baseless-imprisonments-surge-xinjiang#


MONGOLIA
JIANG
CHINA
GANSU, CHINA
QINGHAI, CHINA
TIBET,


KAZAKHSTAN
KYRGYZSTAN
PAKISTAN

دوكلات قىلىنىشىچە ، ھېچقانداق رەسمىي قانۇنىي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتمەيلا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى ، تۈرمىگە ئەۋەتىلگەن كىشىلەر بولسا رەسمىي قانۇنلۇق رەسمىيەتلەر بويىچە سوراق قىلىنىپ تۈرمىگە سولانغان.[641] بىراق بۇ قانۇنىي جەريانلار خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە ئادىل سوتلىنىش ئۆلچەملىرىگە نۇرغۇن تەرەپلەردىن خىلاپلىق قىلىنغان. بىر ئاكادېمىكنىڭ تەتقىقات ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا ، دائىرىلەر 2018-يىلى شىنجاڭدىكى ئاران %10 جىنايەت ھۆكۈملىرىنى ئاممىغا ئوچۇق ئېلان قىلغان بولۇپ ، بۇ سان دۆلەتنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىن زور دەرىجىدە ئاز.[642] شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ھەيران قالارلىق يېرى ، شۇ ئاممىۋىي ئېلان قىلىنغانلارنىڭ كۆپىنچىسى زوراۋانلىق ، ئۆي-مۈلۈك ، ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك «جىنايەتلە»ر بىلەن كېسىلگەنلەر بولۇپ ، %1 تىن ئاز قىسمىنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەشكىل قىلغان ، (مەسىلەن ، ئۇلار تېررورىزم ، رادىكاللىق ، ئېرقىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىش ، ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە ئامانلىقنى بۇزۇش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن جازالانغان). كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئانالىز قىلغان 60 ئاممىۋى ھۆكۈم قىلىنىش «شۇنى كۆرسەتتىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بولسىمۇ جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغان ۋە تۈرمىگە سولانغان».[643]

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، بۇ دوكلات ئۈچۈن زىيارەت قىلغان بارلىق سابىق تۇتقۇنلار تۈرمىلەردە ئەمەس ، لاگېرلارغا تۇتقۇن قىلىنغان. 2017-يىلدىن باشلاپ ، رەسمىي قاماق جازاسى بېرىلىپ ، تۈرمىگە سولانغان ھېچقانداق بىر كىشى ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا ئوچۇق ئاشكارە سۆزلەپ باقمىغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى لاگېر ئىچىدە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ، تۈرمىگە يۆتكەلگەن ھېچقانداق ئادەمنى زىيارەت قىلالمىدى. كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا لاگېردىكى ۋاقتىدا قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن «كەچۈرۈم» قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان سابىق تۇتقۇنلارنى زىيارەت قىلدى.[644] كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان بەزى سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىنىڭ لاگېردا تۇرغان ۋاقىتدا سىنىپىدىكى بىر ياكى بىر نەچچە كىشىلەرنىڭ تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىق ئەھۋاللارنى ئېيتقان. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى 15 يىل ياكى 20 يىل كېسىلگەن بولۇپ ، كۆپىنچىسى رەسمىي ئېتىراپ قىلىندىغان ھەر تۈرلۈك جىنايەتلەر[645] ئۈچۈن ئەمەس بەلكى تۈرمۇشتىكى كىچىك خاتا ئىش-پائالىيەتلەر ئۈچۈن كېسىلگەن. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە ئەتراپىدىكى تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەملەرنى تونۇيدۇ.[646]

يارقىنبەگ ، 2020-يىلى شىنجاڭدا ياشىغان بولۇپ ، ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا لاگېرلادىكى تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ، بولۇپمۇ دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن دەپ تۇتۇلغانلارنىڭ تۈرمىلەرگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «2019-يىل سېنتەبىردە ، بىز نۇرغۇن قازاقلارنىڭ لاگېرلاردىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاشقا باشلىدۇق ، بىراق بەزىلىرىگە تۈرمە جازاسى بېرىلىپ ، نۇرغۇن يىللىق كېسىلگەن ئىكەن ... مەندە ، مەن تونۇيدىغان 13 ئادەمنىڭ [مېنىڭ مەھەللەمدىن] تۈرمىگە كېسىلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇرلىرى بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئىماملار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن ياخشى تونۇشمەن» .[647]

سولاق جەريانىدىكى بىر مەزگىلدە ، كۆپىنچە تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارغا ، ئۇلارنىڭ بىر قاتار «جىنايەت» لەرگە مەھكۇم بولۇش تىزىملىكلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ ، بۇ تىزىملىك ئادەتتە تۈرمىگە كېسىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە جازا ھۆكۈملىرى ئاتالمىش «سوت» دەپ ئاتالغان بىر جەرياننىڭ ئاخىرىدا ئاغزاكى ئېلان قىلىنغان. بىراق ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر رەسمىي سوت ھۆكۈمىگە ياكى قانۇنىي رەسمىيەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان جەرياننى بېسىپ ئۆتمىگەن بولۇپ ، ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ دەسلەپتە لاگېرلارغا تۇتقۇن قىلىنىشىغا ئوخشاش ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش (قوغداش) ، ئىسپاتلانى كۆزدىن كەچۈرۈش ، ئادۋوكاتتىن مەسلىھەت سوراش پۇرسىتىلىرى بولمىغان. بەزى سابىق تۇتقۇنلار سوتلىنىپ ، رەسمىي ھۆكۈم ئېلان قىلىش جەريانلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىغان.[648] ئۆزىنىڭ ۋە سىنىپداشلىرىنىڭ جازا ھۆكۈملىرى سىنىپتىلا ئوقۇپ بېرىلگەن ئىكەن. بەزى سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن جىنايى جازا ھۆكۈمىنىڭ مۇشۇ لاگېرنىڭ ئىچىدىلا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى بۇيرۇلغان. باشقىلىرى بولسا تۈرمە جازاسىغا كېسىلىپ ، تۈرمىلەرگە ئەكېتىلگەن.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى دىنغا مۇناسىۋەتلىك «جىنايەتلەر» بىلەن تۇتۇلغان كىشىلەرگە ئەڭ ئاخىردا تۈرمە جازاسى بېرىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.[649] بەزى تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار مىللىتىنىڭ قانداق بولۇشىمۇ تۈرمە جازاسىغا كېسىلىشى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا تۈرمە جازاسىغا كېسىلىش مۇمكىنچىلىكى يۇقىرى ئىدى.

641 ختاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ھاياتلىق سەنئىتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى بۇ پىل 3: «قانۇنغا ئاساسلىنىش» 2021- ، Gene A. Buninيىل 19-ئاپرېل ، livingotherwise.com/2021/04/19/the-elephant-in-the-xuar-iii-in-accordance-with-the-law/

642 ختاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ھاياتلىق سەنئىتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى بۇ پىل 3: «قانۇنغا ئاساسلىنىش» 2021- ، Gene A. Buninيىل 19-ئاپرېل ، livingotherwise.com/2021/04/19/the-elephant-in-the-xuar-iii-in-accordance-with-the-law/

643 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، ختاي: ئاساسسىز تۇتقۇن قىلىشلار شىنجاڭدا شىددەت بىلەن ئەۋج ئالدى- ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا ئاز-سانلىق مىللەتلەرنى ئېچىنىشلىق ، ئادالەتسىز تۈرمىگە سولاش ، 2021-يىل 24-فېۋرال ،www.hrw.org/news/2021/02/24/china-baseless-imprisonments-surge-xinjiang#

644 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

645 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

646 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

647 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

648 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

649 Deutsche Welle (DW) ، ختاي شىنجاڭدىكى لاگېلاردا ساختا سوت ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى جىنايەتكە ھۆكۈم قىلدى. 2020-يىل 8-ئىيۇن. www.dw.com/en/china-convicts-uighurs-in-sham-trials-at-xinjiang-camps/a-53699982

## خەلقئارالىق قانۇندا ئادىل سوتلىنىش كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ

ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 10-ۋە 11-ماددىسىدا قەيت قىلىنغاندەك ، شۇنداقلا پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسىنىڭ 14-ماددىسىدا ۋە باشقا خەلقئارالىق قانۇنلاردا تەپسىلى چۈشەندۈرۈلگىنىدەك ، بارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق قانۇنغا ئايلانغان ئادىل سوت قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدۇرۇش بولسا ئۆز ئۈستىگە ئالغان قانۇني مەجبۇرىيىتىدۇر. بىر كىشى دۆلەت ماشىنىسىنىڭ قارشى تەدبىرگە دۇچ كەلگەندە ، شۇ كىشىنىڭ قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى ، مەزكۇر دۆلەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە شەخسنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغانلىقى ۋە قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى كونكرېت ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر شەخس جىنايى جاۋابكارلىق ، سوت ۋە ئىمبارگولارغا دۇچ كەلسە زۆرۈر بولغان قوغداش كۆچەيتىلىدۇ (شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر شەخس جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىت بولغان ، يەنى تېررورىزم ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ، ياكى ھۆكۈمەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت بولغان دەپ ئەيىبلەنگەن بولسا ، بۇ شۇ دۆلەتنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ روشەن سىنايدۇ).[650]

جىنايى جاۋابكارلار ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق بىر ئادەم باراۋەر ۋە كەمسىتىشتىن خالى ھالدا سوتقا چىقىش ھوقۇقى بار. ئادىل سوتلىنىشنىڭ ئەڭ ئاساسى پرىنسىپى ۋە ئالدىنقى شەرتى بولسا دېلونىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارىنى چىقىرىشقا مەسئۇل تەكشۈرۈش سوت كوللېگىيىسى چوقۇم قانۇننى ئاساس قىلىشى ، مۇستەقىل ، ئۇنۇملۇك ، ئادىل ئېلىپ بېرىشى كېرەك. سوتنىڭ ئاممىغا ئوچۇق بولۇشى سوت جەريانىنىڭ ئادىللىقىنى ، مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قىلىشتا ئەڭ مۇھىم بولغان ئامىل بولۇپلا قالماي يەنە خەلقنىڭ قانۇن سىستېمىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ ئەمما پەقەتلا چەكلىك ساندىكى يېپىق ئېچىلىدىغان سوتلارغا يول قويۇلىدۇ. سوتلىنىش ياكى ھۆكۈم بېرىلىشتىن بۇرۇن ، ھەرقانداق بىر كىشى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنسا:

- چوقۇم ئۆزى سۆزلەيدىغان تىل بىلەن يازما شەكىلدە ئېنىق ، كونكرېت ھالدا ئەركىنلىكى چەكلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئۇقتۇرۇلۇشى كېرەك.
- ئۇلارنىڭ بار بولغان ھوقۇقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇتۇلۇپ تۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكىنى سوراش پۈرسەتلىرى جانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ۋە شۇ تۇتۇپ تۇرۇلغان كىشىنى قويۇپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇنغا ئالدىدىن بىلدۈرۈلىشى كېرەك ، يەنە
- چوقۇم ئۆزى تاللىغان مۇستەقىل قانۇن مەسلىھەتچىسى تەكلىپ قىلىشىغا ۋاقتىدا يول قويۇشى كېرەك.[651]

ئەگەر بىر شەخس جىنايى قىلمىش بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىلسا ، ئۇنىڭ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى بار ،ھەم بۇ ھوقۇق تاكى شۇ شەخسنىڭ گۇناھكارلىقى ئىسپاتلانغىچە ياكى ئىسپاتلىنىشتىن بۇرۇن گۇناھسىز دەپ قارىلىش ھوقۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھوقۇق يەنە شەخسكە جىنايەت ئارتماسلىق ياكى جىنايەتنى مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرماسلىق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بىر ئەيىبلەنگۈچى سوت ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا ياكى يالغان بايانات بېرىشكە مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن ئەرز قىلىغا بولسا ، سوتچىنىڭ بۇ ئەرزنى ھەر قانداق باسقۇچتا قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بار. بارلىق جىناي جاۋابكارلىق بىلەن ئەيىپلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئادۋۇكات ئارقىلىق ياكى مۇستەقىل ھالدا ئاقلاش ھوقۇقى بار. ئۇلارنىڭ ئۆزى تاللىغان ئادۋوكاتتىن ياردەم سوراش ۋە بىر ئىقتىدارلىق ئادۋوكاتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ھوقۇقلىرى بار.

دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق قانۇني ئۆلچەملەر بويىچە جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن ھەر قانداق ئىش ھەرىكەت ئۈچۈن ھېچكىم جازاغا تارتىلماسلىقى كېرەك.[652] بېرىلىدىغان جازالار مۇۋاپىق بولۇشى ۋە خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە خىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

قايىراتبەگ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ يىغىۋېلىشتا تۇرۇش جەريانىدا بىر «سوت» قا ئاپىرىلغانلىقىنى ۋە بۇ سوتتا ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان سوراقلارغا ئوخشاش سوئاللارغا قايتىدىن جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ تۈرمە جازاسىغا كېسىلمىگەن ، لېكىن ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان كامېراشلىرى شۇنداق «سوت» قا قاتناشتۇرۇلۇپ ، تۈرمە جازاسى بېرىلگەن ئىكەن. ئۇ ، بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

> **مىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىمدىن بىر ئايلار بۇرۇن، كىشىلەر «سوت زالى» غا ئاپىرىلىپ، تۈرمە جازاسىغا كېسىلىپ كەتكەن ئىدى. (مەن سوتقا ئاپىرىلغان ۋاقىتتا) ئۇلار مىنىڭ نىملەرنى قىلغىنىمنى سورىدى... مەن قازاقىستانغا چىقىپ باققانلىقىمنى دېدىم... (مېنىڭ دىلورىمنى باشقۇرۇۋاتقان ئايال) ماڭا، مېنىڭ [لاگېردا] يەنە ئۆزۈنراق تۇرىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. ئۇ ماڭا جازا ھۆكۈم قىلمىدى... ئەگەر خاتالاشمىسام، ئۇ ئايال ئۇيغۇر ئىدى. ئۇنىڭدا بىر سوئاللار تىزىملىكى بار ئىدى... مەن جاۋاب بېرىشكە ئۇستا ئىدىم... ئۇ يەردە پەقەت ئىككىمىزلا بار بولۇپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەشتۇق... ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا مىنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرىم بار ئىدى... مەن بىلەن [بىر كامېردا] بىللە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سوتقا باردى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى كامېرغا قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ تۈرمىگە كېسىلگەنلىكىنى دېدى. بەزىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ماڭا ئوخشاش ئىدى (تۈرمە جازاسىغا كېسىلمىگەن)... كېسىلگەنلەر [تۈرمە جازاسىغا] شۇنىڭدىن كېيىنلا كامېردىن ئېلىپ كېتىلدى.**[653]

---

650 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «ئادىل سوتلىنىش قوللانمىسى» 2014 ، www.amnesty.org/download/Documents/8000/pol300022014en.pdf

651 پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسىنىڭ 9- ماددىسى ؛ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ كۆزىتىش خۇلاسىسى: سۇدان ، UN Doc. CCPR/C/79/Add.85 (1997) §13; CAT_ ، ئومۇمىي باھا2, §13.

652 ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى (2) 11-ماددىسى ، پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسىنىڭ 15- ماددىسى ، كۆچمەن ئىشچىلار ئەھدىنامىسى (1) 19-ماددىسى

653 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

ئارزۇ ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان ساناقلىق سابىق تۇتقۇنلار ئىچىدىكى بىرسى بولۇپ ، ئۇ دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان گۇرۇپپىغا ۋاقىتلىق ئايرىلىپ ، سېرىق ئىزنەك بېرىلگەن . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، لاگېردا ياتقان تەخمىنەن بىر يىل ئىچىدە ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغان بىر قانچە كامېرداشلىرى سوتتا چىققاندىن كېيىن تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دېدى:« ئۇلار تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنى سوتقا ئاپاردى ،بىر قانچە كۈندىن كېيىن (ئۇلار ) سوت ھۆكۈمىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بىزنىڭ كامېرغا مەسئۇل خىزمەتچى كىرىپ ھۆكۈمنى ئوقۇپ بەردى ، بىزمۇ ئاڭلىدۇق ». ئارزۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ كامېردىكى ئىككى تۈرمىگە كېسىلگەن كامېرداشلىرىنىڭ تولۇق ئىسمىنى دەپ بەردى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى باشقىلار بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرۇشقا قاتناشقانلىقى ۋە دىن توغرىسىدىكى كىتاب ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن 15 يىل كېسىلگەن ، يەنە بىرى ساقچىنى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقىنى ھاقارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن 5 يىلدىن 7 يىلغىچە كېسىلگەن.[654] بۇ سوت خەلقئارالىق قانۇنلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنۇملۇك ، مۇستەقىل ، ئادىل ۋە قانۇننى ئاساسلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلدىمۇ ، بۇ تەرىپى ئېنىق ئەمەس.[655]

بېيبۇت ، ئوخشىمىغان لاگېرلاردا بىر يېرىم يىل تۇرغان بولۇپ ، ئۇ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ 50 كىشىلىك سىنىپقا قاتناشقانلىقىنى ، بۇلارنىڭ يېرىمى ئۇيغۇر ، قالغان يېرىمى قازاق بىلەن تۇڭگان ئىكەنلىكىنى دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، سىنىپتىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا ، بەش تۇڭگانغا ۋە ئىككى قازاققا تۈرمە جازاسى بەرگەنىكەن. «ئۇلار بىزگە بېرىلگەن جازا ھۆكۈمىنى سىنىپتا ئوقۇپ بېرەتتى... ھالال ئاشخانىغا بارغانلىقى ئۈچۈن (بىر ئەر كىشى ) ئۈچ يىللىق كېسىلگەن. ( يەنە بىر كىشىدە ) دالا قونىدىغان ئەسلىھەلەر ۋە بوكسىيورلۇق ئەسۋابلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن يەتتە يىل كېسىلگەن چۈنكى بۇنداق نەرسىلەرنى ساقلىسىڭىز ، تېررورىزمغا چېتىشلىق بولىسىز ».[656]

جىنايى جازا ھۆكۈمى بېرىلگەن ھەممە ئادەملەر تۈرمىلەرگە ئەۋەتىلمىگەن. قارىماققا بەزىلىرى يىغىۋېلىش لاگېر ئىچىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن قېلىپ قالغان. ئىككى سابىق تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا 10 يىلدىن تۆۋەن كېسىلگەنلەرنىڭ لاگېر ئىچىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى ، 10 يىلدىن ئارتۇق كېسىلگەنلەر تۈرمىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[657] بۇ خىل ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلغان ژۇرنالىستلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلارنى ھۆججەتلەشتۈرگەن.[658]

مەرىيەمگۈل ، ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ ئىشلەشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر لاگېرغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ ، ئۇ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئۆزىنىڭ لاگېرغا كېلىپ بىر ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، سىنىپىدىكى كىشىلەرنىڭ جىنايى جازا ھۆكۈملىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتتى. «[مەن توغرىسىدا ] مەن ئەسلى 5 يىلدىن 10 يىلغىچە كېسىلىشكە تېگىشلىكتىم ، بىراق ھۆكۈمەت ماڭا مېھرىبانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەن تۈرمىگە كېسىلمىدىم... ئۇلارنىڭ دېيىشىچە مىنىڭ گۇناھىم سەزگۈر دۆلەتلەر تىزىملىكىدىكى دۆلەتكە بارغانلىقىم ۋە ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن ماسلاشمىغانلىقىم ئىكەن ».[659] مەرىيەمگۈل شۇنىڭدىن كېيىن چەتئەلدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ نارازىلىق ئەرزى سەۋەبلىك قويۇپ بېرىلگەن ئىكەن.

سابىق تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار تەسۋىرلەپ بەرگەن بەزى جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىش جەريانلىرى ئەمەلىيەتتە تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنى قورقۇتۇش ۋە ئۇلارنى رايىشلىق بىلەن لاگېردىكى «مائارىپ »نى قوبۇل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان كۆپلىگەن سابىق تۇتقۇنلارغا باشتا گۇناھكارلىق ھۆكۈمى بېرىلگەن ، ئاز قىسىملىرى تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىراق بۇ ھۆكۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھېچقايسىسى تۈرمىگە ئەۋەتىلمىگەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن تۈرمىگە ئەۋەتىلگەن كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش پۇرسىتى بولمىدى. شۇڭا يەنە قانچىلىغان شەخسلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچار بولغانلىقى ۋە قانچىسىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالغان ئوخشىمايدىغان كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى ، بۇنى بىلىش قىيىن.

شۇنداقتىمۇ ئەھۋال ئېنىقكى ، لاگېر تۇتقۇنلىرى ئۆزلىرى تاپشۇرۇۋالغان جىنايى ھۆكۈملەرگە قاراپ ، تۈرمىگە سولىنىش ئېھتىماللىقى بارلىقىغا ئىشىنەتتى. ئايتوغاننىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا 10 يىللىق ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كېسىلگەن تۇتقۇنلارنىڭ ئۇدۇللا تۈرمىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ سىنىپىدىكى ئۈچ نەپەر تۇتقۇن - ئىككىسى ئۇيغۇر ، بىرى قازاق ، تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇنى لاگېردا ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتچى يوشۇرۇن دەپ بەرگەن ئىكەن . ئۇ مۇنداق دېگەن «10 يىلدىن ئارتۇق كېسىلگەنلەر ئۇدۇللا تۈرمىگە ئەۋەتىلدۇ ؛ ئائىلىسىدىكىلەر تۈرمىگە كېسىلگەنلىك ھۆكۈمنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. لاگېردىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىزگە بۇ ئىشنى يوشۇرۇن ئېيتىپ بەردى [كىشىلەرنىڭ تۈرمىگە ئەۋەتىلۋاتقانلىقىنى ]».[660]

قازىر ، مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە بارغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا سولانغان بولۇپ ، ئۇ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا سىنىپتىكى ۋاقتىدا ، بىر كۈنى سىنىپىدىكىلەرنى بىر- بىردىن باشقا بىر ئۆيگە چاقىرىپ ، ئۇلار ئۇستىدىن چىقىرىلغان جىنايى ھۆكۈمنامىلەرنى ئېيتقان:

**دىندار كىشلەر 2 يىلدىن 10 يىل [ئارىلىقىدا ] تۈرمە جازاسىغا كېسىلدۇ. بىزنىڭ يېزىدىكى بىر مەسچىتتىكى ئىمام يەتتە يىللىق تۈرمىگە كېسىلدى... ئۇ ماڭا جازا ھۆكۈمى توغرۇلۇق دەپ بەردى... بىز بىر ئۆيدە ئىدۇق.... باشتا**

654 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
655 ئۇنۋېرسال كىشىلىك ھوقوق خىتاپنامىسى 10-ماددىسى ، پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسىنىڭ ( 1) 14- ماددىسى.
656 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
657 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
658 Deutsche Welle (DW) خىتاي شىنجاڭدىكى لاگېرلاردا ساختا سوت ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى جىنايەتكە ھۆكۈم قىلدى. 2020-يىل 8-ئىيۇن. www.dw.com/en/china-convicts-uighurs-in-sham-trials-at-xinjiang-camps/a-53699982
659 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.
660 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

**مەن 3 يىلدىن 5 يىلغىچە كېسىلگەن ئىدىم، لېكىن ئۇلار مېنى كېيىن كەچۈرۈم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ماڭا تۈرمە جازاسى بېرىلمىدى... ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرمىدى. مېنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم بىر تۇغقىنىمنىڭ قازاقىستاندىن مېنىڭ قويۇپ بېرىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلغان بولۇشى مۇمكىن.**[661]

كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىر سابىق ھۆكۈمەت خادىمىنىمۇ زىيارەت قىلدى. ئۇ لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىغا ، ئۇلارغا بەرگەن جىنايى ھۆكۈمنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئىكەن. بۇ خادىمنىڭ دېيىشىچە ، سوت مەھكىمىسىگە ۋەكىل بولغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە ھۆكۈمەت كادىرلىرى شۇ تۈرمىگە كېسىلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باردۇ. ئايىمان مۇنداق دەيدۇ: « بىز بىر پارچە قەغەزنى ئوقۇپ بېرىمىز ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچقانداق رەسمى ھۆكۈمەت تامغىسى ، ئىمزا دېگەنلەر يوق ، پەقەتلا ئۆتكۈزگەن جىنايىتى يېزىقلىق... ھەر بىر ئادەم ئوخشىمايدىغان جىنايەتلەر. [بەزىدە] قەغەزگە `جىنايىتى بولسا رادىكاللىقنىڭ 75 خىل ئىپادىللىرىنىڭ بىرى` دەپلا يېزىقلىق ئىدى» .[662]

كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بېرىلگەن تۇتقۇنلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش جەريانى ھەققىدىكى قاراشلار باشقا سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ژورنالىستلارغا ئېيتقانلىرى بىردەك چىققان.[663] سابىق تۇتقۇنلار ژورنالىستلارغا «ساختا سوت قىلىش» ھەققىدە گۇۋاھلىقلار بەرگەن بولۇپ ، بۇ خىل ساختا سوت قىلىش كىشىلەرنى لاگېرلاردىن تۈرمىلەرگە يۆتكەشكە تۈرتكە بولغان جەريان ئىدى. بۇ جەرياننىڭ بىر قىسمى بولسا ، تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارغا بىر قاتار خىلاپلىق قىلمىشلارنىڭ تىزىملىكى يەنى 75 تۈرلۈك رادىكاللىقنىڭ ئىپادىلىرى دېگەنگە ئوخشاش جىنايەت تىزىملىكى بېرىلگەن بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە بىرنى دەرھال تاللىشى كېرەك. ئەگەر تۇتقۇنلار بۇ تىزىملىكتىن ئۆز جىنايىتىنى تاللاشنى رەت قىلسا ، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك قاماق جازاسى بېرىش بىلەن تەھدىت سېلىنىدىكەن. ژورنالىستلار يەنە لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى تۈرمىلەرگە ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەردى.[664]

## شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېر سېستېمىسىنىڭ تەدرىجى ئۆزگىرىشى ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسى ھەققىدە مۇنازىرىلەر

2017-يىلى ، نۇرغۇنلىغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ئۈچۈن ، بۇرۇنقى مەكتەپلەر ۋە بىخەتەرلىكى كۈچەيتىلگەن ھۆكۈمەت بىنالىرى قاتارلىق قايتىدىن ئۆزگەرتىلگەن ئورۇنلارنى ئىشلەتكەن بولۇپ ، ئۇ يەرلەردە تۇتقۇنلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان.[665] قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن ئورۇنلار بولسا ، ئۇ يەرلەرگە ئادەتتە ئىچكى رېشاتكىلارنى بېكىتىش ، تاشقى بىخەتەرلىك تاملىرىنى سېلىش ، نازارەت قىلىدىغان مۇنارلار ۋە پوستلارنى سېلىش ۋە باشقا يېڭى قۇرۇلۇشلاردىن تەركىپ تاپقان. 2018-يىلى ، ئەڭ دەسلەپتە لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغانلار يېڭى ۋە كۆلىمى چوڭ ئورۇنلارغا يەنى ئادەتتە شەھەرنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا مەخسۇس لاھىيىلەپ سېلىنغان يېڭى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا يۆتكەلگەن.[666] بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى ئەسلىدە بار تۈرمىلەرگە يانداش قىلىپ سېلىنغان بولۇپ ، بەزىلىرىنى ئەسلىدىكى تۈرمىلەرنىڭ كېڭەيتىلىپ سېلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.[667] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى ئۈستىدىن قىلغان ئانالىزلىرىغا ئاساسلانغاندا ، 2018-يىل بىلەن 2020-يىلى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان قايتىدىن ئۆزگەرتكەن تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكى بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدا ، يېقىنقى مەزگىللەردە ، ئىچىدە قۇرۇلۇپ پۈتكەن كۆلىمى چوڭ ، يېڭى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى پەيدا بولغان.

2021 -يىلى مايدا ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 29 تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىنى ئانالىز قىلدى ۋە سابىق تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ تەمىنلىگەن ئۆزلىرى تۇرغان لاگېرلارنىڭ تەسۋىرلىرى بويىچە ، بۇ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ ئېنىق ئورنىنى تاپتى ۋە مۇقەررەرلەشتۈردى. ئاساسەن دېگۈدەك ھەممە ئورۇنلار ، يەنى ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەتكەن ئورۇنلار ۋە 2017-يىلدىن باشلاپ لاگېرلارغا ئايلاندۇرغان ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنىڭ 2018-يىلى ۋە 2020 -يىللىرى ئېلىۋېتىلگەنلىكى ھەم بۇ يەرلەرنى لاگېر قىلىپ ئىشلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى كۆرۈنگەن. كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئانالىز قىلغان 3 چوڭراق ئورۇننىڭ نورمال ئىشلىتىلىۋاتقانلىق بەلگىلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بىراق ، كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇ مەركەزلەر لاگېر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىۋاتامدۇ ياكى باشقا مەقسەتتە ئىشلىتىلىۋاتامدۇ ، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن. بۇ ئانالىزلارنى 2020-يىلى سېنتەبىردە (ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ) تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان سۈنئىي ھەمراھ سۈرەت ئانالىزلىرى بۇ ئورۇنلارنى قىسمەن ئىسپاتلىغان. بۇ ئانالىزدا 2018-يىلدىن كېيىن شىنجاڭدىكى گۇمان قىلىنغان جەمئى 380 تۇتۇپ تۇرۇش

661 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

662 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

663 Deutsche Welle (DW) خىتاي شىنجاڭدىكى لاگېرلاردا ساختا سوت ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى جىنايەتكە ھۆكۈم قىلدى. 2020-يىل 8-ئىيۇن Gene A. Bunin. www.dw.com/en/china-convicts-uighurs-in-sham-trials-at-xinjiang-camps/a-53699982
خىتاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ھاياتلىق سەنئىتى ، «لاگېرلاردىن تۈرمىلەرگە: شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق ھالاكىتى» 2019-يىل 5-ئۆكتەبىر livingctherwise.com/2019/10/05/from-camps-to-prisons-xinjiangs-next-great-human-rights-catastrophe-by-gene-a-bunin/

664 شۆھرەت ھوشۇر ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «خىتاي ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى شىنجاڭدىن ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە سىچۈەندىكى تۈرمىلەردە غايىب قىلىۋەتتى». www.rfa.org/english/news/uyghur/detainees-02212019162142.html

665 Ben Dooley, AFP خەۋەرگە غا قاراڭ ، « خىتاي يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ ئىچى: ياش ئاققۇزىدىغان گاز ، توك سىملىرى ئارقىلىق ھەرىكەتتىن توختۇش ، ئۆگىنىدىغان دەرسلىك» 2018-يىل 24-ئۆكتەبىر ، www.yahoo.com/news/inside-chinas-internment-camps-tear-gas-tasers-textbooks-052736783.html ، Nather Ruser ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، «شىنجاڭنىڭ تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسىنى ھۆججەتلەشتۈرۈش» ، 2020-يىل سېنتەبىر ، cdn.xjdp.aspi.org.au/wp-content/uploads/2020/09/25125443/documenting-xinjiangs-detention-system.cleaned.pdf

666 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارىتى.

667 Nather Ruser, Australian Strategic Policy Institute ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، «شىنجاڭنىڭ تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسىنى ھۆججەتلەشتۈرۈش» ، 2020-يىل سېنتەبىر ، cdn.xjdp.aspi.org.au/wp-content/uploads/2020/09/25125443/documenting-xinjiangs-detention-system.cleaned.pdf

ئورۇنلىرىنىڭ 70 نى تاقىۋەتكەنلىكى ياكى ئۇ يەرلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ئېلىۋەتكەنلىكى ھەققىدە يەكۈن چىقارغان.[668] رەند شىركىتى (Rand Corporation) كېچىلىك چىراغ تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ ، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى (ASPI) تەرىپىدىن ئارخىپلاشتۇرۇلغان 389 ئورۇننىڭ سانلىق ئۇچۇرلىرىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ، جەمئىي 51 ئورۇنلارنىڭ 2021-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنىگىچە بولغان توك ئىشلىتىش مىقدارىدا زور دەرىجىدە تۆۋەنلەش بولغانلىقىنى بايقىغان. بۇ بايقاش يەنە بىر قېتىم بۇ ئورۇنلارنىڭ نورمال خىزمەتتە ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن.[669]

بۇ لاگېرلار تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ ئاز بولۇشى بىلەن بىكار قىلىنغانمۇ ، ياكى يېڭى لاگېرلار ۋە تۈرمىلەر ياسىلىپ ، باشتىكى لاگېرلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنمۇ ، ياكى بۇ ئىككىلىسى تەگلا سەۋەب بولغانمۇ ، ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. BuzzFeed News بىلەن ASPI تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان سۈنئىي ھەمرا سۈرەتلىرى ئانالىزلىرىغا ئاساسلانغاندا ، نۇرغۇن لاگېرلار تاقالغان بولسىمۇ ، ئەمما شىنجاڭدىكى زور كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىشنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇش سىستېمىلىرى 2017-يىلدىن 2020-يىلغىچە زور دەرىجىدە كۆپەيتىلگەن ASPI. ئاز دېگەندە 61 تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنىڭ 2019يىل 7-ئايدىن 2020-يىلى 7-ئايغىچە كېڭەيتىلگەنلىكىنى ياكى قۇرۇلغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندە 14 مەركەزلەر - كۆپىنچە تۈرمىلەر ، داۋاملىق ياسىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[670] BuzzFeed نىڭ ئانالىزلىرى 2017-يىلدىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان يېڭى تۈرمە ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىق ئىسپاتلىرىنى تېپىپ چىقتى ، بۇنىڭ نۇرغۇنلىرى 2020-يىلمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلىۋاتقان.[671]

بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى تۈرمىلەرمۇ ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىمۇ ، ۋە ياكى ھەممىسىنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. 2021-يىلى ، مۇشۇ مەركەزلەردە تۇتۇلغان كىشىلەر يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا تۇتۇش جەريانى ئارقىلىق تۇتۇلغانمۇ ياكى رەسمىي قانۇنلۇق تۈرمىگە ھۆكۈم قىلىش جەريانى ئارقىلىق سولانغانمۇ ۋەياكى باشقا خىلدىكى جەريانلار ئارقىلىق تۇتۇلغانمۇ ، بۇنىسىمۇ ئېنىق ئەمەس. كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنىڭ قايسى خىل شەكىلدە بولۇشى مۇھىم ئەمەس ، ئەڭ مۇھىم بولغىنى ، تۇتقۇن قىلىش جەريانى ۋە تۇتقۇنلارنىڭ لاگېرلار ئىچىدە ئۇچرىغان مۇئامىلىلىرى خەلقئارالىق قانۇن ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىدۇر.

## لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇنازىرە

2019-يىلى 7-ئايدا ، شۆھرەت زاكىر ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقى ،شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان 90% تۇتقۇنلارنىڭ قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.[672] ئۇ 2019-يىلى دېكابىردا لاگېلارنىڭ تاقالغانلىقىنى ۋە لاگېر ئىچىدە تۇرغان بارلىق كىشىلەرنىڭ «جەمئىيەتكە قايتقانلىقىنى» جاكارلىغان.[673] ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ بۇنداق كەسكىن باياناتىنى دەلىللەيدىغان بىرەر ئىسپات بىلەن تەمىنلىمىگەن.[674] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بۇ ئۇقتۇرۇشتىن كېيىن ، ئاممىنىڭ لاگېرلار توغرىسىدىكى ۋە تۇتقۇن قىلىنغان ئادەملەر توغرىسىدىكى ئۇچۇلارغا ئېرىششىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكلەشنى داۋاملاشتۇرغان.[675]

---

668 ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، «شىنجاڭنىڭ تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسىنى ھۆججەتلەشتۇرۇش» 2020-يىل سېنتەبىر ، cdn.xjdp.aspi.org.au/wp-content/uploads/2020/09/25125443/documenting-xinjiangs-detention-system.cleaned.pdf

669 Eric Robinson and Sean Mann, NGA Tearline and The Rand Corporation, «NGA Tearline: كېچىدە يېنىق چىراغلار بىزگە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلغان ئورۇنلار توغرىسىدا نىملەرنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ؟» www.intelligence.gov/index.php/publics-daily-brief/public-s-daily-brief-articles/1039-nga-tearline-what-can-nighttime-lighting-tell-us-about-china-s-uyghur-detention-facilities

670 ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ، «شىنجاڭنىڭ تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسىنى ھۆججەتلەشتۇرۇش » 2020-يىل سېنتەبىر ، cdn.xjdp.aspi.org.au/wp-content/uploads/2020/09/25125443/documenting-xinjiangs-detention-system.cleaned.pdf,

671 Megha Rajagopalan, Alison Killing, Christo Buschek, BuzzFeed ئۇزۇن مۇددەتلىك مەقسەت ئۇچۈن قۇرۇش: بازفىد ئۇچۇرلىرىنىڭ ((BuzzFeed) ئۇزۇن مۇددەتلىك يىغىۋېلىپ تۇتۇپ تۇرۇش ۋە تۈرمىلەرگە كېسىشنى مەقسەت قىلغان كۆپلىگەن تىزدىن كېڭىيىۋاتقان ئاساسى قۇرۇلۇشلارنى ئاشكارىلىغان مىڭلىغان سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۇشى» 2020 -يىلى 27-ئاۋغۇست ، www.buzzfeednews.com/article/meghara/china-new-internment-camps-xinjiang-uighurs-muslims; Alison Killing, Megha Rajagopalan, Christo Buschek, BuzzFeed News, «خىتاي خەرىتىسىدىكى قۇرۇق قالدۇرۇپ قويۇلغان جايلار - بىزنىڭ شىنجاڭدىكى لاگېرلارنى تېپىشىمىزغا ياردەم بەردى» 2020-يىلى 27-ئاۋغۇست ، www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/satellite-images-investigation-xinjiang-detention-camps

672 شىنجاڭدىكى لاگېرلارغا سولانغان `كۆپ قىسىم ئادەملەر` قويۇپ بېرىلدى ، خىتاي باياناتى: خىتاي دۆلىتىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتتى ، بىراق ئامېرىكا بۇ ھەقتە ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىللە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى تەكشۈرۇش ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى». 2019-يىل 30-ئىيۇل ، www.theguardian.com/world/2019/jul/31/most-people-detained-in-xinjiang-camps-have-been-released-china-claims; Chris Buckley and Edward Wong, New York Times, «خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنى لاگېرلاردىن قويۇپ بەرگەنلىك باياناتى گۇمان قوزغىدى» 2019-يىل 30-ئىيۇل ، www.nytimes.com/2019/07/30/world/asia/china-xinjiang.html

673 Lily Kuo, The Guardian «خىتاي تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار قويۇپ بېرىلدى دەپ جاكارلىدى: شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت باشلىقى قويۇپ بېرىلگەنلەر توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىسپات كۆرسەتمىدى ، بىراق `تەربىيىلەنگۈچىلەر` نىڭ مۇقىم خىزمەت تاپقانلىقىنى ئېيتتى» ، 2019-يىل 9-دېكابىر ، www.theguardian.com/world/2019/dec/09/china-claims-detained-uighurs-have-been-freed; Yanan Wang, Associated Press (AP),«خىتاي لاگېلاردىكى ھەممە ئادەمنىڭ `ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىنى` جاكارلىدى» . 2019-يىل 9-دېكابىر ,apnews.com/article/religion-terrorism-ap-top-news-international-news-politics-27f00e4feaa2755f25ab514cecda7add; XINHUANET «شىنجاڭدىكى مائارىپ ، تەربىيىلەش پروگراممىسىدىكى بارلىق تەربىيىلەنگۈچىلەر ئوقۇش پۈتتۈردى: ھۆكۈمەت ھۆججىتى» 2019-يىل 9-دېكابىر www.xinhuanet.com/english/-201912/09/c_138617314.htm

674 Lily Kuo, The Guardian «خىتاي تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار قويۇپ بېرىلدى دەپ جاكارلىدى: شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت باشلىقى قويۇپ بېرىلگەنلەر توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىسپات كۆرسەتمىدى ، بىراق `تەربىيىلەنگۈچىلەر` نىڭ مۇقىم خىزمەت تاپقانلىقىنى ئېيتتى» ، 2019-يىل 9-دېكابىر ،www.theguardian.com/world/2019/dec/09/china-claims-detained-uighurs-have-been-freed; خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «خىتاي: ھۆكۈمەت چوقۇم شىنجاڭدىكى تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىك ئىسپاتىنى كۆرسىتىشى كېرەك». 2019-يىل 9-دېكابىر ، www.amnesty.org/en/latest/news/2019/12/china-government-must-show-proof-that-xinjiang-detainees-have-been-released/

675 John Sudworth, BBC News ب ب س خەۋىرى ، «خىتاينىڭ بېسىمى ۋە تەشۋىقاتى - شىنجاڭنى خەۋەر قىلىشنىڭ ئارقىسىدىكى رېئاللىق» 2021-يىل 15-يانۋار www.bbc.com/news/world-asia-china-55666153; كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، « خىتاينىڭ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىنى توسۇشىدىكى ئاساسسىز سەۋەبلەر: `ۋەكىللەر بۇ ھەركەت ` ئاساسسىز ۋە زۆرۈرىيەتسىز توسالغۇلاردۇر` ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى توسماقتا» ، 2020-يىل 25-مارت ، www.hrw.org/news/2020/03/25/chinas-weak-excuse-block-investigations-xinjiang; Cate Cadell, Tony Munroe, Reuters, «تەھدىت ۋە توسقۇنلۇقلار سەۋەبىدىن ب ب س مۇخبىرى خىتايدىن ئايرىلدى» 2021-يىل 31-مارت ، www.reuters.com/article/us-china-britain-bbc/bbc-journal-ist-leaves-china-citing-threats-obstruction-idUSKBN2BN0U2; James Griffiths, CNN «يۇشۇرۇشتىن كۈچەپ قارشى تەشۋىق قىلىش تىز ھۇجۇمى: خىتاينىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇشى» ، 2021-يىل 17-ئاپرېل ، www.cnn.com/2021/04/16/china/beijing-xinjiang-uyghurs-propaganda-intl-hnk-dst/index.html

هۆكۈمەتنىڭ تەمىنلىگەن ئىسپاتنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە شىنجاڭدىن توغرا ئۇچۇرلارنى ئېلىشنىڭ قىيىن بولۇشى نەتىجىسىدە سابىق تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ، ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەر ياكى تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ، دىپلوماتلار ، ژۇرنالىستلار ۋە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ، هۆكۈمەتنىڭ دېگىنىدەك لاگېرلارنىڭ تاقىلىپ ، تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن بەس-مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.[676]

يەنە بىر-تەرەپتىن ئېيتقاندا ، بۇ دوكلات ، ژۇرنالىستلار ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ هۆججەتلەشتۈرۈلگەن گۇۋاھلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا ، نۇرغۇنلىغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرى تۇتقۇنلىرى قويۇپ بېرىلگەن.[677] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، ژۇرنالىستلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار زىيارەت قىلغان بارلىق سابىق تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار هۆكۈمەتنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىغان ۋاقىتدا قويۇپ بېرىلگەن.[678] سابىق تۇتقۇنلار ۋە باشقا شىنجاڭدا ئىلگىرى ياشىغان ئاھالىلەر ھەم چەتئەلدە تۇرىۋاتقان باشقا كىشىلەر لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى دەلىللەر بىلەن تەمىنلىدى.[679] شىنجاڭدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سانلىق ئۇچۇر ئامبىرى ئارخىپلاشتۇرغان 583 لاگېر 2018-يىلنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 2019-يىلنىڭ بېشىدا كىشىلەرنى قويۇپ بەرگەن.[680]

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، بەزى تۇتقۇنلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى ۋە بەزى لاگېرلارنىڭ تاقىۋېتىلگەنلىكى ، هۆكۈمەتنىڭ بۇ توغرۇلۇق كەڭ دائىرىدىكى ياياناتىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلىمايدۇ. ئاز ساندىكى سابىق تۇتقۇنلار ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى لاگېرلاردىن 2019-يىلى دېكابىردىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن ، بۇ دېمەك هۆكۈمەتنىڭ لاگېرلارنى تاقىۋەتكەنلىك باياناتى بىلەن بىۋاستە زىددىيەتلىك بولۇپ چىققان.[681] كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەت قىلغان بىر قانچىلىغان سابىق تۇتقۇنلار ۋە شىنجاڭدا ئىلگىرى ياشىغان ئاھالىلەر ھەم تۇتقۇن قىلىنغان ياكى يوقاپ كەتتى دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، شىنجاڭدىكى لاگېرلاردا داۋاملىق تۇتۇلۇپ تۇرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن.[682]

يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا داۋاملىق تۇتۇلۇپ تۇرىۋاتقان كىشىلەر سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ،لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ يەنىلا لاگېرلاردا ياكى باشقا خىل شەكىلدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا داۋاملىق تۇتۇلۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك دەلىللەر بار. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى لاگېرلاردا ، تۈرمىلەردە ياكى باشقا تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە سولاقتا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى مەلۇم قىلغان.[683] بۇ يەردە يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ، بەلكىم كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ لاگېرلاردىن تۈرمىلەرگە ياكى باشقا يىغىۋېلىش مەركەزلىرىگە يۆتكەلگەنلىكى ھەققىدە ئىسپاتلا بار.[684] كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە باشقا ئورگانلار زىيارەت قىلغان سابىق تۇتقۇنلارنىڭ دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرى تۈرمىلەرگە ئەۋەتىلگەن.[685] شىنجاڭدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سانلىق ئۇچۇر ئامبىرى 500 دىن كۆپرەك كىشىلەرنىڭ «تۇتقۇن قىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش» ئۈچۈن تۈرمىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بىراق ، بۇ كىشىلەرنىڭ پەقەتلا ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى لاگېرلادىن يۆتكىۋەتكەن ، كۆپ ساندىكىلىرى بولسا باشقا شەكىلدىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىن « تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى» گە ئوخشاش ئورۇنلارغا يۆتكىۋەتكەن.[686] تۈرمە جازاسى بېرىلىشىدىكى ئوچۇق ئاشكارىلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن ، بۇ ھەقتىكى ھەقىقى سانلىق مەلۇماتلار نامەلۇم.

676 Chris Buckley and Austin Ramzy «كېچە سۈرەتلىرى خىتاينىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى نۇرغۇنلىغان يېڭى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى ئاشكارىلىدى: خىتاي ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا ئاز-سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان `قايتىدىن تەربىيىلەش ` لاگېرلىرىنىڭ بارغانسېرى ئازلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ، بىراق تەتقىقاتچىلار تۇتقۇن قىلىشنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىللىرىنى تاپتى». 2020-يىل 24-سېنتەبىر ، www.nytimes.com/2020/09/24/world/asia/china-muslims-xinjiang-detention.html; Al-Jazeera «خىتايدىكى ئۇيغۇرلارغا نېمىلەر يۈز بەردى ؟ بۇ يەردىن باشلاڭ» 2021-يىل 21-فېۋرال ، www.aljazeera.com/program/start-here/2021/2/28/whats-happening-with-chinas-uighurs-start-here; ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، «شىنجاڭنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى ئۈچ لاگېر پۈتۈن ناھىيدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتى تەشكىل قىلىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى». 2020-يىل 10-سېنتەبىر. www.rfa.org/english/news/uyghur/camps-09102020142042.html, خىتاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى هاياتلىق سەنئىتى «لاگېرلاردىن تۈرمىلەرگىچە: شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ كىشىلىك هوقۇق هالاكىتى» 2019-يىل 5-ئۆكتەبىر، livingotherwise.com/2019/10/05/from-camps-to-prisons-xiniiangs-next-great-human-rights-catastrophe-by-gene-a-bunin/; Gene A. Bunin شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بۇ پىل: 2. پۈتۈنلەي يېڭى تۈرمىلەر ، كونا تۈرمىلەرنى كېڭەيتىش& يۈزلىگەن ، مىڭلىغان يېڭى يىغىۋېلىنغۇچىلار ، 2021-يىل 4-يانۋا، Gene A. Bunin livingotherwise.com/2021/01/04/the-elephant-in-the-xuar-ii-brand-new-prisons-expanding-old-prisons-and-hundreds-of-thousands-new-inmates/

677 Gene A. Bunin, Foreign Policy تاشقى سىياسەت ژۇرنىلى ، «تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار شىنجاڭدىكى لاگېرلاردىن كۈندىن-كۈنگە ئازايماقتا: شۇ قويۇلۇپ بېرىلگەنلە ئۆيلىرىگە نەزەربەندە قىلىنىش ياكى مەجبۇرى ئەمگەككە ئەۋەتىلىشنى كۈتىۋاتقان بولۇپ ، بەلكىم بۇ ئامۇى مۇناسىۋەت تاكتىكىسىدىن بولۇشى مۇمكىن» ، 2019-يىل 18-يانۋار ، foreignpolicy.com/2019/01/18/detainees-are-trickling-out-of-XUARs-camps/; Alison Killing and Megha Rajagopalan, BuzzFeed News ئۇلار نىمنى كۆردى: سابىق مەھبۇسلار خىتاينىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ قورقۇنۇشلۇق تەپسىلاتىنى بايان قىلدى ، 2020-يىل 27-ئاۋغۇست ، www.buzzfeednews.com/article/alison_killing/china-ex-prisoners-horrors-xinjiang-camps-uighurs

678 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەتلىرى ؛ شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق ئۇچۇر ئامبىرى ، shahit.biz/eng/

679 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەتلىرى ؛ شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق ئۇچۇر ئامبىرى ، shahit.biz/eng/

680 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەتلىرى ؛ شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق ئۇچۇر ئامبىرى ، shahit.biz/eng/

681 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەتلىرى.

682 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى زىيارەتلىرى.

683 خىتاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى هاياتلىق سەنئىتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بۇ پىل 3: «قانۇنغا ئاساسلانغاندا» Gene A. Bunin 2021-يىل 19-ئاپرېل ، livingotherwise.com/2021/04/19/the-elephant-in-the-xuar-iii-in-accordance-with-the-law/

684 شۆھرەت هوشۇر ، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ، شىنجاڭدىكى هۆكۈمەت ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى مەخپى ھالدا خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكىمەكتە ، 2018-يىل2-ئۆكتەبىر ، www.rfa.org/english/news/uyghur/transfer-10022018171100.html; Holly Robertson, ABC News, «دوكلات قىلىنىشىچە ، خىتاي ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى شىنجاڭدىن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كۆپلەپ يۆتكەشنى باشلىدى». 2018-يىل 9-ئۆكتەبىر ، www.abc.net.au/news/-201810-10/is-china-transferring-uighur-detainees-to-far-flung-prisons/10356406 خىتاي ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى هاياتلىق سەنئىتى «لاگېرلاردىن تۈرمىلەرگىچە: شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ كىشىلىك هوقۇق هالاكىتى» 2019-يىل 5-ئۆكتەبىر ، livingotherwise.com/2019/10/05/from-camps-to-prisons-xiniiangs-next-great-human-rights-catastrophe-by-gene-a-bunin/

685 Reuters - «شىنجاڭدىكى لاگېرلارغا سولانغان كۆپ قىسىم ئادەملەر قويۇپ بېرىلدى ، خىتاي باياناتى: خىتايدىكى هۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، كۆپ ساندىكى تۇتقۇن قىلىنغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتقان ، بىراق ئامېرىكا هۆكۈمىتى بۇ ھەقتە ئىسپات كۆرسىتىشنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈشكە بېرىشىنى چاقىرىق قىلدى». 2019-يىل 30-ئىيۇل ، www.theguardian.com/world/2019/jul/31/most-people-detained-in-xinjiang-camps-have-been-released-china-claims

686 شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرىغا قاراڭ ، shahit.biz/eng/




قارامای شەھەرىنىڭ سۈرەتلىرىدە، 2016-يىلدىن باشلاپ شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ھەر خىل تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن.

## سۈنئىي ھەمرادىن تارتىلغان سۈرەتلەر

قارامای شەھىرى شىنجاڭنىڭ قارامای ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 275 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ شەھەردە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە كۆپ قېتىم خەۋەر قىلىنغان.[687] 2017-يىلدىن 2019-يىلغىچە ئارىلىقتا، سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتتە شەھەرنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە يەنى قاتناش مەكتىپىنىڭ غەربىدە بىر كونا بىنالار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ يەر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن بۇ يەردىكى بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ تاشلىغان. بۇ يەرگە يېقىن ئەتراپتا بىر تۈرمە با بولۇپ، 2020-يىلى 8-ئايدا چېقىۋېتىلگەن. 2017 ۋە 2018-يىللىرى بۇ ئىككى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىدىكى پائالىيەت روشەن كۆرۈنگەن ۋە بۇ يەرلەرگە «بىخەتەرلىك» ھەم «قاتتىق بىخەتەرلىك» ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان. بۇ ئىككى ئورۇن بىر-بىرلىرىگە تۇتاش ۋە ئۇ يەردە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان. بۇ ئورۇن شەھەرنىڭ غەربىگە ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا توغرا كېلىدۇ.

687 شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرى، https://shahit.biz/eng/#facilities

## يىغۋېلىش لاگېرى













*2016-يىلدىن 2021-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈنىشى. 2016-يىلى 17-سېنتەبىر كۈندىكى كۆرۈنۈشتە ، ئۇ يەردە ناھايىتى ئاز ئىش-پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. 2018-يىلى 6-ئاينىڭ 24-كۈندىكى سۈرەتتە يېڭى قورشاۋ تام ، كىرىش ئېغىزى ، رېشاتكا ۋە دەرۋازا قاتارلىق بىخەتەرلىك كۆچەيتىش ئەسلىھەلىرى بىلەن بىللە يېڭى بىنا بىر كۆرۈلدى. بۇ يەردە يەنە يېڭىدىن ياسالغان ماشىنا توختىتىش مەيدانى ۋە نۇرغۇن ماشىنىلار بار. 2019-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنىگە كەلگەندە ، بۇ يەردە بىر قانچە ماشىنا كۆرۈندۇ ، تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى ئەمدى يوق ، رېشاتكىلار ئېلىۋېتىلگەن ، دەرۋازىلار بولسا ئوچۇق ، ئۇ يەردىكى بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى ئېلىۋېتىلگەندەك كۆرۈندۇ. 2021-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى سۈرەتتە ، ئىلگىرىكى ئەينەن بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى بار ئورۇندا نۇرغۇنلىغان ماشىنىلار كۆرۈنگەن بولۇپ ، بۇ يەر باشقا مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىلگەن.*

## كونا تۈرمە







*سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەرقاراماي شەھەر مەركىزىدىكى كونا تۈرمە كۆرسەتتى. 2020-يىلى 11-مارتتىن 16-ئاۋغۇستقىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ تۈرمە چېقىۋېتىلگەن. شەھەرنىڭ غەربىگە ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېڭى بىر بىنا سېلىنغان.*




*قارامايىنىڭ غەربىدىكى يېڭى بىنالارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدە ، تاشقى ۋە ئىچكى تام سېپىللىرى بار بىخەتەر ئەسلىھەلىرى كۆرسىتىلدى. جەنۇبتا تاشقى ۋە ئىچكى تاملار ، قاراۋۇل مۇنارلىرى كونا تۈرمىنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىگە ئوخشايدۇ. بۇ يەرلەردىكى ماشىنا توختۇش ئورۇنلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىم قىلىپ ياسالغان. 2021-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۈرەتتە ھەر بىر ماشىنا توختىتىش ئورنىدا توختۇتۇلۇپ قويۇلغان ماشىنىلار كۆرۈلدى.*




2021-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى كۆرۈنۈش - شىمالدىكى بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە ، بىنانىڭ سىرتى ۋە ئىچكى قورشاۋ تام سىپىلى ئىچىدە ئورۇنلاشقان ماشىنىلار توختىتىلىپ قويۇلغان. سىرتقى قورشاۋ دائىرە ئىچىدىكى ماشىنا توختىتىش ئورنىدا 58 ماشىنا توختىتىلغان. بۇ ئەسلىھە تۇنجى قېتىم 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن سۈرەتتە كۆرۈنگەن بولۇپ ، ئۇ ۋاقىتتا يىغىۋېلىش لاگېرىدا تۇنجى قېتىم بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ تاشلىغان.




2021-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سۈرەتتە ئەسلىھەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى ئاز ماشىنا كۆرۈنگەن. 27-كۈنىدىكى سۈرەتتە ئورۇنلاشقان ماشىنىلار كۆرۈنگەن ۋە بۇ سۈرەت يەكشەنبە كۈنى تارتىلغان بولغاچقا ، نېمە ئۈچۈن ماشىنىلارنىڭ سانى تۆۋەنلەپ كەتتى ، بۇنىڭ سەۋەبىنى باھالاش قىيىن بولۇپ ، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىش-پائالىيەتلەرنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

# 7 خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى تۈزۈلمىلەر

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى توپلىغان دەلىل -ئىسپاتلار ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۈرمىگە سولاش ، قىيناش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى يەكۈننى پاكىت ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.[688] بۇ ئىسپات يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ، كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىك ھوقۇقى ، شەخسىي مەخپىيەتلىك ، ھەرىكەت ئەركىنلىكى ، پىكىر بىرىش ۋە ئىپادىلەش ، ئوي-پىكىر ، ۋىجدان ، دىن ۋە ئېتىقاد ، مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قاتنىشىش ، باراۋەرلىك ۋە كەمسىتىلمەسلىك ئەركىنلىكى قاتارلىق تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ جىنايەتلەر رايوندىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەت توپىغا ، يەنى ئۇيغۇر ، قازاق ، تۇڭگان ، قىرغىز ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ سابىق تۇتقۇنلاردىن توپلىغان گۇۋاھلىقلىرى ، بۇ يەكۈننىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ گۇۋاھلىقلار ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارىلانغان ھۆججەتلىرى ۋە ژۇرنالىستلار ، تەتقىقاتچىلار ھەم تەكشۈرگۈچىلەر توپلىغان باشقا ئىشەنچلىك گۇۋاھلىقلار ، رەسىم ۋە ھۆججەتلىك ئىسپاتلار ئارقىلىق دەلىللەنگەن. يىغىپ ئېيتقاندا ، بۇ ئىسپات شۇنى كۆرسىتىدىكى ، بۇ دوكلاتتا ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئىزچىل تۈردە جىنايى قىلمىش ئەندىزىسىگە ياتىدۇ ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلىپ تۇرۇپ ، مەقسەتلىك ھالدا كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. نەتىجىدە ، بۇ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق چۈشىنىش ، ئەتراپلىق ئېنىقلاش ۋە بۇ جىنايەتلەردە مەسئۇلىيىتى بولغان شەخسلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقنى تۈرغۇزۇش ئۈچۈن مۇستەقىل ، تەرەپسىز ، تېز ۋە ئۈنۈملۈك بولغان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا موھتاج.

## 1.7 تۈرمىگە سولاش، قىيناش ۋە زۇلۇم قىلىش قاتارلىق ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ دەلىلى

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى توپلىغان دەلىل- ئىسپاتلار ، ھەمدە ئىشەنچلىك مەنبەلەر تەرىپىدىن دەلىللەنگەن ئىسپاتلارغا قارىغاندا ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى خەلقئارالىق قانۇندا كۆرسىتىلگەن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ بارلىق كاتېگورىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۇجۇملارغا ئۇچرىغان.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ تۈرمىگە قامالغانلىقى ، قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ، شۇنداقلا بۇخىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە جۇغراپىيىلىك رايونلىرىدا يۈز بەرگەنلىكى ، بۇ خىل زەربە بېرىشنىڭ كەڭ دائىرىدە تارقالغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. بۇ يەنە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرسىتىدۇ چۈنكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار قەيەردە قولغا ئېلىنغان ۋە قەيەردە تۇتۇپ تۇرۇلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مەيلى ئۇلار قويۇپ بېرىلسۇن ياكى تۇتۇپ تۇرۇلسۇن ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىش ، تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتلىرىنىڭ ناچار بولۇشى ، قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە ، ھەم قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن پاراكەندىچىلىك ۋە نازارەت قىلىشلارغا ئۇچرىغان.

688 كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى: «"ئۇلارنىڭ نەسەبىنى قۇرۇتۇپ ، يىلتىزىنى قومۇرۇش` ، : خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مۇسۇلمانلارنى نىشان قىلغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى» ، 2021-يىل 19-ئاپرېل ،www.hrw.org/sites/default/files/media_2021/04/china0421_web_2.pdf, Alison Macdonald, Jackie McArthur, Naomi Hart, and Lorraine ; Aboagye, Essex Court Chambers , ئېسسېكس سوت مەھكىمىسى: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى خەلقئارالىق جىنايى جاۋابكارلىق» 2021-يىل 26-يانۋار ، 14ee1ae3-14ee-4012-91cf-a6a3b7dc3d8b.usrfiles.com/ugd/14ee1a_3f31c56ca64a461592ffc2690c9bb737.pdf; ئىقتىسادشۇناس ، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» شىنجاڭنىڭ دەھشەتلىرىنى تەسۋىرلەشتىكى خاتا ئىبارە: يامانلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۇنى توغرا تەسۋىرلەش ». www.economist.com/leaders/2021/02/13/genocide-is-the-wrong-word-for-the-horrors-of-xinjiang

## خەلقئارالىق قانۇنلاردىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر

ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتلەر دۆلەت ياكى تەشكىلىي سىياسەتنى يولغا قويۇش ياكى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پۇقرالارغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك ياكى سىستېمىلىق ھۇجۇمنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغان جىنايى قىلمىشلاردۇر.[689] ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ بىرى. بۇ جىنايەت ئۇرۇش ياكى تىنچلىق مەزگىلىدە بىردەك چەكلەنگەن.

«رىم نىزامنامىسى»، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنى (ICC) قۇرغان شەرتنامە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ھەققىدە، ئادەتتە خەلقئارا قانۇننى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇسۇلدا كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىنغان شەكىلدە ئېنىقلىمىلار بېرىلگەن[690]. بۇ نىزامنامىنىڭ 7-ماددىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدا، ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان تۈرمە، قىيناش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئون بىر جىنايى قىلمىشلار بايان قىلىنغان.[691] بۇ 11 جىنايەت، قەيەردە سادىر قىلىنسۇن، مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى قانۇندا جىنايەت بولسۇن ياكى بولمىسۇن، مۇناسىۋەتلىك دۆلەت رىم نىزامنامىسىگە ئىمزا قويغان ياكى قويمىغان بولسۇن، خەلقئارا قانۇنلار بويىچە جىنايەت شەكىللەندۇرگەن دەپ قارىلىدۇ.[692]

ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بارلىق جىنايەتلەردە ئورتاق تۆت تۈرلۈك قانۇنىي تەلەپ بار:

- ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايەت چوقۇم «كەڭ كۆلەملىك ياكى سىستېمىلىق ھۇجۇم» نىڭ بىر قىسمى بولۇشى كېرەك؛
- قىلىنغان ھۇجۇم چوقۇم «پۇقرالارغا قارىتىلغان» بولۇشى كېرەك؛ [693]
- قىلىنغان جىنايەت چوقۇم ھۇجۇمنى بىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان بولىشى، ۋە
- ئۆتكۈزۈۋاتقان ھۇجۇم چوقۇم دۆلەت ياكى تەشكىلى سىياسەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك.

بۇ ئومۇمىي تەلەپلەر ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ بېكىتىش ئۈچۈن چوقۇم چەكلەنگەن ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەر بىر كونكرېت جىنايەت، كونكرېت جىنايەتكە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە ئېلېمېنتلارنىڭ ئىسپاتىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھەم كەڭ-كۆلەملىك ھەم سىستېمىلىق بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. كەڭ كۆلەملىك ۋەياكى سىستېمىلىق دائىرە ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇمنىڭ ئۆزىگىلا يېتەرلىكتۇر. خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار قانۇنى قانداق ھۇجۇمنىڭ كەڭ كۆلەملىك ياكى سىستېمىلىق دەپ قارىلىشى ئۈچۈن نېمىلەر تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ياردەمچى بولالايدۇ. ھۇجۇمنىڭ كەڭ دائىرىدە بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بەلگىلەشكە چېتىشلىق بىر ئامىل، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سانى ياكى شۇ ھەرىكەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى دائىرىسى بولسىمۇ، [694] ئەمما بۇ ئاتالغۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۆلچىمىمۇ بولىدۇ.[695] سىستېمىلىق دېگىنىمىز جىنايەت ۋە باشقا چەكلەنگەن قىلمىشلارنىڭ تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پەقەت تاسادىپىي ھادىسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.[696] خەلقئارالىق سوت مەھكىمىلىرى ئادەتتە «جىنايەت ئەندىزىسى -يەنى دائىملىق ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوخشاش تۈردىكى جىنايەتلەر تەسادىپىي يۈز بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ۋە ئۇنىڭ قايتا-قايتا تەكرارلىنىشى» يۈز بەرگەندە، سىستېمىلىق جىنايەتنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[697]

689 ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىللىرى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ئۈچۈن كاسسېنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنى كۆرۈڭ: ۋە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى ‹جىنايى ئىشلار ئامىللىرى› ISBN نومۇرى 92 9227--232-2
www.icc-cpi.int/NR/rdonlyres/336923D8-A6AD-40EC-AD7B-45BF9DE73D56/0/ElementsOfCrimesEng.pdf

690 خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ رىم نىزامى (رىم نىزامنامىسى) 2002-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. تەپسىلى ئۈچۈر ئۈچۈن: www.icc-cpi.int/resource-library/documents/rs-eng.pdf

691 رىم نىزامى، 7-ماددىنىڭ 1-تارمىقى (a) :(k) - (a) « ئادەم ئۆلتۈرۈش؛ (b) قىرىپ تاشلاش; (c) قۇل قىلىش؛ (d) چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى نوپۇسنى مەجبۇرىي يۆتكەش؛ (e) خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۈرمىگە سولاش ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش؛ (f) قىيناش؛ (g) باسقۇنچىلىق، جىنسىي قۇللۇق، مەجبۇرىي ئېپپەت-نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇرلاش، مەجبۇرىي ھامىلدار قىلىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، ياكى باشقا شەكىلدىكى دەرىجىسى ئوخششىپ كېتىدىغان جىنسىي زوراۋانلىق؛ (h) ھەر قانداق گۇرۇپپىلارغا ياكى كوللېكتىپقا قارشى سىياسىي، ئىرقىي، دۆلەت، مىللىي، مەدەنىيەت، دىنىي، جىنسىي... ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىك قىلىش - خەلقئارا قانۇن بويىچە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بۇ پاراگرافتا كۆرسىتىلگەن ھەر قانداق قىلمىش سوتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ (i) مەجبۇرىي يوق قىلىۋېتىش؛ (j) ئىرقىي ئايرىمچىلىق جىنايىتى؛ (k) مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاراكتېردىكى باشقا نائىنسانى ھەرىكەتلەر بىلەن قەستەن بەدىنى، ياكى روھى ۋەياكى جىسمانىي ساغلاملىقنى ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش». دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، باشقا خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتى ئۆزىنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا، جىنايەتلەرنى بىر ئاز ئوخشىمىغان كاتېگورىيەلەرگە ۋە تۈرلەرگە ئايرىغان، ئەمما رىم نىزامنامىسى ھازىرقى خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ نوپۇزلۇق قانۇنى دەپ قارىلىدۇ.

692 ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە ئائىت خەلقئارا قانۇنلارنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن خەلقئارا قانۇن كومىتېتىنىڭ دوكلاتىغا قاراڭ: ئاتمىش يەتتىنچى يىغىن (4-مايدىن 5-ئىيۇنغىچە ۋە 2015-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى)، 7-باب: ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، ب د ت ھۆججىتى A/70/10، 54-بەت.(«ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى ‹خەلقئارالىق قانۇنغا ئاساسەن جىنايەت› دەپ تونۇش، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى دۆلەت قانۇنىدا جىنايى قىلمىش ياكى ئەمەس دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، جىنايەت سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»)؛ ئا كاسسې ۋە پ.گايت، كاسسېنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى، ئۈچىنچى نەشرى، 84-92 بەتلەرگە قاراڭ

693 «نوپۇس» ئاتالغۇسى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ ئېنىقلىمىسىدا «كۆپلىگەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ كوللېكتىپ خاراكتېرى» دەپ ئىزاھلايدۇ. كېنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەھۋالى، 2010-يىلى 31-مارتتىكى قارار (يۇقىرىدىكى 44-بەت). 82-پاراگرافقا قاراڭ; بېمبا، قارار، 2009-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى (يۇقىرىدىكى 44-بەت)، 77-پاراگراف; كۇناراك، ھۆكۈم، 2001-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈنى (يۇقىرىدىكى 45-بەت)، 424-پاراگراف; تادىچ ، پىكىر ۋە ھۆكۈم، 1997-يىلى 5-ئاينىڭ 7-كۈنى (يۇقىرىدىكى 40-بەت)، 644-پاراگراف. تەپتىش ئەمەلدارى ۋې ئانتې گوتوۋىنا، ئىۋان شېرماك ۋە ملادېن ماركاچقا قاراڭ، دېلو نومۇرى IT-06-90-T : ، ھۆكۈم، ئىككىنچى توم، 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، 1-سوت مەھكىمىسى، سابىق يۇگوسلاۋىيە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، 1704-پاراگراف)، سوت مەھكىمىسى «نوپۇس» ھەققىدە مۇنداق دەپ قارىدى: «ھۇجۇم جەريانىدا يېتەرلىك شەخسنىڭ نىشان قىلىنغانلىقى» دىن دېرەك بېرىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ پەقەت «چەكلىك ۋە ئىختىيارىي تاللانغان ساندىكى كىشىلەر» لا ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن «پۈتكۈل ئاھالە» ياكى بارلىق ئەزالارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

694 ئەيىبلىگۈچى ئاقايېسۇ، ICTR سوت مەھكىمىسى، 1998-يىل 2-سېنتەبىر، 579-پاراگرافقا قاراڭ; كوردىچ ۋە سېركېز، ICTY سوت مەھكىمىسى، 2001-يىل 2-ئاينىڭ 26-كۈنى، 179-پاراگراف; كەيشېما ۋە رۇزىندانا، ICTY سوت مەھكىمىسى، 1999-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى، 123-پاراگراف.

695 خەلقئارا قانۇن كومىتېتىنىڭ 2019-يىللىق يىلنامىسى، 12 ۋە 13-پاراگراف، قوشۇمچە 10-نومۇر (A/74/10): خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى سانلىق ۋە جۇغراپىيىلىك پاكىتلارنى باھالاش، ھەر بىر دېلونىڭ پاكىتىغا باغلىق دەپ قارىدى: كېنىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەھۋال، ICC-01/09 نومۇرلۇق دېلو، رىم ئەھدىنامىسىنىڭ 15-ماددىسىدىكى كېنىيە جۇمھۇرىيىتى ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇق بېرىش توغرىسىدىكى قارار، 2010-يىلى 31-مارت، سوتتىن بۇرۇنقى ئىككىنچى پالاتا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى، 95- پاراگراف. ئەيىبلىگۈچى ۋې جىن-پېررى بەمبا گومبو، ICC-01/05-01/08 نومۇرلۇق دېلو، دېلونىڭ 74-ماددىسىدىكى ھۆكۈم، 2016-يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنى، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى، 163-پاراگرافقا قاراڭ.

696 ئەيىبلىگۈچى ۋې كۇنارچ قاتارلىقلار، ICTY سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم، 2001-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈندىكى، 429-پاراگراف. ئەيىبلىگۈچى ۋ بىلاچىچ، ICTY سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم، 2000-يىل 3-مارت، 203-پاراگراف; ۋە ئەيىبلىگۈچى ۋې ئاكايەسۇ، ICTY سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم، 1998-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى، 580-پاراگراف.

697 ئەيىبلىگۈچى ۋې كۇنارچ قاتارلىقلار، ICTY سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم، 2001-يىلى 2-ئاينىڭ 22-كۈندىكى، 429-پاراگراف. ئەيىبلىگۈچى ۋې تادىك، ICTY سوت مەھكىمىسى، پىكىر ۋە ھۆكۈم، 1997-يىل 5-ئاينىڭ 7-كۈنى، 648-پاراگرافقا قاراڭ.

«ھەرقانداق پۇقراغا قارىتىلغان ھۇجۇم» رىم نىزامنامىسىنىڭ 7-ماددىسىنىڭ 2-تارمىقىدا «7-ماددىنىڭ 1-تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن، ھەرقانداق پۇقرالارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان كۆپ خىل قىلمىشلارغا چېتىشلىق ھەرىكەت، دۆلەت ياكى تەشكىلىي سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە ياكى يېتەكچىلىكىدە بۇ خىل ھۇجۇمنى قىلىدۇ» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن.[698]

ھۆكۈمەتلەرنىڭ پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش سىياسىتىنىڭ ئىپادىلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا سىياسەت ئېلېمېنتى ئادەتتە ھۇجۇمنىڭ تەشكىللىك خاراكتېرىدىن ئىپادىلىنىدۇ،[699] بولۇپمۇ جىنايەتلەر «ئوخشاش تەرتىپ بويىچە يۈز بەرگەن تەكرار ھەرىكەتلەردىن تەشكىل تاپقاندا، ياكى (ئەگىشىش)... تەييارلىق ياكى ئېلىپ بېرىلغان كوللېكتىپ سەپەرۋەرلىك، شۇ دۆلەت ياكى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ۋە ماسلاشتۇرۇلغان بولسا» .[700]

شەخسلەر يۈز بېرىۋاتقان جىنايى قىلمىشنىڭ ماھىيەتلىك ئامىللىرى توغرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە مەلۇماتى بار بولسىلا، يوشۇرۇن جىنايەتلەرنى سادىر قىلغاندا، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتى ئۈچۈن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، جىنايەتچىلەر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ياكى سىستېمىلىق ھۇجۇمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.[701] قانداقلا بولمىسۇن، بىر شەخسنىڭ گۇناھكار دەپ ئەيىبلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەڭ كۆلەملىك ياكى سىستېمىلىق ھۇجۇمغا جاۋابكار بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر جىنايەت سادىر قىلغۇچى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە خەۋەردار بولسا، پەقەت مۇشۇ بىرلا ھەرىكەت ئۇنىڭ جىنايەتچى بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدۇ.[702] شەخسلەر مەيلى پۇقرا ياكى ھەربىي بولسۇن، ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان، ئورتاق سادىر قىلغان، ۋاستىلىق سادىر قىلغان، پىلانلىغان، بۇيرۇق قىلغان ياكى ياردەم بەرگەنلىكى، شۇنداقلا قوماندانلىق مەسئۇلىيىتى ئۈچۈن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.[703]

خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن، بەزى ئەھۋاللاردا، دۆلەتلەر چوقۇم ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشى كېرەك.[704] ھەر قانداق بىر دۆلەت، خەلقئارا قانۇن بويىچە، گەرچە گۇمان قىلىنغۇچى جىنايەرچىلەر ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى بولمىسىمۇ، ياكى شۇ دۆلەتتە ياشىمايدىغان كىشىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا ئۇ جىنايەت (شۇ دۆلەت) نىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ياكى ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىدە يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغان دەپ گۇمان قىلىنغانلارغا قارىتا تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ قوللانسا بولىدۇ: (1) جىنايەت گۇماندارنى ئۆزىنىڭ سوت مەھكىمىسىدە سوتقا تارتىش،(2) ئۇلارنى سوتقا تارتىشنى خالايدىغان دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ياكى (3) بۇ كىشىلەرنى جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاش ھوقۇقى بار خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسگە تاپشۇرۇپ بېرىش، ھېچ بولمىغاندىمۇ قىيناش ۋە مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش جىنايى قىلمىشلار ئۈچۈن، جىنايەت گۇماندارلىرىغا قارىتا ئۇنىۋېرسال ھوقۇقنى ئىجرا قىلىش تاللاش ئەمەس، بەلكى قانۇنىي مەجبۇرىيەتدۇر.[705] .

ھەممە كىشىلەر رايوندىكى خىتاي دۆلەت ئورگانلىرى باشقۇرىدىغان ھەر خىل لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلدى ۋە قانۇنغا خىلاپ بۇ قىلمىشلارنىڭ تاسادىپىي يۈز بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئوخشاش دەلىللەر شۇنى كۆرسىتىدىكى، بۇ زوراۋانلىقلار دۆلەتنىڭ بىردەك پىلانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پۇقرالارغا، يەنە مەزكۇر دېلودىكى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىقىغا بىۋاستە زەربە بېرىشنى نىشان قىلغان. پاكىتلار يەنە ھۆكۈمەتنىڭ «تېرورلۇق»، «ئاشقۇنلۇق» ۋە «بۆلگۈنچىلىك» نى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان زوراۋانلىق، خالىغانچە ۋە قانۇنسىز تۈرمىگە سولاش ۋە قورقۇتۇش جىنايەتلىرىنى، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى، ئېتقاد ۋە تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتنىك-مەدەنىيەت ئادەتلىرىنى نىشانغا ئېلىشقا ئىشلىتىدىغانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ قىلمىشلار ئاساسلىقى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان مىللەت ئاھالىلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ بارلىق ئەزالىرى تۈرمىگە سولىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك ناچار مۇئامىلىگە ئاسان ئۇچرايدۇ ۋە بۇ زوراۋانلىقلانىڭ پۇقرالارغا قارىتىلغانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كەچۈرۈم تەشكىلاتى توپلىغان دەلىل- ئىسپاتلار، جىنايەتچىلەرنىڭ خىتاي دۆلىتىگە ۋاكالىتەن ھەرىكەت قىلغانلىقنى ؛ شىنجاڭدىكى پۇقرالارغا قارىتىلغان خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئېغىر دەخلى تەرۇز قىلغان، سىستېمىلىق ۋە كەڭ - كۆلەملىك ھۇجۇملارنىڭ پىلانلىق، كەڭ دائىردە، تەشكىللىك ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغانلىقنى پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

---

698 رىم نىزامنامىسى ، (a) (2) 7- ماددا.

699 ئەيىبلىگۈچى ۋى لاۋرەنت جباگبو ، جازانىڭ مۇقىملاشتۇرۇلىشى .ICC-02/11-01/11-656-Red 2014- يىل 6-ئاينىڭ 12-كۈنى ، 216-پاراگراف.
دەرۋەقە سوت مەھكىمىسى (215-پاراگراف مۇنداق دەپ قاردى: «ھۇجۇم: پىلانلانغان ، يېتەكلەنگەن ياكى تەشكىللەنگەن بولۇپ ئۆزلۈكىدىن ياكى يەككە-يېگانە يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ ، بۇ سىياسەتنىڭ ئۆلچىمىنى قانائەتلەندۇرىدۇ ، ھەمدە بۇ سىياسەتنىڭ رەسمىي يولغا قويۇلۇشىنىڭ ھېچقانداق تەلىپى يوق». سوت مەھكىمىسى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىر دۆلەت ياكى تەشكىلاتنىڭ پىلانلاش ، تەشكىللەش ياكى يول كۆرسىتىشىگە ئائىت ئىسپاتلار ھۇجۇمنىڭ سىياسى ۋە سىستېمىلىق خاراكتېرىنى ئىسپاتلايدۇ ، گەرچە بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر-بىرىگە باغلانماسلىقى كېرەك بولسىمۇ».

700 كاتانگا ت ج ، .ICC-02/11-01/11-534, 1109-پاراگراف.

701 رىم نىزامنامىسى ، (1) 7-ماددا ، ئەيىبلىگۈچى ۋ كۇپرېسكىچ قاتارلىقلار ، ICTY سوت مەھكىمىسى ، ھۆكۈم ، 2000-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى ، 556-پاراگراف (ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ئاساسىي ، بۇ (2) جىنايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنلارنى بىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا (1) جىنايەتنى سادىر قىلىش مۇددىئاسىدىن تەركىب تاپىدۇ). تەپتىش ئەمەلدارى ۋ تادىچ بىلەن ، ICTY نارازىلىق سوتى ، 271-پاراگراف ؛ ئەيىبلىگۈچى ۋ كايىشېما ۋە باشقىلار ، ICTR سوت مەھكىمىسى ، ھۆكۈم ، 1999-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ، ھۆكۈم ، 133-34-پاراگرافلار.

702 ئا كاسسې ۋە پ گايتا ، كاسسېنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى ، ئۈچىنچى نەشرى ، 5-باپ.

703 ا كاسسې ۋە پ گايتا ، كاسسېنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى ، ئۈچىنچى نەشرى ، 5-باپ.

704 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، ئۇنىۋېرسال جازا قانۇنى: دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى (كۆرسەتكۈچ: (IOR 53/008/2001 ، 2001-يىل 1-سېنتەبىر ، 5-باب.

705 مەسىلەن ، ب د ت نىڭ قىيىن-قىستاققا ۋە باشقا رەھىمسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياكى پەسكەش مۇئامىلە ياكى جازاغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى ، 5-9-ماددىلارغا قاراڭ. 2021-يىلى 3-ئايغىچە ، خىتاينى ئۆز ئىچىگە 170 دۆلەت ئەھدىنامىنى ماقۇللىغان ؛ CTM نىڭ 6.4-تارمىقىغا قاراڭ.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى توپلىغان مەلۇماتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئاز تۆۋەندىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى پاكىت ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ:

- **تۈرمىگە سولاش ياكى ئېغىر دەرىجىدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسلىق بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق:**[706] رىم نىزامنامىگە ئاساسلانغاندا، بۇ جىنايەتنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن «جىنايەتچى بىر ياكى بىردىن ئارتۇق كىشىنى تۈرمىگە سولىغان بولىشى ياكى ئېغىر دەرىجىدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغان بولۇشى كېرەك»، ۋە بۇ «قىلمىش ئېغىر دەرىجىدە خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ».[707] بۇ دوكلاتتا زىيارەت قىلىنغان 55 نەپەر سابىق تۇتقۇنلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى لاگېرلاردا، ئۆزى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە مەجبۇرىي تۇتۇلغان كىشىلەر ئۈچۈن گۇۋاھلىق بىلەن تەمىنلىگەن. ژۇرنالىستلار، تەتقىقاتچىلار ۋە تەكشۈرگۈچىلەر توپلىغان ئىسپاتلار، شىنجاڭدا 2017-يىلدىن كېيىن بىر مىليوندىن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ياكى تۈرمىلەرگە مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
- **قىيىن-قىستاق:**[708] رىم نىزامنامىسىگە ئاساسلانغاندا، قىيناش قاماقتا ياكى شىكايەت قىلغۇچىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇتۇلۇش جەريانىدا جىسمانى ياكى روھى جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە ئازابلىنىشقا ئۇچرىشىنى كۆرسىتىدۇ؛ قانۇن بويىچە جازالاش، تۇغما سەۋەبتىن ياكى تاسادىپىي سەۋەبتىن پەيدا بولغان ئاغرىقنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك.[709] بۇ دوكلاتتا زىيارەت قىلىنغان 55 نەپەر سابىق تۇتقۇنلار ئۆزلىرى تۇرغان جازا لاگېرلىرىدا باشتىن كەچۈرگەن ۋە جازا لاگېرلىرىدىكى باشقا تۇتقۇنلار ئۇچرىغان قىيناش ۋە ناچار مۇئامىلىلەر ھەققىدە گۇۋاھلىق بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ناچار مۇئامىلىلەر بولسا لاگېرلاردىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ بىر قىسمىنى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىق قاتتىق ئۇرۇش، توك سوقتۇرۇش، جىسمانىي قىيناش جازالىرى، خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ بولغان چەكلىمىلەرنى ئىشلىتىش (يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ جازالاش قاتارلىقلار)، ئۇيقۇسىز قۇيۇش ۋە يالغۇز سولاپ قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خىل ناچار مۇئامىلە يەنە بارلىق جازا لاگېرلىرىدىكى تۇتقۇنلارغا قارىتىلغان جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قىيناش ياكى باشقا تۈرلۈك خورلاش مۇئامىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ خىل ناچار مۇئامىلىلەر لاگېرلاردىكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ جۇغلانمىسى نەتىجىسىدە، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن قىيناش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جازالار بولسا ھەر كۈنى نەچچە سائەت مىدىرلاتقۇزماي ئولتۇرغۇزۇش، تىزى بىلەن ئولتۇرغۇزۇش ياكى كۈندە بىر قانچە سائەتلەپ بەدىنىگە بېسىم شەكىللەندۇرگەن ھالەتتە ئولتۇرغۇزۇش، ئۇيقۇسىز قويۇش، ھەمدە يېمەكلىك، سۇ، چېنىقىش ۋە قۇياش نۇرىدا تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ كەمچىل بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە ھەرخىل پسىخىكىلىق خورلاشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۈملىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇشنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەسلىك، ئائىلىسىدىكىلەر ياكى لاگېر سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلالماسلىق، قاماقتا ئانا تىلدا سۆزلىيەلمەسلىك، توختىماي زورلاۋاتلىق ۋە باشقا خورلاش تەھدىتلىرى ئاستىدا ياشاش، ۋە باشقا تۇتقۇنلارنىڭ قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشى ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىشىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشقا مەجبۇر قىلىش قاتارلىقلار. بۇ گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرى ژۇرنالىستلار ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن بىرىنچى، ئىككىنچى قول قىيىن- قىستاق ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە ئائىت خاتىرىلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە بىردەكلىككە ئىگە.

كېيىنكى بەت: بىر قاتار كىشەنلەنگەن تۇتقۇنلارنىڭ ئالدىدىكى قاراۋۇلنىڭ سايىسى

- **زىيانكەشلىك:** رىم نىزامنامىسىدە زىيانكەشلىكنى «خەلقئارا قانۇنغا خىلاپ ھالدا گۇرۇپپىنىڭ كىملىكى ياكى كوللېكتىپلىقى سەۋەبىدىن ئاساسى ھوقۇقلىرىنى قەستەن ياكى ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن.[710] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى توپلىغان دەلىل -ئىسپاتلار بۇخىل زىيانكەشلىكنىڭ

706 رىم نىزامنامىسى، (1) 7-ماددا.

707 تۈرمىدىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ ئامىللىرى ئۈچۈن، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى جىنايەت سادىر قىلىش مەنبەلىرىنىڭ 7-ماددىسىغا قاراڭ، www.icc-cpi.int/NR/rdonlyres/336923D8-A6AD-40EC-AD7B-45BF9DE73D56/0/ElementsOfCrimesEng.pdf

708 قىيىن- قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىنىڭ (CAT) 1- -ماددىسىدا بېكىتىلگەندەك، قىيىن- قىستاققا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ناچار مۇئامىلىلەرنىڭ مۇئەييەن مەقسەتتە سادىر قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، ياكى بۇ خىل ناچار مۇئامىلىگە «ھۆكۈمەت خادىملىرى ياكى رەسمىي سالاھىيەت بىلەن ئىشلەيدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ رازىلىقى ياكى قوشۇلۇشى بىلەن ياكى ئۇنىڭغا كۈشكۈرتۈش سەۋەبلىك ئېلىپ بېرىش» توغرىسىدا ھېچقانداق تەلەپ يوق. بۇنىڭدىن باشقا، رىم نىزامنامىسىدە قىيىن- قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىغا (CAT) ئوخشاش قىيناش بىلەن باشقا رەھىمسىز، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە پەسكەش مۇئامىلىلەرنى ئېنىق پەرقلەندۈرمەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى (ICC) كىشىلەرنى قىيناش جىنايىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا «كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازاب ۋە قىينىلىش» تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ قىيىن- قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىنى (CAT) قوللىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. (ئەيىبلىگۈچى ۋ جىن-پيېر بېمبا گومبو خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ (ICC) ئىككىنچى سوت مەھكىمىسى، رىم نىزامنامىسىنىڭ 2009-يىلى 15-ئىيۇندىكى 61- ماددىسىنىڭ (7(a ۋە (7(b تارمىقى، 193-پاراگرافقا قاراڭ). قانداقلا بولمىسۇن، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى (ICC) يەنە ھەر قېتىملىق ناچار مۇئامىلىلەرنىڭ ئېغىر -يېنىكلىكىگە ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەكسىچە، ئۇ بىر يۈرۈش ھەرىكەتنىڭ جۇغلانما ئۈنۈمىنى ئويلىشىدۇ (ئەيىبلىگۈچى ۋ كىرنوجەلەچ، ئىككىنچى ICTR سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم، IT-97-25-T ، 15-مارت، 182-183-پاراگراف. يەنە، ئەيىبلىگۈچى ۋ بىردانىن، ICTY نارازىلىق سوتى، ھۆكۈم، IT-99-36-A ، 2007-يىل 3-ئاپرىل، 251-پاراگراف، ئەيىبلىگۈچى ۋ نالەتىلىچ ۋە مارتىنوۋىچ، ICTY نارازىلىق سوتى، ھۆكۈم، IT-98-34-A ، 2006-يىل 3-ماي، 299 پاراگرافتىن نەقىل ئېلىنغانلارغا قاراڭ؛ ئەيىبلىگۈچى ۋ دېلالىچ قاتارلىقلار، ICTY سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم، IT-96-21-T ، 1998-يىل 16-نويابىر `دېلالىچ سوت مەھكىمىسى`، 467-پاراگراف؛ ئىرلاندىيە ۋە ئەنگلىيە، دېلو نومۇرى: 71/5310، ھۆكۈم، 1987-يىل 18-يانۋار، 162-پاراگراف).

709 رىم نىزامنامىسى، 7 (1)(f) ۋە (2) 7-ماددىسى؛ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ، قىيناش جىنايەت ئامىللىرى ئۈچۈن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ 7- ماددىسى 1-تارمىقىنىڭ (f) تارماقچىسىغا قاراڭ، www.icc-cpi.int/NR/rdonlyres/336923D8-A6AD-40EC-AD7B-45BF9DE73D56/0/ElementsOfCrimesEng.pdf

710 رىم نىزامنامىسى، 7 (1)(h) ۋە (2)(g) 7- ماددىلىرى؛ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ ئامىللىرى 3-پاراگرافتا كۆرسىتىلگەندەك «مەلۇم بىر پەرىقلىق گۇرۇپ ياكى كوللېكتىپقا سىياسىي، ئىرقى، مىللىي، مەدەنىيەت، دىنى، جىنسىيتى سەۋەبلىك زىيانكەشلىك قىلىش» ياكى خەلقئارا قانۇنلاردا رۇخسەت قىلىنمايدىغان باشقا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پاراگرافتا كۆرسىتىلگەن ھەر قانداق قىلمىش ياكى سوتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ھەر قانداق جىنايەتكە قارىتا» خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ جىنايەت ئامىللىرى، 7-ماددا 1 -تارمىقىنىڭ (h) تارماقچىسىغا قاراڭ، www.icc-cpi.int/NR/rdonlyres/336923D8-A6AD-40EC-AD7B-45BF9DE73D56/0/ElementsOfCrimesEng.pdf





يۈز بەرگەنلىكىنى كۆچلۈك كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، جۈملىدىن بۇ دوكلاتتا خاتىرىلەنگەن كەك - كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قىيناش ، ئېتىنىك قاراتمىلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەت ، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى ، ۋە باشقا ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىك ھوقۇقى ؛ شەخسىي مەخپىيەتلىك ؛ ھەرىكەت ئەركىنلىكى ، پىكىر قىلىش ، ئىپادىلەش ، ئوي-پىكىر ، ۋىجدان ، دىن ، ۋە ئېتىقاد ؛ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قاتنىشىش ؛ باراۋەرلىك ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بۇلار 2-بابتا خاتىرىلەنگەن.

## ئىنسانىيەتكە قارشى باشقا جىنايەتلەرنىڭ ئىسپاتى

نۇرغۇن مەنبەلەردىن كەلگەن پاكىتلار ئىنسانىيەتكە قارشى باشقا جىنايەتلەرنىڭ سادىر قىلىنغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شىنجاڭغا كىرىشتىكى چەكتىن ئاشقان چەكلىمىلەرنى ۋە رايوندا سادىر قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ زوراۋانلىق قىلمىشلارنى خاتىرىلەشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، شىكايەت قىلىنغان قىلمىشلارنى خەلقئارالىق مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن بولغان باشقا جىنايەتلەر بولسا ، كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[711] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى توپلىغان دەلىل-ئىسپاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە ، بۇ دوكلاتتا خاتىرىلەنگەن سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ، تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ئۇلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشىدىن خەۋەردار بولغان ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشقان ئەمما بۇ ئالاقىلەر ھەمىشە ناھايىتى ئاز بولغان ۋە ھەر ۋاقىت نازارەت ۋە كونترول قىلىنغان. ئىككى دېلونىڭ ئىسپاتىدا كۆرسىتىلىشىچە ، سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشمىگەن ئەھۋالدا ئاستىدا نەچچە ئاي ياكى بىر نەچچە يىل سولاقتا تۇتۇپ تۇرۇلغان.

شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان گۇمانلىق مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش دېلولىرى بار.[712] 2021 -يىلى ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى شىنجاڭدىن كەلگەن ، ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان ۋە ئائىلىسىدىكىلەر يوقاپ كەتكەن ۋە قولغا ئېلىنغان دەپ قارالغان 50 دىن ئارتۇق كىشىلەرنى زىيارەت قىلغان.[713] ژۇرنالىستلار چەت ئەلدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقلىرى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ئىدى.[714] ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتقان تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ، ئۇلارنىڭ (تۇتقۇنلىرىنىڭ) ئىز- دېرىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكى نامەلۇم.

بۇ بولسا دائىرىلەرنىڭ كەڭ - كۆلەملىك يوشۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، لاگېرلارغا ئەۋەتىلدى دەپ قارالغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەقدىرى نامەلۇم. شىنجاڭدىكى لاگېرلىردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان كىشىلەر دائىم مەخپىي ۋە رەسمىيەتسىز ئۇسۇللار بىلەن تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ، ختاي سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىز- دېرىكىنى قىلىشى ياكى شۇ كىشى ھەققىدە جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىن كەلگەن كىشىلەر دائىم يوقاپ كەتكەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشقا ئامالسىز.[715] ئۇلار بۇ ھەقتە ختاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھېچقاچان رەسمىي جاۋاب تاپشۇرۇپ ئالالمىغان. ختاينىڭ چەتئەلدىكى

711 خەلقئاراكەچۈرۈم تەشكىلاتى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشنى چەكلەشنى ئومۇمىي خەلقئارا قانۇننىڭ دائىملىق قائىدىسى دەپ قارايدۇ. كىشىلەرنى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشىنىڭ سىرتىدا قالدۇرىدىغان ، قىيناش ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ۋە ئۆزىمۇ خەلقئارا قانۇنلاردا چەكلەنگەن قىلمىشلارنى سادىر قىلدىغان مەخپىي تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ھەربىر شەكىللىرى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشنىڭ مىسالىدۇر. سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت بەرمەي تۇتۇپ تۇرۇش (يالغۇز قاماش) ئوخشاشلا قىيناش ۋە باشقا ناچار مۇئامىلىلەر ھەم مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش قاتارلىق قىلمىشلارنى قۇلايلاشتۇرىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق تەدبىرلەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇ خىل قىلمىشلارنى شەكىللەندۇرىدۇ. خەلقئارالىق قانۇن بويىچە مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش جىنايەت دەپ قارىلىدۇ ۋە قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. پۇقرالارغا كەڭ كۆلەمدە ياكى سىستېمىلىق ھۇجۇم ھالدا قىلىش قىلمىشلىرى ئېلىپ بېرىلغاندا كىشىلەرنى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى شەكىللەندۇرىدۇ (مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش ئەھدىنامىسىنىڭ 5-ماددىسى). رىم نىزامنامىسىدە مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش دېگەنلىك «بىر دۆلەت ياكى سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ھوقۇق بېرىشى ، قوللىشى ياكى قوشۇلۇشى بىلەن ، ئاندىن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقنى خەۋەر قىلماسلىق ياكى بۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ياكى ئىز- دېرىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇزۇن مۇددەت قانۇننىڭ قوغدىشىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. رىم نىزامنامىسى ، (1)(i) 7 ۋە (2)(i) 7-ماددىلىرى ؛ ئىنسانلارنى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش ، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ ئامىللىرى ئۈچۈن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ 7-ماددا 1-تارمىقىنىڭ (1) تارماقچىسىغا قاراڭ ، www.icc-cpi.int/NR/rdonlyres/336923D8-A6AD-40EC-AD7B-45BF9DE73D56/0/ElementsOfCrimesEng.pdf; بارلىق كىشىلەرنى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشتىن قوغداش ئەھدىنامىسى (CPED) بۇ جىنايەتنى « دۆلەت قوللاپ ياكى ئېتىراپ قىلغان دۆلەتنىڭ ۋاكالەتچىلىرى ياكى ھوقۇق بەرگەن كىشىلەر ياكى كىشىلەر توپى تەرىپىدىن قولغا ئېلىش ، تۇتۇپ قېلىش ، تۇتقۇن قىلىش ياكى باشقا شەكىلدىكى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش» دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ ، ئاندىن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقنى خەۋەر قىلماسلىق ياكى بۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ياكى ئىز- دېرىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق ، ئۇلارنى ئۇزۇن مۇددەت قانۇننىڭ قوغدىشىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ» ؛ بارلىق كىشىلەرنى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشتىن قوغداش ئەھدىنامىسى (CPED) ، 2-ماددىسى ؛ گەرچە ختاي CPED غا ئىمزا قويمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ خەلقئارا قانۇن ۋە قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى قاتارلىق باشقا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىگە ئىمزا قويغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرىي يوق قېلىۋېتىشنى توسۇش مەجبۇرىيىتى بار.

712 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، ختاي: «ئۇلار قەيەردە؟» - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەققىدە جاۋاب بېرىش ۋاقتى كەلدى ، 2018-يىلى 7-سېنتەبىر ، www.amnesty.org/download/Documents/ASA1791132018ENGLISH.PDF; خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېقىنلىرىنى ئىزدەشتىن قورقۇشى» ، 2019-يىل 31-مارت ، www.amnesty.org/en/latest/campaigns/2019/03/uighurs-too-scared-to-search-for-missing-family/; يەنە شىنجاڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرى «مەجبۇرىي غايىپ قىلىۋېتىلگەن نۇرغۇن دېلولار» قاراڭ ،shahit.biz/eng/

713 يوقاپ كەتكەن ۋە قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دېلولىرى ئۈچۈن Xinjiang.Amnesty.org تور سەھىپىسىگە قاراڭ.

714 ئوستىن رامزى ، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى ، ««ماڭا دادامنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرسەت.› ختاي توردا زور نارازىلىق دولقۇنىغا دۇچ كەلدى» ، 2019-يىل 17-فېۋرال ، www.nytimes.com/2019/02/17/world/asia/uighurs-china-internment-camps.html غا قاراڭ.

715 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ، «ھېچ يەردە بىخەتەر ئەمەس: ئۇيغۇرلار چەتئەلدىكى ختاي رەھبەرلىكىدىكى قورقۇتۇش ھەرىكىتىنى ئاڭلاتتى» ، 2020-يىل 21-فېۋرال ، www.amnesty.org/en/latest/research/2020/02/china-uyghurs-abroad-living-in-fear/

كونسۇلخانىلىرىدىن ئۈچۈر ئېلىشقان ئۇرۇنغان كىشىلەرگە خىتايغا قايتىپ بېرىپ ئۈچۈر ئېلىشى ئېيتىلغان.[716] چەتئەلدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۈچۈر ئالالماسلىقى، كۆپىنچە ھاللاردا شىنجاڭدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ چەتئەلدىكى ئائىلە ئەزالىرى ياكى دوستلىرى بىلەن سۆزلىشىشىنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك تىمىلاردا پاراڭلىشىشى ئاساسىي جەھەتتىن چەكلەنگەنلىكىدىن بولغان. (ئىككىنچى ۋە ئۈچۈنچى بابلاردا خاتىرلەنگەندىكىدەك، چەتئەلدىكى ھەر قانداق ئادەم بىلەن ئالاقىلىشىش لاگېرغا ئەۋەتىشنىڭ ئاساسى سەۋەبى).

ژۇرنالىستلار، تەتقىقاتچىلار ۋە باشقا تەكشۈرگۈچىلەر توپلىغان دەلىل - ئىسپاتلا، شىنجاڭدا ئىنسانىيەتكە قارشى باشقا ئۈچ جىنايەتنىڭ سادىر قىلىنغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇلار بولسا: مەجبۇرى ئەمگەك[717]؛ نوپۇسنى سىرىتقا چىقىرىش ياكى مەجبۇرىي يۆتكەش[718]؛ ھەممىدە باسقۇنچىلىق، جىنسىي قۇللۇق، مەجبۇرىي پاھىشىۋازلىق، مەجبۇرىي ھامىلدار قىلىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ياكى باشقا شەكىلدىكى جىنسىي زوراۋانلىق قىلمىشلىرى.

## 2.7 خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان باشقا ئىسپاتلا

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان سابىق لاگېر شاھىتلىرى ۋە باشقا گۇۋاھچىلاردىن توپلانغان پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، خىتاي دائىرىلىرى كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلغان. بۇ ئىسپاتلا خىتايدا ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇنلىغان جىنايەتلەرنى كۆرسەتكەندىن باشقا، بۇ جىنايەتلەردە دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىك ھوقۇقى؛ شەخسىي مەخپىيەتلىك؛ ھەرىكەت ئەركىنلىكى، پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش، ئوي-پىكىر، ۋىجدان، دىن، ۋە ئېتىقاد؛ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا قاتنىشىش؛ باراۋەرلىك ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىق، مەجبۇرىيەت ئەمگەككە قاتناشماسلىق ئەركىنلىكى قاتارلىقلارغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى خەلقئارالىق مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك دەپ قارايدۇ.

بولۇپمۇ، بۇ دوكلات ئۈچۈن توپلانغان دەلىل- ئىسپاتلا تۆۋەندىكى كىشىلىك ھوقۇقلارغا ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

**دىنى- ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مەدەنىيەت ئادەتلىرى بويىچە ياشاش ھوقۇقلىرى بولسا:** 2-ۋە 4- بابلاردا خاتىرلەنگەن دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئادىتىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى دىنى- ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مەدەنىيەت ئۆرپ- ئادەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ھوقۇقىنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىدۇر. بۇ دەخلى- تەرۇز قىلمىشلىرى ئىسلام دىنى ئادەتلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى مەدەنىيەت جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەت قىلىش ۋە ئەنئەنىۋى دىنىي مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۆز دىنىدا مۇھىم دەپ قارايدىغان نۇرغۇن ئادەتلىرىنى چەكلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. گەرچە ئۇ خىل ھەرىكەتلەر شىنجاڭدا قانۇن تەرىپىدىن ئېنىق چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چەكلەنگەن ۋە جازا لاگېرىغا ئەۋەتىشنىڭ ئاساسى قىلىنغان. نۇرغۇنلىغان سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشتىن ياكى باشقا جازادىن ئەنسىرەپ دىندار كۆرۈنىدىغان ھەر قانداق ئالامەتلەردىن ساقلىنىشقا تىرىشقانلىقنى بىلدۈرگەن.

دىنىي ياكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارغا ئىگە بولۇشنىڭ چەكلىنىشى، دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ دىنى ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت مۈلۈك ھوقۇقى ۋە مىراسلىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق. جازا لاگېرلىرىدا خىتاي تىلىدىن باشقا تىللارنىڭ چەكلىنىشى ۋە لاگېر سىرتىدىمۇ قاتتىق چەكلىنىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۈتكۈل لاگېر سىستېمىسى مۇسۇلمان تۇتقۇنلارنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى دىنى پائالىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە لايىھىلەنگەن بولۇپلا قالماستىن ئۇلارنى ئىسلام دىنى ئىبادەت ۋە ئېتىقادىغا قارشى چىقىشقا مەجبۇر قىلغان.

716 خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، «يۈرىكىمىز ۋە ھاياتىمىز ۋەيران بولدى: باستۇرۇش سەۋەبىدىن پارچىلانغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ قاباھەتلىك چۈشى»، 2021-يىل 19-مارت، www.amnesty.org/en/latest/research/2021/03/the-nightmare-of-uyghur-families-separated-by-repression/ «ئەمگەك لاگېرى» 6.4 دېگەن بۆلەكنىمۇ كۆرۈڭ.

717 « قۇل قىلىش» دېگىنىمىز، ئىگدارلىق ھوقۇقىغا باغلانغان ھەر قانداق ھوقۇقنىڭ ياكى بارلىق ھوقۇقنىڭ ئىنسانغا يۈرگۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ ھەممىدە بۇ ھوقۇقنى ئادەم ئەتكەسچىلىكى، بولۇپمۇ ئاياللار ۋە بالىلارنى ئەتكەسچىلىكتە قوللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ: ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ ئامىللىرى بولغان قۇللۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈر ئۈچۈن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ جىنايەتنىڭ ئامىللىرى دېگەن مەزمۇنىنى كۆرۈڭ، (1)(c) 7- ماددىسى، www.icc-cpi.int/NR/rdonlyres/336923D8-A6AD-40EC-AD7B-45BF9DE73D56/0/ElementsOfCrimesEng.pdf «ئەمگەك لاگېرى» 6.4 دېگەن بۆلەكنىمۇ كۆرۈڭ.

718 «نوپۇسنى سىرىتقا چىقىرىش ياكى مەجبۇرىي يۆتكەش» بولسا ئالاقىدار كىشىلەرنى قانۇنلۇق ئولتۇراقلاشقان رايوندىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى باشقا مەجبۇرلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن مەجبۇرىي كۆچۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خەلقئارا قانۇندا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ ئامىللىرى بولغان نوپۇسنى مەجبۇرىي يۆتكۆپتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۈچۈن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايەتنىڭ ئامىللىرىغا قاراڭ، 7-ماددا 1-تارمىقىنىڭ (1) تارماقچىسىغا قاراڭ. www.icc-cpi.int/NR/rdonlyres/336923D8-A6AD-40EC-AD7B-45BF9DE73D56/0/ElementsOfCrimesEng.pdf «جىنسىي زوراۋانلىق ۋە كۆپىيىش ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز قىلىش جىنايىتى» توغرىسىدىكى مەزمۇنىنى كۆرۈڭ.

**ھەرىكەت ئەركىنلىكى:** 2- ۋە 6 -بابلاردا خاتىرىلەنگەندەك ، ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە قويۇلغان چەكلىمىلەر زوراۋان ۋە مۇمكىن دەپ قارالغان ھەر قانداق ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ، ھەممە ھېچقانداق قوغداش ئۇنۇمى يوق. ھەرىكەت ئەركىنلىكىدىكى ئۇيغۇنسىز چەكلىمىلەرنىڭ مىسالى:

- دۆلەت ئىچى ۋە ياكى دۆلەت سىرتىغا ساياھەتكە چىقىشتىن بۇرۇن رەسمىي ئىجازەت ئېلىش ئومۇميۈزلۈك تەلەپ قىلىنغان.
- پاسپورتنى ئومۇميۈزلۈك مۇسادىرە قىلىش.
- دۆلەتنىڭ زوراۋان بولمىغان قانۇن-تۈزۈم ياكى مەمۇرىي تەدبىرلەرگە ئاساسەن پاسپورت بېرىشنى ياكى كۆچكە ئىگە مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى رەت قىلىش ؛ ۋە
- ھەممىلا يەرنى قاپلىغان تەكشۈرۈش پونكىتلىرى سىستېمىسى.

سەپەر قىلىش ئەركىنلىكىگە ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلىنغانلىقىنىڭ بەلگىسى شۇكى چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىش ، چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىشنى پىلانلاش ياكى چەتئەلدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ، تۇتۇپ تۇرۇلۇش ۋە جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلىشنىڭ ئاساسى سەۋەبى قىلىنغا. لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەنلەرگە نىسبەتەن چەكلىمىلەر ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ ، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئۇلار سىرتتىمۇ لاگېردىكىگە ئوخشاش چەكلىمىگە ئۇچرىغان.

**كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىكى:** بۇ دوكلاتتا خاتىرىلەنگەن خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ئەھۋاللىرى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

**شەخسىي مەخپىيەتلىك:** 2- ۋە 6- بابلاردا خاتىرىلەنگەن شەخسىي مەخپىيەتلىككە دەخلى- تەرۇز قىلىنغان مىساللار قانۇنلۇق ، زوراۋان ياكى قىسمەن چەكلىمىلەر دەپ قارايدىغان ئىشلاردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇلاردا بىخەتەرلىك «قانۇندا بەلگىلەنگەن» دەپ قارىلىدىغانغا يېتەرلىك كاپالەت يوق. ئورۇنسىز چەكلىمىلەرنىڭ مىسالى:

- نورمالدىن ئارتۇق بىئولوگىيىلىك سانلىق مەلۇماتلارنى تەلەپ قىلىش ۋە باشقا شەخسىي ئۇچۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە يىغىش ۋە ساقلاشنى تەلەپ قىلىش.
- ئاساسسىزلا ھەممە جايدا بىخەتەرلىك خادىملىرى تەرىپىدىن قەرەللىك ئاختۇرۇلۇش ۋە سوراق قىلىنىش.
- ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىنىڭ «ئۆيىدە بىللە تۇرۇش» قا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.
- كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى ئاممۇۋى كۆزىتىش كامېرالىرى تورى ، چىراي تونۇش كامېراسى ۋە باشقا كەڭ دائىرىلىك تۈيۈقسىز بىۋاستە تەكشۈرۈش ۋە ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
- شەخسىي تېلېفون ۋە كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىدىكى ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىشى خاتىرىسى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ھېساباتىنى خالىغانچە تەكشۈرۈش ، بارلىق شەخسىي ئالاقە قوراللىرىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇش ، ھەمدە تېلېفوندا رۇخسەتسىز يۇمشاق دېتاللارنى ساقلاش ياكى چەكلەنگەن تور بەتلەرنى زىيارەت قىلىشنى يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئەۋەتىشنىڭ سەۋەبى قىلىش .

**پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش:** ئىزچىل ئىلىپ بېرىلغان ، بولۇپمۇ لاگېردىكى ۋە لاگېرنىڭ سىرتىدىكى مەجبۇرى مېڭە يۇيۇش سىياسىي تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ ئۆز پىكرىدە تۇرۇش ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ ، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى باھانە قىلىنغان ھالدا ھېچقانداق بىر سالاھىيەت ياكى شارائىت ئاستىدا بۇ قىلمىش يۈز بەرمەسلىكى كېرەك. بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ، ئىسلام دىنىي ئېتىقادى ۋە تۈرك مۇسۇلمان ئېتنىك-مەدەنىيەت ئۇرپ - ئادەتلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە ئۇلارنى دۆلەت تەستىقلىغان دىنسىز كۆز قاراش ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئالماشتۇرۇش. ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى بولسا ، بۇ ئېتنىك مىللەتلەر ئەزالىرىنى بىرلىككە كەلگەن تىل ، مەدەنىيەت ئاقىلىق مەجبۇرى ئاسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە خىتاي كومپارتىيىسىگە ساداقەتمەن خىتاي مىللىتى ئېڭىنى سىڭدۈرۈش. ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللۇنۇپ ، سابىق تۇتقۇنلارنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە سۆزلىشىنى چەكلەش قىلمىشلىرىمۇ پىكىر ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ. ئىككىنچى بابتا بايان قىلىنغان پىكىر ئەركىنلىك ھوقۇقىنى چەكلەش قانۇنلۇق ۋە مۇۋاپىقلىق چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن.

**باراۋەرلىك ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىق:** شىنجاڭنىڭ سابىق ئاھالىلىرى ۋە باشقا گۇۋاھچىلارنىڭ كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزۈلگەن كەمسىتىش سىياسىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ دوكلاتتا بېرىلگەن گۇۋاھلىقلارمۇ كىشىلىك ھوقۇق چەكلىمىلىرىنىڭ كەمسىتىلىش ئاساسىدا ئىجرا قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سابىق تۇتقۇنلار بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە ، ساقچىلارنىڭ كوچىدا ياكى تەكشۈرۈش پونكىتىدا پەقەت ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىنى توسۇۋېلىنىپ كىملىكىنى ۋە ئۈستى- بېشىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خىتايلار (خەن) - ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ، تېلېفون ياكى ئۈستى ئاختۇرۇلمايلا ۋە سوئال-سوراق قىلىنمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇندىن باشقا ، خىتايلار بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا ياكى «تەربىيىلەشكە» قاتنىشىشقا مەجبۇرلانمايدۇ.

دۆلەت يەنە ئۇچنچى تەرەپ تەرىپىدىن كەمسىتىلىشتىن قوغدىيالمىغان. مەسىلەن ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەزالىرى ئاممىۋى قاتناش ۋە مېھمانخانا ، دۇكان قاتارلىق سودا ئورۇنلىرىغا كىرىشتە تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ، مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان مىللەتلەرگە بولغان مۇئامىلە دۆلەتنىڭ كەمسىتىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، كەمسىتىشنى تۈگىتىش ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيەتلەرگە قەتئىي زىت كېلىدۇ ، شۇڭا بۇ پەقەت دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭلا ئىش ئەمەس ، بەلكى شەخسلەر ۋە باشقا ھۆكۈمەت سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغان بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەت باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىجابىي قەدەملەرنى ئېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**مەجبۇرىي ئەمگەكتىن قۇتۇلۇش:** بۇ دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن دەلىل- ئىسپاتلارغا ئاساسەن ، كەچۈرۈم تەشكىلاتى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم سابىق تۇتقۇنلارغا قىلىنغان ناچار مۇئامىلىلەر ، مەجبۇرى ئەمگەك خەلقئارا ئەھدىنامىسى 29-ماددىسىنىڭ ئېنىقلىمىسىغا ماس كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ يەردە ئۆزلىرى خالاپ قاتناشماسلىق بىلە بىرلىكتە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇش تەھدىتى مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا ، خىزمەت شارائىتىنىڭ ناچار بولىشى ۋە خورلاشقا ئائىت دەلىللەر بار بولۇپ ، بۇ قىلمىشلار بولسا تۆۋەن مائاش بېرىش ، يالغۇز قويۇش ، ھەرىكەت قىلىشنى چەكلەش ، قورقۇتۇش ۋە تەھدىت سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# 8 خۇلاسە ۋە تەكلىپلەر

## خۇلاسە

2017- يىلدىن باشلاپ ، «تېرورلۇق» قا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى نامىدا ، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ياشايدىغان مىليونلىغان مۇسۇلمانلارغا قارىتا كەڭ - كۆلەملىك ۋە سىستېمىلىق زىيانكەشلىك قىلدى. ئىنسانلار ئۇچرىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ناھايىتى زور ، بۇ دەپسەندىچىلىكلەر ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

خىتاي دائىرىلىرى دەسلەپتە بۇ ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى رەت قىلدى. كېيىن ، دەلىل- ئىسپاتلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئوچۇق-ئاشكارە ئىنكار قىلالماي ، ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنى باشقىچە چۈشەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى ، مەسىلەن ، مۇسۇلمانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن «تەربىيىلەش» پروگراممىسىغا قاتنىشىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى «تېرورلۇق» ياكى «ئاشقۇنلۇق» قا قارشى قايتۇرۇلغان قانۇنلۇق ئىنكاس دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھۆكۈمەت غايەت زور مەبلەغ بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى يوشۇرۇشقا سەرپ قىلدى ۋە داۋاملىق سەرپ قىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا ياشايدىغان مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ۋەزىيەت ھەققىدە ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى توستى ، ژۇرنالىستلار ۋە تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ رايونغا كىرىشىنى رەت قىلدى ، كىرگەنلەر ئۈچۈن ئالدىن ھازىرلانغان يەرلەرنى زىيارەت قىلدۇردى ھەمدە بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ھالدا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇرلىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ بۇ باياناتلىرىدىن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. كۆرسەتكەن سەۋەبى قانۇنى ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن پۈت تەرەپ تۇرالمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ھېچكىمنى ئەخمەق قىلالمايدۇ. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ دىنىنى ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بارالمايدۇ ۋە ئۇلار مۇشۇ سەۋەبتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا بېرىش ھېچكىمنىڭ تاللىشى ئەمەس ، ئۇلار بۇ كىشىلەرنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلغان. كۆرسىتىلگەن سەۋەبلەر ھەر قانچە چۈشىنىشلىك ياكى يوللۇق بولسۇن ، بۇ لاگېرلار ھېچقانداق كىشىلەرنى«تەربىيىلەش» نى مەقسەت قىلغان ھالدا قۇرۇلمىغان ، بەلكىم كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. قانۇنلۇق ھالدا بۇ خىلدىكى كىشىلىك ھوقۇق زوراۋانلىقلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ ۋەياكى تېررورىزم تەھدىتلىرىگە قارشى تۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى دەپ قاراپ بۇ قىلمىشلارنى سەۋەبلەشتۈرۈشكە ئەسلا بولمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقى ئەھۋاللارنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ، ئۇلارنىڭ بىر يۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشۋىقات مەنبەلىرىدە ئېنىق نامايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلگەن ساياھەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە مەجبۇرلانغان گۇۋاھلىقلىرى ، ساختىكارلىقلىرىنى قىلچە يوشۇرۇپ قالالمايدۇ بەلكى بۇ ، دائىرلەرنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىدىن قانچىلىك زور دەرىجىدە قورقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىشى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ ، دۇنيا ھازىر شىنجاڭدا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئىشەنچلىك ھۆججەتلەر ، شاھىدلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ، سۈرەتلىك ئىسپاتلاردىن تېنىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان ھەقىقەتلەرنى ئاشكارىلىدى: كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ، بۇ قىلمىشلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، دائىرلەرنىڭ قىلمىشلىرى مۇئەييەن بىر قىسىم ئائىلىلەر توپىنى نىشان قىلغان چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغان بىرەر قانۇنسىز قىلمىشلىرى تۈرتكە بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتى سەۋەبتىندۇر. زىيانكەشلىك قىلىش ، تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قىيناش قاتارلىق قىلمىشلار پۈتۈن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمان ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۋاتقان ئۆز قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا زور كۈچى بىلەن تىرىششى ، دۇنيانى يەنە نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىگە ۋە يەنە نېمە ئىشلارنىڭ ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا قارىتا قارمۇ قارشى خۇلاسە چىقىرىشىغا سەۋەبچى بولماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقتا خىلاپلىق قىلىنغان دەپ گۇمان قىلىنغان ھەرقانداق ئېغىر قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ، توختىتىشقا ، تەكشۈرۈشكە ۋە جازالاشقا مەسئۇل بولۇپ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا تۆلەم تۆلەش كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشنى خالىمىسا ، ئۇنداقتا ئادىل ۋە بىتەرەپ بولغان تەكشۈرۈش ئېلىپ

بېرىپ ، جىنايەت گۇماندارلىرىنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىشقا مەسئۇل بولىشى ، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىپ ، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ، جىنايى قىلمىشلارنى تەكشۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيەتلىرى بار.

شىنجاڭدا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا تۆت يىل بولدى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشتە ئىنتايىن ئاز ئەمەللەرنى قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شىنجاڭدىكى كىشىلەرگە مەسئۇل بولۇشتا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىدى. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» ھەركەتكە ئۆتۈپ ، خىتاينى ئۆز قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىشكە مەجبۇر قىلغۇزىدىغان بىر قانچە تۈرلۈك يوللىرى بار. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئەمەلىي ھەركەتكە ئۆتىدىغان ئالاھىدە يىغىنلارنى چاقىرىپ ، خەۋپسىزلىك كېڭىشى ، ئومۇمي مەجلىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئارقىلىق ، رايوندا جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا لاياقەتسىز بولۇپلا قالماستىن ، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ب د ت دىكى سەھنىللىرىدىن پايدىلىنىپ ، خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئاقلىغان ۋە بۇ ھەركەتلىرى چېكىدىن ئاشقان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كاتىباتلىقى ۋە باش كاتىپ ، كىشىلىك ھوقۇق ئالى كومىسسارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ، ب د ت گە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بەرگەن قارالىرىغا قارىتا مۇستەقىل ھالدا تەدبىر قوللىنىشى كېرەك. يىراقتىن نازارەت قىلىش ۋە ئىگەللىگەن تەپسىلاتلارنى نەشر قىلىش ئارقىلىق بۇ ۋەزىيەتنى تىزدىن تۈزىتىشى ھەم بۇ ھەركەتلەرنىڭ تۈرۈتكىسىدە ، باشقا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىيەتنىمۇ ئوڭشىشى كېرەك. ئۇلار ھازىرغا قەدەر بۇ مەسىلە ھەققىدە ئاممىغا ئوچۇق بايانات ۋە ئاشكارە دوكلات بېرىپ باقمىدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، بۇ خىل تولۇق ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ۋە چېكىدىن زىيادە ئاشقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ھەل قىلالماسلىقى ھەم خىتاينىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالالماسلىقى ، ب د ت نىڭ ئابرويىغا چۈشكەن بىر داغ بولۇپ ، نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئۇلار- ئۆزلىرىنىڭ تىگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ ئەھۋال ئېنىقكى ، ئۇ يەردىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى كىشىنى قاتتىق ئەنسىرىتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭدىكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ چېكىۋاتقان ئازابلىرىغا كۆزنى يۇمۇۋېلىپ تۇرۇشى ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېر شاھىتلىرى ۋە پائالىيەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىدىغان كۆرۈنەرلىك خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىشىنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئادىمىيلىك ئىززەت - ئابروينى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش تىرىشچانلىقلىرىغا قوشقان ئۈنۈملۈك تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئەزا دۆلەتلىرى چوقۇم بۇ ۋەزىيەتنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىنى جىددى تېپىپ چىقىشى كېرەك.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2017-يىلدىن كېيىن ، شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغان بىر خىتاينى زىيارەت قىلدى. شىنجاڭدىكى ۋاقتىلىرىدا ، ئۇ بىر مۇسۇلمان دوستىدىن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ خەۋەرلەردە بېرىلگەندىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان. بۇ كىشى ، ئۇ دوستىدىن نىمىشقا بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلىمىگەنلىكىنى سورىغاندا ، ئۇنىڭ دوستى: «بىز ئاۋۋال ھايات قالايلى» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ كىشىنىڭ سۆكۈتتە تۇرۇشنى چۈشىنىشكە بولاتتى. بىراق ، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان مۇتلەق كۆپ قىسىم مۇسۇلمان ئاز- سانلىق مىللەتلەردىن سىرت ، دۇنيانىڭ بۇ ۋەزىيەت توغرىسىدا ئۈنسىز تۇرۇشى ، ھەقىقەتنى ئاشكارىلاشقا ئۇرۇنماسلىقى ، قىلالايدىغان ھەر قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ بۇ دەپسەندىچىلىكنى تۈگىتىشكە كۈچ چىقارماسلىقى ۋە جىنايى جاۋابكارلىقلارنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرۇشىغا ھېچقانداق بىر ئورۇنلۇق سەۋەبلەر يوق. ھېچ بولمىغاندا شىنجاڭدىكى كىشلەر مۇشۇنداق قىلىشقا ھەقلىقتۇر.

# تەكلىپلەر

## خىتاي ھۆكۈمىتىگە

- شىنجاڭدىكى بارلىق يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى تاقىشى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ياكى تۈرمە قاتارلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى بارلىق كىشىلەرنى خەلقئارادا قوبۇل قىلىنىدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە دائىر يېتەرلىك ئىشەنچ ۋە ئېتىراپ قىلىنىدىغان پاكىت بولمىسا دەرھال قويۇپ بېرىشى ، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىنىدىغان تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا يۆتكىلىشى ھەم خەلقئارا ئۆلچەملەر بويىچە ئادىل بولغان سوتقا چىقىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.
- تۇتۇپ تۇرۇلغۇاتقانلارنىڭ داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلىشىغا قانۇنلۇق قارشى چىقىشىغا يول قويۇش.
- لاگېر ، تۈرمە ياكى باشقا تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغۇاتقان كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ، جۈملىدىن چەتئەلدە ياشايدىغانلارغا تۇتۇپ قېلىشىنىڭ يازما سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا رەسمىي ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەش .
- شىنجاڭدىكى «كەسپىي تەربىيلەش» ، «ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەربىيلەش» ۋە «ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش» مەركەزلىرىنى (يەنى جازا لاگېرلىرىنى) تاقاش .
- ھەر قانداق كىشىنىڭ خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇلىشى ، مەجبۇرىي غايىب بولۇشى ، قىيناش ياكى باشقا ناچار مۇئامىلىلەرگە دۇچار بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش .
- ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئالدىدا ، بۇ لاگېرلارغا ئېلىپ كېلىنگەن ياكى قامالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان ئادۋوكات ، مۇستەقىل تېببىي خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن تېز ھەم قەرەللىك زىيارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش .
- خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا بۇ خىل ئالاقىگە ئالاھىدە چەكلىمە قۇيۇلمىغان بولسىلا ، شىنجاڭدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە باشقىلار ، جۈملىدىن باشقا دۆلەتلەردە ياشايدىغانلار بىلەن ئەركىن ئالاقە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش .
- ئۇيغۇر ، قازاق ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ، جۈملىدىن خىتايدىن ئەركىن ئايرىلىش ۋە قايتىش ھوقۇقىغا يول قويمايدىغان چەكلىمىلەرنى ، يەنى بۇ خىل بارلىق قانۇن-نىزاملارنى تۈزىتىش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، ھەم پۈتۈن مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ۋە ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش.
- مۇسۇلمانلار ۋە باشقا بارلىق دىنىي ياكى ئېتىقاد ئاممىسى ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز دىنىنى ياكى ئېتىقادىنى تاللىشىغا ۋە ساقلاپ قېلىشىغا يول قويۇش ، ھەمدە بۇلارنى ئوچۇق-ئاشكارە ھەم خۇسۇسىي ھالدا دۇئا-تىلاۋەت قىلىش ، ئىجرا قىلىش ۋە ئوقۇتۇش قاتارلىق  دىنىي ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيەتلىرىنى  تىنچ ھالدا نامايان قىلىشىغا ۋە ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇش .
- دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ياكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا بارلىققا كەلگەن ھەر قانداق قانۇنىي ماددىلارنىڭ ئېنىق ۋە تەپسىلىي ئېنىقلىمىسى ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە ئۆلچىمىگە ماس كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش.
- شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ، قازاقلار ياكى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن خەلقئارا قانۇن ۋە ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق جىنايى جاۋابكارلىقى بار دەپ گۇمان قىلىنغان ھەر قانداق ئادەمنى تەرەپسىز ، مۇستەقىل ، تېز ، ئۈنۈملۈك ۋە ئاشكارا بىر تەرەپ قىلىش. ئەيىبلەنگەن جىنايەتچىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا مۇراجىئەت قىلماستىن سوتقا ئادىل تارتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.
- ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى ، مۇستەقىل كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرگۈچىلىرى ۋە ژۇرنالىستلارنىڭ شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جايلارغا كىرىشىگە يول قويۇش .
- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسار ئىشخانىسى ، ئالاھىدە تەرتىپلەر ۋە ب د ت باشچىلىقىدىكى باشقا تەكشۈرۈشلەر ياكى باشقا مۇستەقىل خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش مېخانىزمى بىلەن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىش.

- خەلقئارا قانۇن ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى بويىچە سابىق تۇتقۇنلار ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى خەلقئارا قانۇن ۋە ئۆلچەملەر ئاساسىدا تولۇق ، ئۈنۈملۈك ، جىنس پەرقلەندۈرۈلمىگەن ھالدا ۋە ئەھۋالغا يارىشا تۆلەم پۇللىرى بىلەن تەمىنلەش.
- قايتۇرماسلىق پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىپ ، شەخسلەرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى توختىتىش .
- چەتئەللەردە ياشايدىغان خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئۇيغۇر ، قازاق ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان ھەر خىل پاراكەندىچىلىك ۋە تەھدىتلەرنى توختىتىش .

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە

- ئالاھىدە يىغىن ياكى جىددىي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ ، شىنجاڭدا خەلقئارا قانۇن ۋە باشقا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق جىنايى قىلمىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن مۇستەقىل خەلقئارالىق مېخانىزم ئورنىتىش ، گۇمانلىق جىنايەتچىلەرنى بېكىتىش ئارقىلىق جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش قارارىنى ماقۇللاش. مېخانىزم تۆۋەندىكىچە بولۇشى كېرەك:
  - يېقىندىن كۆزىتىش ، تەھلىل قىلىش ، دوكلات قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكلىپلىرىنى بېرىش ، ھەمدە خەلقئارا قانۇن ۋە باشقا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق جىنايەتلەرگە ئائىت دەلىل-ئىسپاتلىرىنى توپلاش ، ساقلاش ، بىرلەشتۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ؛
  - كەلگۈسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە ئەدلىيە مېخانىزمى ئارقىلىق خەلقئارا ئادىللىق ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان ۋە ئۆلۈم جازاسىغا چېتىلمايدىغان جىنايى ئىشلار قانۇنى ئۆلچىمىگە ئاساسەن دېلو تۇرغۇزۇش مەجبۇرىيىتى بار ؛
  - خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى ، بىخەتەرلىك قىسىم قوماندانلىق تۈزۈلمىسى ، جىنسىي ۋە باشقا جىنسنى ئاساس قىلغان زوراۋانلىق ، بالىلار ھوقۇقى ، مېيىپلار ھوقۇقى ، سىن ۋە سۈرەتنى دەلىللەش ۋە ئەدلىيىلىك ئانالىز قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ؛
  - ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مالىيە ۋە تېخنىكا قاتارلىق يېتەرلىك مەنبەسى بولۇشى ؛ ۋە
  - كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە ب د ت ئومۇمىي يىغىنىغا ، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ھەمدە ب د ت نىڭ باشقا ئالاقىدار بۆلۈملىرىدىن رايوندىكى ۋەزىيەتكە ئائىت قەرەللىك ، يېڭىلانغان ۋە ئەتراپلىق دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ ؛

## ب د ت ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە

- ب د ت نىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرى ، شۇنداقلا پۇقرالار جەمئىيىتى ئەزالىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا قەرەللىك ، رەسمىي ، ئوچۇق يىغىن ئېچىشى ۋە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ يېڭى ۋەزىيەتنى بىۋاستە خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشىغا يول قويۇش.
- خىتاي دائىرىلىرىگە بۇ ئەھۋالنى ئەيىبلەيدىغان ، يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسى ۋە ئۇيغۇر ، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان بارلىق قانۇن ، نىزاملار ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئۇچۇر بېرىدىغان بىر قارار ماقۇللاش. بۇ قارار مۇستەقىل كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرگۈچى خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا دەرھال ۋە ئەركىن زىيارەتكە بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

## ب د ت ئومۇمىي يىغىنىغا

- ئەگەر ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى قارار ماقۇللىيالمىسا ، ئۇنداقتا شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى توغرىسىدا شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلەيدىغان كۈچلۈك ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپلىق قارار ماقۇللاش ، بولۇپمۇ بۇ خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىنىشى كېرەك.

- شنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈش ، دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلاش ، قوغداش ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە ئەيىبلەش دەۋاسىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ، ب د ت رەھبەرلىكىدىكى مېخانىزمنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش. بۇ مېخانىزمنىڭ مالىيە ، تېخنىكا ۋە باشقا ياردەملەر بىلەن تەمىنلىنىشىنى كاپالەتلىك ئىگە قىلىش. ئەگەر ب د ت نىڭ باشقا ئورگانلىرى بۇ خىل مېخانىزمنى ئورنىتالمىسا ، ئەڭ تېز سۈرەتتە ئومۇمىي يىغىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش دەرھال تەكشۈرۈش مېخانىزمنى ھاسىل قىلىشى كېرەك .

## ب د ت نىڭ باش كاتىپىغا

- خىتاي دائىرىلىرىگە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان ھەرىكىتى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكى ۋە دەرھال ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق ۋە ئاشكارا ئۈچۈر بېرىش .
- ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى ئىشخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاپپاراتلىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ خىتاي ۋەزىيىتىنى نازارەت قىلىش ۋە دوكلات قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا سۆز قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى كاپالەتلىك ئىگە قىلدۇرۇشى كېرەك .

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىغا

- شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنى يېراقتىن نازارەت قىلىش ۋە باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ ، ئومۇمىي يىغىننىڭ 141/48 قارارىدا بەلگىلەنگەن مۇستەقىل بۆيرۇقىغا ئاساسەن ، كېيىنكى قەدەمدىكى كونكرېت تەۋسىيەلەر بىلەن شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنى ئاشكارا دوكلات قىلىش .
- كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 31/45 قارارىغا ماس ھالدا ، كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ۋەزىيەتنى جىددىي مەسىلە سۈپىتىدە قىسقىچە بايان قىلىش ، بۇ قارار ئالىي كومىسساردىن « كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى- تەرۇز قىلىش ئەندىزىسى جىددىي كىشىلىك ھوقۇق خەۋپىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ... كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى ۋە كۆزەتكۈچىلەرنىڭ دىققىتىگە ۋەزىيەتنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ، شۇنداقلا مەلۇم بىر شەكىلدە دوكلات بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن ئېنىق تەلەپ قىلىش كېرەك.

## پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتكە

- بارلىق ئىككى تەرەپلىك ، كۆپ تەرەپلىملىك ھەم رايونلۇق ئىمكانىيەتلىرىگىزدىن پايدىلىنىش ، جۈملىدىن ب د ت دە بېرىلگەن ھوقۇقلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ، خەلقئارا قانۇنلار بويىچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش جىنايەتلەرنى دەرھال توختىتىشقا ھەم مۇستەقىل كىشىلىك ھوقۇق تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ چەكلىمىسىز ھالدا كىرىشىگە يول قويۇشىغا چاقىرىق قىلىش ، بۇ يەنە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كەمسىتىلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش تۈزۈملىرىنى بىكار قىلىشقا دەۋەت قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
- شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق ۋە زىيانكەشلىكتىن قاچقان بارلىق كىشىلەرنىڭ دۆلىتىڭىزگە كېچىكتۈرمەستىن ۋە چەكلىمىسىز كىرىشىگە يول قويۇلسۇن. ئەگەر ئۇلار ئۆمىد قىلسا ، ئۇلارنىڭ ئادىل ۋە ئۈنۈملۈك بولغان سىياسى پاناھلىنىش رەسمىيىتىگە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىڭ. ئەگەر ئۇلار قايتۇرۇلۇشقا دۇچار بولسا ، قانۇن مەسلىھەتچىلىرى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىنىش خەۋپلىرىنى ئىنچىكە باھالاش ، ھەمدە چىقىرىۋېتىش بۇيرۇقىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىغا يول قويۇلسۇن.
- شىنجاڭدىن كەلگەن مۇساپىرلار ۋە پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كىشىلەرگە قارىتا قايتۇرماسلىق پرىنسىپى قاتتىق ئىجرا قىلىنسۇن ۋە قوللىنىلسۇن. بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋېتىش توختىتىلسۇن ھەمدە قىيىن- قىستاق ، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ، مەجبۇرىي غايىب بولۇش ، ئادىل سوت قىلىش ھوقۇقىنى ئوچۇق-ئاشكارە رەت قىلىش ، سىستېمىلىق كەمسىتىش ياكى زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دۇچار بۆلىدىغان يەرگە ھېچ بىر كىشىنىڭ قايتۇرماسلىقى كاپالەتلىك ئىگە قىلىنىشى كېرەك.

## خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدايدىغان دۇنياۋى ھەرىكەت تەشكىلاتىدۇر. ئەگەر بىر كىشى ناھەقچىلىككە ئۇچرىسا، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئازابىدۇر.


بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ

info@amnesty.org

+44 (0)20 7413 5500

سۆھبەتلىرىمىزگە ئىشتىراك قىلىڭ

www.facebook.com/AmnestyGlobal

@Amnesty

# «بىز خۇددى ئۇرۇشتىكى دۈشمەنلەردەك بولۇپ قالدۇق»

## خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ، تەن جازاسى بېرىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشلىرى

2017-يىلىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى«تېررولۇق» قا قارشى تۇرۇش قالپىقى ئاستىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا زور دەرىجىدە سىستېمىلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارماقتا. ھۆكۈمەتنىڭ تۇتقان يولى تېررولۇق تەھدىتىگە قارىتا قانۇنلۇق ئىنكاس قايتۇرۇش بولماستىن، كوللېكتىپ ھالدا شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ دىنىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئاساس قىلغان، چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ۋە تەھدىت ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي دىنىنىي ئېتىقادى ۋە تۈركى - مۇسۇلمانلىق ئېتنىك مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش نىيىتى ئاشكارا بولماقتا.

بۇ سىياسىي سىڭدۇرۇش ۋە مەجبۇرى مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خالىغانچە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنى قانات يايدۇردى. غايەت زور ساندىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان مىللەتلەردىن بولغان ئەر-ئاياللار قولغا ئېلىنغان. يىغىۋېلىش لاگېرى سىستېمىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش زور كۆلەملىك ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى .

بۇ دوكلاتنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە خۇلاسىسى بولسا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلارنىڭ سابىق تۇتقۇنلىرىدىن ۋە 2017- يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا تۇرغان بىر قىسىم كىشىلەردىن توپلىغان بىرىنچى قول ئىسپاتلىرى، شۇنداقلا سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىش ئاساسىدا چىقىرىلغان. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلات توپلىغان دەلىل - ئىسپاتلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە تۆۋەندىكىدەك ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىقىنى پاكىتلار ئاساسىدىكى يەكۈن بىلەن تەمىنلەيدۇ: خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۈرمىگە تاشلاش ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىش، قىيناش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش.

خىتاي ھۆكۈمىتى دەرھال بارلىق يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى تاقىشى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ياكى تۈرمە قاتارلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى بارلىق كىشىلەرنى خەلقئارادا قوبۇل قىلىنىدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە دائىر يېتەرلىك ئىشەنچ ۋە ئېتىراپ قىلىنىدىغان پاكىت بولمىسا قويۇپ بېرىشى كېرەك. بۇ دوكلاتتا ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ۋە باشقا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنى مۇستەقىل ۋە ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. جىنايى جاۋابكارلىقى بار دەپ گۇمان قىلىنغانلار ئادىل سوتتا ئادالەتكە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. بولۇپمۇ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ياكى ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى مۇستەقىل خەلقئارالىق مېخانىزم قۇرۇپ، شىنجاڭدىكى جىنايەتلەرنى خەلقئارا قانۇن ئاساسىدا تەكشۈرۈشى ۋە باشقا جىددى كىشىلىك ھوقۇق زوراۋانلىقى ۋە خورلاش جىنايەتلىرىنى ئۆتكۈزگەن گۇماندارلارنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلىشى كېرەك.

AMNESTY INTERNATIONAL

Index: ASA 17/4137/2021
2021- يىلى ، ئىيۇن
amnesty.org